ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئەرشلەر بوسۇغسىدا

## مۇھەررىردىن

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1923-يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. 1942-يىلى ئۈرۈمچىدە سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاساسەن مەدەنىيەت-مائارىپ سېپىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مۇدىر، گېزىت-ژۇرناللاردا مۇخبىر، تەرجىمان، مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981-يىلدىن 1989-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ھازىرمۇ، شۇ ئىنستىتۇتنىڭ تەتقىقاتچىسى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 40-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «يۈرەك مۇڭلىرى»، «تارىم بويلىرى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق ئۈچ شېئىر توپلىمى، «قەشقەر كېچىسى»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانلىرى، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانلىرى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بىرمۇنچە شېئىر، داستانلىرى خەنزۇچە ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. «قەشقەر كېچىسى» بىلەن «ئويغانغان زېمىن» 1-ۋە 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاشتا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا 40-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تىل ۋە ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، بىرمۇنچە ماقالىلەرنى ئېلان

تىلى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىر مۇنچە ئالىملار قاتارىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىگىمۇ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ كەڭ زېمىن يارىتىلدى. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە—«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاشقا مۇھىم ھەسسىلەرنى قوشتى؛ بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە، جۈملىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولغىنى ئۈچۈن، 1984-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىلغار پەن-تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى «بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشھۇر كىشىلىرى قامۇسى» (بېيجىڭ، 1992-يىل نەشرى)، «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى تەرجىمىھالى» (سىچۈەن قامۇس نەشرىياتى، 1993-يىل نەشرى)، «جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كاتالوگى» (شاڭخەي، 1993-يىل نەشرى) قاتارلىق قامۇسلارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يۈرگۈزگەن تەتقىقاتلىرىنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا ئاپتورنىڭ 13 پارچە ماقالى-

سى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان؛ بىر قىسمى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، ئايرىملىرى مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەلدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. تاللاپ رەتلەنگەن بۇ ماقالىلەر «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلغىنى ئۈچۈن، ئايرىم پاكىت ۋە مىساللار تەكرارلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە

### «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى


قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — «قۇتادغۇبىلىك» .......................... 1
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ.......................... 42
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى.......................... 65
«قۇتادغۇبىلىك» تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى تېمىسى...... 85
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شېئىرىي قىممىتى.......................... 108


### تارىخ ۋە ئەدەبىيات


«يىپەك يولى» دىكى ناخشا ساداسى .......................... 142
چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى.......................... 158
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى.......................... 200
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى .......................... 223
رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى.......................... 244

## مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتى ........ 256
«ئون ئىككى مۇقام»غا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە
مۇلاھىزىلەر .................................... 268
قومۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە بەزى ئۆز-
گىچىلىكلىرى ...................................... 294

# قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — «قۇتادغۇبىلىك» *

قوشاق، چۆچەك، مەقال، رىۋايەت ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى مىلادى VI، VII ئەسىرلەردىن XII ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرى «ئورقۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» شەرق ئەللىرى تارىخى بىلەن ۋەتىنىمىز تارىخىدا پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى ۋە بىۋاسىتە مەھسۇلى بولغانلىقى، جۈملىدىن، ئىنسانلىقنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم ساھەلىرى (مەسىلەن: ئەقىل-پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق ۋە پەزىلەت) بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى پىكىرلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن نامايان قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ۋا-

* بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

رىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا يۇقىرى بالداقا كۆتۈرگەنلىكى، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە تامامەن يېڭى بىر دەۋر ئاچقانلىقى، ناھايەت، ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن جاھان ئەدەبىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق بىر نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، جاھانشۇمۇل تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە. دۇنيا بويىچە نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ كىتاب بىلەن شۇغۇللاندى ۋە شۇغۇللانماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (جۈملىدىن كونا روسىيە)، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، دانىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن رادلوف، بارتولد، مالوف، سامايلوۋىچ، بېرتېلس، پېرتساك، ۋامبېرى، ئوتتونولبېرت، تومسېن، بومباچى، بروكلمان، ھارتمان، فىتىردىت رەشىتى، مىيان بۇزرۇك، زەكى ۋەلىدى، رىشىت رەھمەتى ئارات، كوپرولۇ فۇئات، سەدرى مەخسۇدى، دىلاچار، كافەسوغلو قاتارلىقلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كۇپايە، مۇندىن تاشقىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن تۈركىيە تىل جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر خېلىدىن بېرى «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە كوللېكتىپ تەتقىقات ئۆتكۈزۈپ كەلدى.

ھەقىقەتەنمۇ XI ئەسىردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋە مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربا-

بى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدىشى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تۈركولوگىيىنىڭ بوۋىسى ۋە ئاساسچىسى، شۇنداقلا جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇستازى ھېسابلانماقتا. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس نادىر ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭمۇ ئىپتىخارىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ باي مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەردىن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىدۇر.

## بىرىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات

### 1. ئەسەر نامى ۋە ئەسەر ھەققىدە چۈشەنچە

مەلۇمكى، «قۇت» سۆزى تۈركىي تىلدا ناھايىتى قەدىمدىن بۇيان بەخت ـ دۆلەت ياكى سائادەت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئادغۇ» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن «قۇتادغۇ» ـ «بەخت ـ دۆلەت بەرگۈچى» ياكى «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى» دېگەن ئۇقۇم ھاسىل بولغان. «بىلىك» ـ بىلىم ياكى ئىلىم دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆزنى «بەخت ـ سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى. ۋامبېرى، رادلوف ۋە تومسېن، كوپرۇلۇفۇئات قاتارلىق ئالىملارمۇ، خۇددى شۇ مەنىدە «بەخت ـ سائادەت بىلىمى» دەپ تەرىپلەيدۇ.

لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭ-

قۇرلىشىشنى ئەگىشىپ، بەزى ئالىملار پەقەت «بەخت ـ سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دېگەن تەبىر بىلەن قانائەتلەنمەي، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «پادىشاھلارغا لايىق بىلىم»① دېسە، بەزى ئالىملار، مەسىلەن: پروفېسسور كافسۇغلۇ «ھۆكۈمرانلىق ئىلمى»، «ھاكىمىيەت ئىلمى»، «دۆلەتشۇناسلىق ئىلمى»، «دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئېرىشىش ئىلمى» دەپ باھا بەرگەن.② پروفېسسور سەدرى مەخسۇدى «ھوقۇق (قانۇن) شۇناسلىق دەستۇرى» دەپ قارايدۇ.③ پروفېسسور رىشىت رەھمىتى ئارات كىتاب مۇئەللىپىنىڭ:

كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىگ

قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ

(كىتابقا: «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم، ئوقۇغان كىشىنى قۇتلۇق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسەتسۇن) دېگەن ئىزاھاتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «قۇتادغۇبىلىك» ـ «ئىنسانغا بەخت ـ سائادەتلىك بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى بىلىم» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.④

ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتلاردىن كېيىن، ئىلىم دۇنياسىدا بۇ كىتاب توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەيدانغا كەلدى: كېيىنما-

---

① ۋ. گ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى ھەققىدە 12 لېكسىيە»، 121- بەت، 1927-يىل، ئىستانبول.

② ئى. كافسۇغلۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 34-بەت، 1980-يىل، ئىستانبۇل.

③ سەدرى مەخسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 93-، 97-بەتلەر، 1947-يىل، ئىستانبول.

④ رىشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» 1-توم، مۇقەددىمە، 25-بەت، 1979-يىل، ئەنقەرە.

نىيە، ئالىمى ئوتتو ئولبېرت «قۇتادغۇبىلىك»نى ئارىستوتېل بىلەن ئىبىن سىنانىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىدە يېزىلغان بىر پەلسەپە كىتابى دەپ ھېسابلايدۇ. تۈركىيە ئالىمى كوپرۇلۇفۇئات بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆز ئىچىگە ئالغان پىكىرلىرى ئېتىبارى بىلەن ئىبىن سىنا تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك»① دەيدۇ. روس ئالىمى ئا. ساماﻳلوۋىچ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىي جەھەتتىن باغلىنىش بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. ۋېنگرىيە، ئالىمى ۋامبېرى بىلەن ج. تېيۇرى ۋەرۇس ئالىمى بارتولد «قۇتادغۇبىلىك» تە قەدىمكى جۇڭگو ۋە ئىران پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ② . ئىتالىيە ئالىمى ئا. بومباچى «بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تامامەن ئورىگىنال (باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان) بىر ئەسەردۇر. ئىرانلىقلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە «شاھنامەئى تۈركى» (تۈركىي تىلىدىكى شاھنامە) دەپ نام بەرگەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «شاھنامە» ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر جىددىي مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ»③ دەيدۇ. پروفېسسور سەدرى مەخسۇدى مۇنداق دەيدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئابىدىسى، بۇ ئەسەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر مەدەنىي مۇھىتىدا ئەسىرلەردىن بۇيان

---

① فۇئات كوپرۇلۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» 1-توم، 198-بەت، 1926-يىل، ئىستانبۇل.

② فۇئات كوپرۇلۇ: «تۈركى تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» 27-بەت، 1934-يىل، ئىستانبۇل.

③ ئا. جافەروغلۇ: «تۈرك تىلى تارىخى» 2-توم، 55-بەت، 1964-يىل، ئىستانبۇل.

توپلانغان ئەخلاق، سىياسەت ۋە ھوقۇق (قانۇن) غا دائىر
پىكىرلەرنىڭ خۇلاسىسىدۇر»، «ھەممىدىن دىققەتكە ئەرزىيدىغى-
نى شۇكى، فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» سىدە ئەپسانىۋى
ئىران تارىخىنى تەسۋىرلىگەن بولسا، تۈركىي خەلقلەر مۇتەپە-
ككۇرى يۈسۈپ دۆلەت ئىدارىسىدىن، ھوقۇقتىن، ئىجتىمائىي
ئەخلاقتىن بەھس قىلىدۇ.»① پۈتۈن ئۆمرىنى «قۇتادغۇبىلىك»
تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات مۇنداق
دەيدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» نە ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغۇچى بىر تارىخ؛
نە رايون-جاي ۋە شەھەرلەرنى تەسۋىرلىگۈچى بىر جۇغراپىيە؛
نە دىن كىشىلىرىنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى توپلىغان بىر كىتاب؛ نە
ھېكىمەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ۋە نە
شەيخلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە تايانغان نەسىھەتنامىدۇر.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك مەنسەپ ئەھ-
لىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تەمسىز مەجاز (مېتافورا)لار
بىلەن ئەخلاق دەرسى بەرگۈچى قۇرۇق نەسىھەتچى ئەمەس،
بەلكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ
جەمئىيەت ھەم دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرى-
دىغان بىر ھايات پەلسەپىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كەڭ
مەنىدىكى بىر مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»
ناملىق ئەسىرى ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بەللە باشقا جەھەتلەر-
دىمۇ تامامەن ئورىگىنال بىر ئەسەردۇر.»②
جاھان مىقياسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەت-

① سەدرى مەخسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 39-، 97-
بەتلەر، 1947-يىل، ئىستانبول.
② رەشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» 1-توم، 24-
بەت، 1947-يىل. ئىستانبول.

قىقات بىر ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلماقتا. زامان ئۆتكەنسېرى، يېڭى-يېڭى نەتىجىلەر مەيدانغا كەلمەكتە. دېمەك، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى ناھايىتى زور دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەتىنى بولغان بىزنىڭ ئېلىمىزدە تەتقىقات ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسەر تىلىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا تېخىمۇ زور نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان يېڭى تۆھپىسى بولاتتى.

## 2. كىتابنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىلىرى

بۇ كىتاب مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلى ۋە ئارۇزۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 6645 بېيىت، يەنى 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە 85 بابقا بۆلۈنگەن. ئەپسۇسكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى تېخى تېپىلمىدى. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى كېيىنكى چاغلاردا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى — مىلادى 1439-يىلى يەنى «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىپ 370 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھېرات شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە 1474-يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 1790-يىلى ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر-پۇرگىستال ۋېناغا ئاپىرىپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان (ھازىر مۇشۇ يەردە ساقلانماقتا). XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن

باشلاپ، ۋېنگرىيەلىك شەرقشۇناس گېرمان ۋامبېرى ۋە رۇس ئالىملىرىدىن ۋېلگېلىم رادلوف بۇ كىتابنىڭ تۇنجى قېتىم قىسمەن ترانسكرىپسىيە ۋە قىسمەن تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

قاھىرە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، جەمئىي 5400 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇ نۇسخىنى قاھىرە «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسىنىڭ نېمىس مۇدىرى دوكتور مورتىز 1896-يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان. كېيىن تۈركىيە تىل جەمئىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فوتوسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ، 1943-يىلى شۇ پېتى بېسىپ چىقارغان.

پەرغانە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، جەمئىي 6095 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇنى تۇنجى قېتىم 1914-يىلى زەكى ۋەلىدى توغان پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىن تاپقان ۋە شۇ چاغلاردا رۇس جامائەتچىلىكىگە بىر قۇر تونۇشتۇرغان. بۇ نۇسخا ئارىدا بىر زامان يوقىلىپ كېتىپ، 1924-يىلى ئۆزبېك ئالىمى پروفېسسور فىترەت تەرىپىدىن قايتا ئاشكارىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. 1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىملىسىنى تۈركىيە تىل جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. تۈركىيە تىل جەمئىيىتى 1943-يىلى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشىردىن چىقارغان*. ئاندىن كېيىن، دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇ نۇسخىلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947-يىلى

* نۇسخىلار توغرىسىدىكى مەلۇمات ئا. دىلاچارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ناملىق كىتابىنىڭ 38-، 39-بەتلىرىدىن ئېلىندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تولۇق مەتىن (تېكىستى) نى ترانسكرىپ-
سىيە بويىچە، نەشىردىن چىقاردى ۋە 1959 - يىلى ھازىرقى
زامان تۈركچىسىگە قىلىنغان نەسرىي تەرجىمىسىنى ئېلان قى-
لىندى. رەشىت رەھمەتى ئارات تۈزۈشكە باشلاپ، ئۆمرى يار
بەرمىگەنلىكتىن تاماملىنالماي قالغان «‹قۇتادغۇبىلىك› ئىندېكسى»
(سۆزلۈكى) نى، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەر-
ىپىدىن تولۇقلىنىپ 1979 - يىلى نەشر قىلىندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلىدە قايسى يېزىق بىلەن يې-
زىلغانلىقى مەسىلىسىدە، بەزىلەر بۇ كىتاب يېزىلغان چاغلاردا
ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار تەرىپىدىن رەسمىي دۆلەت دىنى
سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ۋە ئەرەب تەسىرىنىڭ كۈچەي-
گەنلىكىگە، شۇنىڭدەك «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدىكى:

بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىق تۇرۇر
بىلىگ لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر

دېگەن بېيىتتا، يەنى «ل» ھەرپىنىڭ ئەرەبچىدە «لام» دەپ
ئوقۇلىدىغانلىقىغا قاراپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتابنى
ئەرەب يېزىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرگە كې-
لىدۇ. دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات بۇ پىكىرگە قوشۇلماي،
ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ قاراخانىلاردا ئەرەب يېزىقى بىلەن
بىللە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭمۇ باراۋەر قوللىنىلغانلىقىنى،
ھەتتا ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدە ياركەنتتە تۈزۈلگەن مەھكە-
مە قارارلىرىنىڭمۇ شۇ ئىككى خىل يېزىقتا بولغانلىقىنى، بۇ
ۋەسىقىلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى شاھىتلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىم-
زا قويغانلىقىنى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت - تۈرك»
تە بەرگەن مەلۇماتى بويىچە، ئېيتقاندا، قەشقەردىن يۇقىرى
چىنغىچە پۈتۈن تۈرك ئۆلكىلىرىدە ھۆكۈمدار ۋە بەگلەرنىڭ

يارلىق مەكتۇپلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلىپ، ئىدارە، (ھۆكۈمەت) ئىشلىرىدا بۇ يېزىقنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا ۋە ئىراندىكى بەزى تۈركىي دۆلەتلەردە XII ئەسىرگە قەدەر ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دەپ قوبۇل قىلىش، ھازىرچە، ھەممىدىن توغرا بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ①. دېمەك، بۇ مەسىلە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 3. كىتاب مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تىپ خۇسۇسىيىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدىكى ماتېرىياللاردىن باشقا تولۇقراق مەنبە يوق:

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغۇ② قىلدى قوزغۇن تۈسى تەگ باشىم.
ئۇقىر ئەمدى ئالتمىش ماڭاركەل تىيۇ،
بۇ سۈغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ.

يەنى:

(تەگكۈزدى ماڭا قولىنى ئەللىك يېشىم،
قوغۇ قىلدى قوزغۇن تۈسىدەك بېشىم.

---

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» 1-توم، مۇقەددىمە، 32-بەت، 1947-يىل، ئىستانبول.

② قوغۇ — ئاققۇ.

مېنى قېرىتىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل،
باردۇرمەن نېرى كەر يەتمىسە ئەجەل)

بۇ بېيىتلارغا قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغاندى. «يىل ئالتمىش ئىككى ئەردى تورت يۈز بىلە...» «توكەل ئون سەكىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز...» دېگەن قۇرلارغا قارىغاندا، بۇ كىتاب ھىجرىيىنىڭ 462-يىلى (مىلادى 1069-يىلى) جەمئىي 18 ئايدا يېزىلىپ بولۇنغان. شۇنىڭغا قاراپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تەخمىنەن مىلادى 1019—1020-يىلى تۇغۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ تۇغۇلغان يېرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بالاساغۇن ئىدى. بۇ شەھەر مىلادى VII ئەسىردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ، تارىختا بالاساغۇن، ۋالاساقۇن، بىلادساغۇن دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ پىشپەك ئوبلاستىدىكى «ئاق پېشىن» دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ. مىلادى 893-يىلى قاراخانىلار پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرگەندىن كېيىنمۇ، بالاساغۇن قاراخانىلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن (ئۇ چاغدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى قەشقەر، سەمەرقەنت، بۇخارا، فاراب، شاش ياكى تاشكەنت ۋە بالاساغۇن ئىدى). «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان زامانلاردا قەشقەر پايتەخت ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى بالاساغۇندا يېزىشقا كىرىشىپ، 1068-يىلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە بىر زامان ئەمگەك قىلغاچ، 1069-يىلى پۈتتۈرگەن*.

---

* ئا. دىلاچار: «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» 23-بەت، 1972-يىل. ئەنقەرە.

ئاندىن ئۇنى قاراخانىلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان بۇ كىتابنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» (بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ خاس ھاجىپ) لىق* ئۇنۋانىنى بەرگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر قاراخانىلار ئوردىسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە پۈتۈن ھاكىمىيەتكە تەسىر ئۆتكۈزەلەيدىغان مەۋقەگە ئېرىشتى. شائىرنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق كىتابنى يازغان چاغلىرى (ئەللىك ياشلىرى) دىلا جىسمانى ئاجىزلىق، قېرىلىقتىن شىكايەت قىلىپ:

تاتىغ ئەردى بارچە يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.
(يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئېشىم)

قادىڭتەگ بۇدۇم ئەردى ئوقتەگ كۆنى تۈز،
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تەگىتتىم.
(قېيىندەك بويۇم ئەردى ئوقتەك دۇرۇست، تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىلتتىم)

دېگىنىگە قاراپ بەزى ئالىملار شائىرغا ئۇزۇن ئۆمۈر نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ.

* «خاس ھاجىپ» — (ئەرەبچە) ئارىچى، ۋەكىل، ۋەكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، خاس مەسلىھەتچى دېگەن مەنىلەر-دىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ سۆزنىڭ قە-دىمكى تۈركچىسى «تاياڭۇ» يەنى سەلتەنەت تايانچىسى، دۆلەت تۈۋ-رۈكى، ئەڭ ئىشەنچلىك زات، دېمەكتۇر («دىۋانۇ لۇغەتىت- تۈرك» فاكسىمىل نۇسخا، 230-بەت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيەردە ۋە قانچىلىك تەھسىل كۆرگەنلىكى ھەققىدە ھازىرچە، قولىمىزدا ئېنىق ماتېرىيال بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئىگە ئالىم، چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، شائىر ئىكەنلىكىدە قىلچە شۈبھە يوق. «دىۋانۇ لۇغەتىت-تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نى ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا مەھمۇد قەشقەرى ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئېتنوگراف، تارىخچى، جۇغراپىيون، خەرىتىچى، گرامماتىكا ئالىمى، دىئالېكتشۇناس، فولكلورچى، ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى، ھەربىي سىتراتېگ بولۇپ گەۋدىلەنگىنىدەك، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان كىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل-ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاجايىب يېتۈك بىر ئالىم ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مىساللارنى كەلتۈرۈش كۇپايە:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاسمان بوشلۇقى، يۇلتۇز ۋە سەييارىلەر، 12 بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يىل پەسىللىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومىيىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ، زۇھەل (ساتۇرن)، مۇشتەرى (يۇپىتېر)، مىرىخ (مارس)، چولپان (ۋېنېرا)، ئاتارۇت (مېركۇرى)، قۇياش ۋە ئاينى يەتتە سەييارە دەپ ئاتاپ ئۇلارنىڭ ئورنى، ھەرىكەت يولى، خۇسۇسىيىتى، ھەتتا «خۇلق-مىجەزى» نى، شۇنىڭدەك قوزى، ئۈي، جەۋزا، سەرەتان، بۇغداي بېشى، ئەرسلان، قەۋس، چايان، مىزان، ئوغلاق، سوغا

ۋە بىلىقتىن ئىبارەت 12 بۇرجنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئىلمىي بايانلىرى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىگىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن.

بۇ كۆكتىكى يۇلدۇز بىر ئانچە بەزەك،
بىر ئانچە قۇلاۋۇز بىر ئانچە يەزەك.

بۇلاردا ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر يۈرىر،
ئىكى يىل سەكىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر.

ئانىڭدا باسا بولدى ئىكىنچ ئوڭاي،
بىر ئەۋدە قالىر ئون ئادىن ئىكى ئاي.

ئۈچەنچى كۆرۈد كەلدى كۆكسۈن يورىر،
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر.

يەنى:

كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بىزەك،
بەزىسى يولباشچى، بەزىسى جىسەك.

بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر① تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي②،
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

---

① سەكەنتىر—زۇھەل (ساتۇرن).

② ئوڭاي—مۇشتەرى (يۇپىتېر).

ئۈچىنچى كۈرۈددۇر،① غەزەپتە يۈرۈر،
قايان باقسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىدىكى ئۆتۈكەن ياكى ئۆتۈكەن② بەگلىرى، ئۈچ ئوردا ③بېگى، ئىلى بېگى، ياغما بېگى، ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) قاتارلىقلاردىن تاشقىرى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇسا، ئەيسا كەبى پەيغەمبەرلەر، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، لوقمان ھېكىم، نۇشىرۋان ئادىل، زۇھاك، پەرىدۇن ھەققىدە؛ روم (ۋىزانتىيە)، ئىران، سوغداق، ھىندى، «چىن ۋە ماچىن» ھەققىدە؛ «شاھنامە»، ئىبرانى (قەدىمكى يەھۇدى) ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى؛ جۈملىدىن قەدىمكى يۇنان ھېكىمى ھىپپوكرات ئوتتۇرىغا قويغان تۆت خىلىت (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە باشقىلارمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مۇندىن تاشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىرمۇنچە تۈركىي دىئالېكتلارنى پىشىشىق بىلگەندىن باشقا، ئەرەب-پارس تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە «شۇ زامانلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئىران تىللىرىدىن سوغداق (سوغد) تىلىنى، ھەتتا خەنزۇچىنىمۇ بىلەتتى.»④ ئەرەب-

---

①كۈرۈد - مىرىخ (مارس)

②ئۆتۈكەن (ئۆتۈكەن) - ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئاناۋەتىنى.

③ ئۈچ ئوردا - ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ يېنىدىكى «ئۈچ» دېگەن جاي قەدىمكى زاماندا مۇھىم سىياسىي مەركەزلەرنىڭ بىرى ئىدى

④ ئا. دىلاچار: «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى» 22-ۋە 148-بەتلەر 1972-يىل، ئەنقەرە (دوكتور رىشت رەھمىتى ئاراتنىڭ پىكرىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىۋاستە ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئارقىلىق پايدىلانغان — ئاپتوردىن).

پارس ئەدەبىياتى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلـقاسىم پىردەۋسى (مىلادى 934 - 1025 - يىللار) ۋە مىلادى 786 - يىللىرىغىچە ياشىغان بۈيۈك ئەرەب ئالىمـى خىلىل ئىبنى ئەخمـەتنىڭ «ئىلمى ئارۇز»ى بىلەن يېقىندىن تـونۇش ئىـدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى يازما مەدەنىي مىراسلىرىدىن، مىف، رىۋايەت، چۆچەك، ماقال - تەمسـىل، شېئىـر - قوشاقلىرىـدىن، خەلقىنىڭ جانلىـق تىل بايلىقىدىن ناھايىتى كۆپ ئوزۇقلانىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمـۇ مەيلى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ھېچقانداق ئۆرنىكـى بولمىغان مۇشۇنـداق ئەسەرنـى يېـزىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

ھەممىدىن دىققەتـكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، شائىر بۇ كىتابىـنى قاراخانىـلار ھۆكۈمدارى - ھەسەن بوغـرا خانـغا تەقدىـم قىلىـۋاتقانلىقىغا قارىـماي، ئۇنىڭغا بەزىـدە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىللە قاتتىق نەسىھەت قىلىدۇ، قاتتىق تەلەپلەرنى قويىـدۇ، ھەتتا تەنبىھ بېرىدۇ. مەسىلەن:

نىتەگ بەگ بولۇر ئول بۇدۇنغا ئۇلۇغ،
تىلى يالغان ئەرسە، كور، ئىلگى قۇرۇغ.

(يالغانچى ۋە بېخىل كىشى قانداق قىلىپ ئەلنىڭ ئۇلۇغ بېگى بولالايـدۇ)

ئاي ئىلىگ ئوتاچى سانى سەن بۈگۈن،
بۇدۇن بارچە ئىگلىك ساڭا مۇڭلۇغۇن.

(ئەي ھـۆكۈمـدار، سەن بۈگۈن بىر تېۋىپسەن، خەلقىنىڭ ھەممىسى ساڭا موھتاجلىق كېسەلىگە دۇچاردۇر)

قايۇسـى كوتەرمىش بولۇركۆچ ئىرىنچ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ.

(بەزىسى زۇلۇم يۈكىنى كۆتۈرمەكتە، بەزىسى يوقسۇللۇقتىن ھەسرەت چەكمەكتە)

قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر

قايۇ قادغۇ بىرلەئۇ لىنمىش بولۇر.

(بەزىسى ئاچ بەزىسى يالىڭاچ، بەزىسى قايغۇ بىلەن پىغان چەكمەكتە)

سەنىڭدە تۇرۇر كور بولارنىڭ ئەمى،

ئۇ تاغىل دارۇ بىرلە بولغىل قامى.

(ھەممىسىنىڭ داۋاسى سېنىڭدە، سەن ئۇلارغا تېۋىپ بولۇپ دورا بەر ۋە ئىلاجىنى قىل)

قالى قىلماسا سەن ئەمى يائوتى،

بودۇنغا بولۇرسەن تىرىگلىك يۇتى.

(ئەگەر سەن ئۇلارنى داۋالاپ دەردىگە دەرمان بولمىساڭ، خەلقنىڭ ھاياتىغا زامىن بولىسەن)

ئاي ئىلىگ باقا كور سەن ئۆزكەن كوزۇن،

بىر ئۆزكەن نەچە نەڭ تىرەر سەن ئۆزۈن،

(ئەي ھۆكۈمدار، ئۆزۈڭگە بىر قارا، بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن نەقەدەر كۆپ نەرسىلەرنى توپلىدىڭ)

تەڭىز دەكى گەۋھەر تۇكەمەز ساڭا،

تۈپىندەكى يىنچۇ تۈيۈماز ساڭا.

(دېڭىزدىكى گۆھەر سېنىڭ ئۈچۈن تۈگىمەس، تۈۋىدىكى ئۈنچە - مارجانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس)

باغىز يىر قاتىنداقى ئالتۇن كۈمۈش،

تىرەرسەن خەزىنە ئۇرۇر سەن ئۇكۈش.

(قوڭۇر يەر قېتىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى توپلاپ، خەزىنىلەر بەرپا قىلىسەن)

ياغىز يەر ئۆزەلە ئۈنۈگلى ئەۋىن،

تىرىپ سەن تولولار سەن قازناق ئەۋىن.

(قوڭۇر يەر يۈزىدە ئۈنگەن دانلىقلارنى توپىلاپ، ئامبار تولدۇرىسەن)

ئۈچۈغلى يورىغلى سوۋ ئىچرە بالىق،
قۇتۇلماز سەنىڭدىن ئايا سارپ قىلىق.
(كۆكتىكى قاناتلىقلار، يەردىكى ئاياغلىقلار ۋە سۇدىكى بېلىقلارمۇ سېنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئەي قاتتىق مىجەزلىك كىشى)

ئاجۇن تەزگىنۈر ئىلدە ئارقىش يۈرىپ،
ئاغى چۈز تىپىك قىش ئالىر سەن تىرىپ.
(جاھان كېزىپ يۈرگەن كارۋانلارنىڭ ئېسىل يىپەك، تېيىن، سەۋسەرلىرىنى سەن يىغىپ ئالىسەن)

ياقۇزدا يورىغلى قالىن كۆپ قوتۇز،
ياتۇزدە يورىغلى ئۇد ئىنگەك ئۇكۇز.
(يا تەسكەيدە توپ - توپ يۈرگەن قوتازلار، ياتۇزدە يۈرگەن ئىنەك - ھۆكۈزلەر)

قايادا يورىغلى بۇ ئىمگا تەكە،
قۇتۇلماز سەنىڭدىن ئاي ئەرىسگ بوكە.
(ياقىيالاردا يۈرگەن ياۋا ئۆچكە ،كىيىكلەر، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سەندىن قۇتۇلالمايدۇ)

ئۇچارىغ ئۇچۇرماز سەنىڭ قۇشلارىڭ،
يۈرىرىغ يورىتماز كور ئىرىسگ ئىتىڭ.
(ئۇۋ قۇشلىرىڭنىڭ دەستىدىن قاناتلىقلار ئۇچالمايدۇ، ئىتلىرىڭنىڭ دەستىدىن ئاياغلىقلار يۈرەلمەيدۇ)

ئاتالىغ ئاتاسىز قالىر يالغۇزۇن،
ئانالىغ ئاناسىز بولۇر ئۇكسۇزۇن.

(ئاتىلىقلار ئاتىسىز بولۇپ يالغۇز قالدۇ، ئانىلىقلار ئانىسىز بولۇپ يېتىم قالدۇ)

بۇمۇنچا ئاجۇن بارچا بۇتىرۇ ساڭا.
تۈكەمەز تۈكەرسەن ئاي كۈچلۈك تۇڭا.

(شۇنچە دۇنيا سېنىڭ ئۈچۈن يەتمەس ۋە تۈگىمەس، ئەمما ئۆزۈڭ كېتەرسەن ئەي كۈچلۈك يىگىت)

شائىر ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال ھاياتنى (يەنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىجتىمائىيىتىنى) قاتتىق پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەي بىلىملىك كىشى ئەتراپىڭغا بىر باق، نېمىلەرنى كۆرەرسەن. بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان، ئەقىللىكلەر تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس، ھالالنىڭ پەقەت ئېتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق...ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە؟!»

مۇشۇنداق قاتتىق نەسىھەت، تەنبىھ ۋە تەنقىدكە قارىماي، شائىرنى قەدىرلەپ خاس ھاجىپلىققا كۆتۈرگەن ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئۆزىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ داستىخان ساقىتلىرى بىلەن قورساق تويغۇزىدىغان قەسىدىخان ساراي شائىرى ئەمەس، ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان ئىلغار پىكىرلىك بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە خەلقپەرۋەر، مەرىپەتچى، دۆلەت ئەربابى ئىدى. بۇ جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن نەۋائى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئوخشاشلىق بار ئىدى.

شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىر قەدەر تىنچ مۇھىتتا كۈچكەن. بولۇپمۇ

ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددىي ۋەمەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. مەدەنىيەتتە بىر تەرەپتىن، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شامان، مانىي، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالماقتا ۋە بەلكى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە ئىدى؛ بىر تەرەپتىن تىل - يېزىق ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلياتسىيەسى باشلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ساھەلەردە ئەرەبلىشىپ كېتىشكە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلگەنىدى. رىشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «تۈرك يېزىق تىلى ماتېرىياللىرى بىلەن مۇكەممەل قۇراللانغان، بۇ تىلنىڭ ئىنچىكىلىكلىرىنى كامىل دەرىجىدە ئىگىلىگەن ۋە بۇ ساھەدە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان» شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ زاماندىشى مەھمۇد قەشقەرى بىلەن ئەنە شۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇراتتى.

ئىككىنچى تەرەپتىن، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى، يەنى فېئوداللىق دۆلەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مەملىكەتنى پارچىلىنىشتىن ساقلاپ، بىرلىكنى تەمىن ئېتىش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئاكتىپ تەدبىرلەر بىلەن باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقىنى يەنى ئىنسان قەلبىنى تۈزەش، باشقىچە ئېيتقاندا گۈللىنىۋاتقان فېئوداللىق جەمئىيەتكە مۇناسىپ بىر مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەقەززاسى «قۇتادغۇبىلىك» تەك بىر ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە مۇھتاج ئىدى. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي بولمىغىنىدەك، ھەسەن بۇغراخاننىڭ بۇ ئەسەر مۇئەللىپىنى شۇ دەرىجىدە قەدىرلىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

## 4. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز دەۋرىدىن باشلاپلا، ئەتراپتىكى ئەللەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنىدى، بۇ كىتابقا شۇ زامانلاردا باشقىلار تەرىپىدىن قوشۇلغان بىر نەسرىي مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە شۇنداق پىكىرگە كەلدىلەركى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى بىرلە پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغرا خان تىلى ۋە تۈركىي سۆزلەر بىلەن ھېچكىم بۇ كىتابتىن ياخشىراق بىر كىتاب يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھ ياكى قايسى ئەلگە يەتسە، كىتابنىڭ غايەت ياخشىلىقى ۋە كۆركەملىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى ئۇنى قوبۇل قىلىپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىدى. چىنلىقلار «ئەدەب بۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرى)، ماچىن پادىشاھلىقىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇلمەملىكە» (مەملىكەت ئەيىنىكى)، مەشرىقلىقلار «زىنەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئاتسا، بەزىلىرى «پادىشاھلارغا نەسىھەتنامە» دەپ ئات قويىدى. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتىدى.»* بۇنىڭدىن «قۇتادغۇبىلىك» ئۆز دەۋرىدىلا ئەنە شۇ ئەللەرگە تارقىلىپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ئاتلار بىلەن ئاتىغان دېگەن مەنە كېلىپ چىقمىسمۇ، ماۋزۇ جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشىغان كىتابلارغا تۈرلۈك ئەللەردە تۈرلۈك ئاتلار قويۇلغانلىقىنى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قانچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ «چىڭ-

* رىشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» 1-توم، 2-بەت.

گىزخان قۇتادغۇبىلىكى» ياكى «چىڭگىزخان ياسىقى»نى يازدۇرغانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن 1909 - يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇبىلىك»كە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان بېيىتلارنىڭ بولغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. رۇس ئالىمى ئا. سامايلوۋىچ 1912 - يىلى بۇ بېيىتلارنى ئوقۇپ، تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلغان:

كىشى كوركى يۈز ئول، بۇ يۈز كوركى كوز،
بۇ ئوز * كوركى تىل ئول، بۇ تىل كوركى سوز.

بۇ بېيىت «قۇتاد غۇبىلىك» تە مۇنداق:

ئوقۇش كوركى تىل ئول بۇ تىل كوركى سوز،
كىشى كوركى يۈز ئول، بۇ يۈز كوركى كوز.

XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) ناملىق دىداكتىك داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن، نەسىردىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسە سۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى (مەسىلەن: باھار توغرىسىدىكى مەدھىيە) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۆلەت، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر مەسىلىسى جەھەتتىلا ئەمەس، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە قانداق كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

* ئوز — كىشى مەنىسىدە.

## ئىككىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» كە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بىر نەزەر

### 1. ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى يۈكسەك بەدىئىيلىكى بىلەن ئۆز زامانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دراممىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ۋە يۇمۇرىستىك كىنايىلەر شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغانكى، ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، گاھى شەرق داستانچىلىقى، گاھى غەرب دراماچىلىقى زەۋقىگە مەپتۇن بولىسىز، يەنى ئۆزىڭىزنى گاھىدا بىر لىرو-ئېپىك داستان ئوقۇۋاتقاندەك سەزسىڭىز، گاھىدا بىر سەھنە ئەسىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك سېزىسىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆز ئالدىڭىزدا گاھى بىر جۇشقۇن ھېسسىياتلىق شائىر، گاھى پەيلاسوپ ناتىق بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

شائىر ئەسەرنى باشلاش بىلەنلا، ئادەت بويىچە خۇدا ۋە پەيغەمبەرگە ھەمدۇ-سانا ئېيتىدۇ-دە، دەرھال باھار پەسلى، بۇغراخان مەدھىيىسى، ئالەم بوشلۇقى، ئىنساننى ھايۋاندىن ئاجرىتىپ تۇرىدىغان تۈپ پەرقلەر-ئەقىل-پاراسەت، بىلىم-ئەخلاق، تىل-پەزىلەتلىرى ۋە كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى جۇشقۇنلۇق لىرىكا بىلەن ئاڭلىتىپ ئۆتىدۇ، ئاندىن ۋەقەلىككە كۆچىدۇ.

ئاساسىي ۋەقەلىكىنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق:

بىر زامانلاردا، كۈنتۇغدى ناملىق بىر ھۆكۈمدار كەڭ بىر مەملىكەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئۇنىڭ داڭقى جاھانغا يېيىلىدۇ. ئايتولدى ناملىق ياش، ئاقىل ۋە بىلىملىك بىر كىشى كۈنتۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈمدار) نىڭ بۇ پەزىلىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن يىراق يەردىن سەپەر قىلىپ كېلىدۇ، بىرزامان مۇساپىرچىلىقتا يۈرۈپ، كۈسەمىش ناملىق بىر دوستى ئارقىلىق كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ھاجىپى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھاجىپ ئۇنى كۈنتۇغدىغا ئۇچراشتۇرىدۇ. بىرقانچە قېتىملىق سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەر جەريانىدا، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىلىدۇ. ئايتولدىنىڭ ئادىل قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىپ، خەلق تىنچ، پاراۋان ياشاشقا باشلاپ، «بۆرە بىلەن قوزا بىللە ياشايدىغان» ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بىراق، تېخىمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئايتولدىنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەقىل-پاراسەت، بىلىم-پەزىلەتتە دادىسىدىن قېلىشمايدىغان ئوغلى ئۆگدۈلمىش باسىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئەمەلىي ئىش جەريانىدا، ھەتتا دادىسىدىن ئوشۇقراق تۆھپە يارىتىپ، مەملىكەت تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى، ئۆگدۈلمىش مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىرەر ياردەمچى بولغاندا، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغانلىقىنى، بىر غاردا ھەممە جەھەتتىن ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئودغۇرمىش ناملىق بىر زاھىتنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۈنتۇغدىغا ئېيتىدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۇ زاھىتنى ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ مەخسۇس

نامە بىلەن ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىدۇ. زاھىت ئۆزى كەلمەي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەت ناھايىتى قاتتىق يېزىلغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەزمۇنى بىلەن كۈنتۇغدى ئىلىكنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ مەپتۇن بولۇپ، ئۆگدۈلمىشنى ئىككىنچى قېتىم خەت بىلەن ئەۋەتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىت ئۇدغۇرمىش ئارىسىدا قاتتىق مۇنازىرىلەر بولىدۇ. زاھىت يەنە كەلمەيدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىك «ھېچ بولمىسا دىدارىنى بىر كۆرەي» دەپ ئۆگدۈلمىشنى 3 - قېتىم ئەۋەتكەندە، زاھىت كېلىدۇ. كۈنتۇغدىغا ئۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر - مەسلىھەت ۋە نەسىھەتلىرىنى قىلىدۇ. ئەمما سارايدا قېلىشنى خالىماي، ئۆز كۆلبىسىگە قايتىپ، قازا تاپىدۇ. زاھىتتىن قالغان ھاسىنى كۈنتۇغدى ئىلىك، ئۇۋرىقىنى ئۆگدۈلمىش تەۋەررۇك قىلىۋالىدۇ. ئۆگدۈلمىش يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىنسان بەختىگە سەرپ قىلىدۇ.

شائىر يۇقىرىدىكى دراماتىك ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ قۇرلار بىلەن چۈشۈرىدۇ:

«ئۇلار كەتتى، پەقەت ياخشى ناملىرى قالدى مەڭگۈگە!
بۇ ناملار ھەر زامان - پۈتكۈقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد
قىلىنغۇسى! مۇنداق كىشىلەر راستتىنلا ئىنسان جىنسىمىدۇر، ياكى
قىلغان ئىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئىشىمىدۇر؟»

دېمەك، شائىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - غايىلىرىنى ئەنە شۇ تۆت پېرسوناژ سۆھبىتىگە يەنى قانۇن ۋە ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىك (خان)، بەخت - دۆلەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، قانائەت ياكى ئاقىۋەت سىمۋولى ئۇدغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاللېگورىيىلىك شەخسنىڭ سۆھبىتىگە سىڭدۈرىدۇ. بۇ تۆت شەخسنىڭ سۆھبىتىنى دراماتىك سۈژېت بىلەن داۋام قىلىش جەريانىدا، خەلق ھىما-

يە قىلىدىغان دۆلەت تەشكىلىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى، دۆلەتنى بىلىم ۋە ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرغاندىلا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلەيدىغانلىقى، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى، ھەر ئىشتا ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىم-ئەخلاقنى يولباشچى قىلىش كېرەكلىكى، دۆلەت باشلىقى ياكى ھۆكۈمدارنىڭ ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى، شۇنىڭدەك، خەلقنىڭ دۆلەتكە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، قانۇن-ئادالەت، بەخت-دۆلەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە قانائەت— مانا بۇ تۆت نەرسە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىكى ئاساسىي ئامىللاردىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى «بۇ تۆت نەڭ ئوزە سۆزلەدىم سۆزۈگ» (مەن سۆزۈمنى بۇ تۆت نەرسە توغرىسىدا ئېيتتىم) دەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن نۇرغۇن پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىرو-ئېپىك داستان بولسا، شەكىل جەھەتتىن، ئاساسەن تۆت پېرسوناژنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر دىرامىدۇر. ئاتاقلىق نېمىس تۈركشۇناسى فون. گاباينىڭ «ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا يادلاش ۋە سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يېزىلغان، ‹مانىترى سىمىت› (مانىترى بىلەن كۆرۈشۈش خاتىرىسى) ناملىق ئەسەر بۇنىڭ بىر ئىسپاتى» * دېگەن مۇلاھىزىسىنى «قۇتادغۇبىلىك» كىمۇ تەدبىق

* م. فون. گاباين: «مانىترى بىلەن كۆرۈشۈش خاتىرىسى».

قىلىش مۇمكىن، دەرۋەقە، بەزى ئەللەردە (مەسىلەن تۈركىيىدە) بۇ ئەسەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپمۇ بولۇنغان.*

## 2. شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش ماھارىتى

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئاساسەن تۆت بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغان. ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى—ھەممىدىن ئاۋۋال، كۈن (قۇياش) نىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنى ھەر زامان تولۇنلۇقتا پارلاپ ھەممىگە تەڭ نۇر چاچىدىغان، پۈتۈن جانلىقلىقنى ئىسسىتىپ ھايات بەخش ئېتىدىغان، ھەر زامان پاك - غۇبارسىزلىقى بىلەن «تەۋرەنمەي» تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىگە لايىق «كۈنتۇغدى» دەپ ئات قويۇلغان،

ئىلىگ ئايدى بىلگە مېنىڭ قىلىقىمى،
كورۇپ مەنزەتۇ تۇردى بۇ ئاتىمى.

(ئىلىگ دېدى: ئالىم قىلىقىمنى كۆرۈپ، ئېتىمنى قويدى بۇكۈنگە ئوخشىتىپ)

شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئەل باشلىقى بولغان كىشىنىڭ تەبىئىتى خۇددى كۈنگە ئوخشاش بولۇشى لازىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئاندىن، كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ قولىدا خەنجەر - پىچاق، بىر يېنىدا شېكەر، بىر يېنىدا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا، چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق كۆمۈش كۇرسىدا سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. كۈنتۇغدى ئۆزى بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئۈچ پۇتلۇق نەرسە قىڭغايماي تۈز تۇرىدۇ. ئولار چېتىقسىز بولغىنى ئۈچۈن، بىرى قىڭغايسا، قالغان ئىككىسى

* ئى. كافوغلۇ: «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى».

تىك تۇرالماي، ئۈستىدىكى كىشى يىقىلىپ چۈشىدۇ. تۈز نەرسە ئۈزبولىدۇ، ئەگرىلىكتىن يامانلىق تۇغۇلىدۇ. قانۇن مۇشۇنداق تۈزلۈك، توغرىلىق ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم، قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر:

كۆڭلىڭ ئۈزەلە كەسەرمەن ئىشىڭ،
ئادىرمازمەن بەگىمىڭ ياقۇلىمىغ كىشىڭ.

(قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن، ئايرىماي بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن)

خەنجەر — ئىشنى ئۈزارتماي تېز ۋە كەسكىن ھەل قىلىشنىڭ ئالامىتى؛ شېكەر — زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان؛ زەھەر — زۇلۇم قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا.

كېرەك ئوغلۇم ئەرسەياقىن يايغۇق،
كېرەك بارقىن ئەرسە كىچىگلى قونۇق.
تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مېنى.

(مەيلى ئوغلۇم، مەيلى يېقىنىم ياكى يات بولسۇن ۋە مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى مۇساپىر بولسۇن، قانۇن ئالدىدا، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش، ھۆكۈم ۋاقتىدا ھېچبىرىگە پەرقلىق قارىمايمەن)

شۇنداق قىلىپ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئارقىلىق «ئادىل پادىشاھ ياكى ئادىل قانۇن» ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئايتولدى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، كۆرسىتىلگەن كۇرسىغا ئولتۇرماي، يەلتوپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالىدۇ. كۈنتۇغدى گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇ گاھى كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، گاھى تەتۈر قارىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا كۈنتۇغدى كايىپ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئايتولدى: «بەخت - سائادەت دېگەن مەن شۇ، مەن ئۆز تەبىئىيتىم بىلەن ئايغا ئوخشىغانلىقىم ئۈچۈن

هېكمەلەر ئېتىمنى ئايتولدى قويغان، ئاي گاھىدا تولۇپ، گاھىدا
كىچىكلەپ ھەتتا يوقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى مۇشۇ
توپقا ئوخشاش مېنى چىڭ بېسىپ تۇرمىسا، بىر يەردە قارار-
تاپمايمەن، مېنى تۇتۇشنى بىلمىگەن كىشىنىڭ قولىدا تۇرمايمەن،
ۋاقتى كەلسە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمەن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب
بېرىدۇ ۋە بىرشائىرنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزپىكرىنى ئىسپاتلايدۇ:

كەيىك سانى دەۋلەت كىشىگە تەزىڭ،
قالى كەزسە بەكلە تۇشە ھەم تېزىڭ.
تۇتا بىلسە دەۋلەت تەزۇمەز تۇرۇر،
قالى تەزسە تەگمەز يانا تەرك كەزىڭ.

(بەختنى ئىنسان ئۈچۈن ئۈركەك كېيىك ھېسابلا،
ئەگەر قولۇڭغا كەلسە ئۇنى چۈشەپ چىڭ تۇت، ئىنسان تۇ-
تۇشنى بىلسە، بەخت قېچىپ كەتمەي تۇرىدۇ، ئەگەر قاچۇرۇپ
قويساڭ، ساڭا ھەرگىز چاپسان قايتىپ كەلمەيدۇ)
ئاندىن، بەختنى چۈشەپ تۇتۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى
كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، توغرا نىيەتلىك، يۇمشاق تىللىق،
ھوشيارلىق، سېخىيلىق، راستلىق، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت،
كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىش؛ ھەسەت، غەيۋەت، كىبىر-غۇ-
رۇر ۋە ھاۋايى-ھەۋەستىن قاتتىق ساقلىنىش، پىتنە-پاسات-
تىن يىراق بولۇش، يالغانچى بولماسلىق، قۇۋلۇق-شۇملۇق
قىلماسلىق، ئىچكۈلۈككە بېرىلمەسلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماس-
لىق، ئومۇمەن گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى بولۇش ئىكەنلى-
كىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزى كۈنتۇغدى ئىلىگكە يار-
دەملىشىپ، دۆلەت خادىملىرى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچى-
دە شۇ ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇشتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە
تىرىشىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىر ئالىيجاناب ئىنسان ئوبرازى كۆز

ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق بولۇپ، ئۇ بۇتىرىدىكى ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى تولۇق ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، تېخىمۇ يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلىدۇ. يەنى ئۆگدۈلمىش ئەقىل - پاراسەتتە، بىلىم - ئىقتىدارى ۋە جانۇ - تېنىنى ئەل بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يېشەلەيدىغان ئۇلۇغ ھىممەت ۋە جاسارەت ساھىبى سۈپىتىدە، چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئاقىل - دانا ئالىم، ھىممەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازىدىكى يەنە بىر نادىر ۋە ئېسىل پەزىلەت شۇكى، ئۇ بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئارتۇق كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدۇ. شان - شۆھرەت تالاشمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنداق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان خۇشال بولۇپ، ئۇنى دۆلەت خىزمىتىگە دەۋەت قىلىدۇ. ئۆزى بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلايدۇ. بۇنىڭغا ئۆگدۈلمىشنىڭ زاھىت ئودغۇرمىشنى كۆنتۇغدىغا تونۇشتۇرغانلىقى، ئۇنى «مېنىڭدىن ئارتۇق» دەپ ماختىغانلىقى؛ كۆنتۇغدى ئەلىگ ئودغۇرمىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىم ۋە قابىلىيىتى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، «ھەقىقەتەن مېنىڭ يېنىمدا سېنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان پەزىلەتلىك كىشى يوق ئىكەن، سەن سارايدا قېلىپ، مېنى خۇشال قىل» دەپ ئودغۇرمىشنى يۈزمۇ يۈز ماختىغاندا، ئۆگدۈلمىشنىڭ تارلىق قىلماي، چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنگەنلىكى ئېنىق مىسال بولالايدۇ. ئۆگدۈلمىش ئوبرازىدىن زوقلانغان كىتابخان ئۆگدۈلمىش دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىغۇ

دېگەن پىكىرگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەقىقەتەنمۇ شائىر ئۆزىنىڭ ھەممە ئۇلۇغ غايىلىرىنى دېڭىزدەك ئۆگدۈلمىش ئوبرازىغا سىڭدۈرگەن.

ئۆتتىنچى پېرسوناژ ئۇدغۇرمىش، ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس. ئۇ بۈيۈك ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، لېكىن رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىت. ئۇ، بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنا يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە لاتا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك دەپ قارايدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ساراي خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە «ماڭا ئۇنداق يۇقىرى مەنسەپ ۋە دەبدەبىلىك ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى؟ بەندىنىڭ بەندىگە خىزمەت قىلىشى نېمىدېگەن بىمەنە ئىش» دەپ قاتتىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. لېكىن، ئاخىرىدا ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ «خەلققە پايدىلىق بولۇش كېرەك، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت» دېگەن گەپلىرىگە قايىل بولىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشكە: «سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ توغرا، سەن شۇ يولدا داۋام ئەت» دەيدۇ ۋە كۈنتۇغدى ئېلىگكە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشىدا دائىر بىرمۇنچە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ.

شائىر بۇ ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازىنى، توغرىسى ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب غايىلىرىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

### 3. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

«قۇتادغۇبىلىك» شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىت-

نىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۆرنىكى، شۇنداقلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

A. ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇنچىلىرى

مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى شائىرنىڭ رېئال ھاياتنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر رېئال ھاياتتىن ھاسىل قىلغان ئىدراكىي (ئەقلىي) تونۇش ۋە بىلىمنى ھېس-تۇيغۇ تىلى بىلەن، يەنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈچى سەنئەتكاردۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە تېما تېكىستىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئۆز مۇئەللىپىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز مۇئەللىپىنىڭ باي تەسەۋۋۇرلۇق بۈيۈك شائىر، سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. تارىختىكى بىرمۇنچە ئۇلۇغ شائىرلارغا ئوخشاش يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز داستانىنىڭ نۇرغۇن بۆلەكلىرىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇنچىلىرى بىلەن شۇنداق ماھىرانە بېزىگەنكى، كىشىلەر بۇ بۆلەكلەرنى ئوقۇۋېتىپ، XVIII ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى زەلىلىنىڭ:

«ئەي زەلىلى، بۇنە سوزدۇر دەپ مېنى ئەيىب ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ ماجازى بولمىسا.»

دېگەن مىسرالىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلەيدۇ. مەسىلەن: ئەسكەر باشلىقى يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ جاسارەتلىك بولالايدۇ دېگەن پىكىر مۇنداق كەۋدىلەندۈرۈلگەن:

كور ئارسلان بولۇ بىرسە ئىتقا باشى،
بۇ ئىت بارچە ئارسلان بولۇر ئۈز تۇشى.

قالى بولسا ئارسلانىغا ئىت باشچىسى،
ئۇل ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقىشى.

(كۆرگىنىكى، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، ھەممە ئىت ئارسلانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئارسلانىغا ئىت باشلىق بولۇپ قالسا، بۇ ئارسلانمۇ ئىتنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ)، يەنە بىر مىسال:

بودۇم ئوقتەگ ئەردى، كوگۈل ئەردى يا،
كوگۈل قىلغۇ ئوقتەگ بودۇم بولدى يا.

(بويۇم ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز چاغدا، كۆڭلۈم يادەك ئەگرى ئىدى، كۆڭۈلنى ئوقتەك تۈزلەپ بولغۇچە، بويۇم يادەك ئېگىلىپ كەتتى)

شائىر ياشلىق باھارىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

يورىغلى بولۇتتەگ يىگىتلىكنى ئىدتىم،
توپى يېل كىچەر تەگ تىرىگلىك تۈكەتتىم.

تەمام ئەرغۇۋانتەگ قىزىل مەڭزىم ئەردى،
بۇكۈن زەفران ئۆرغىن ئەڭدە تارتتىم.

يېپار سىڭىغ قارا باشقا كافۇر ئاشۇدۇم،
تولۇنتەگ تولۇ يۈز قايتا ئىلەتتىم.

يارۇق ياز تەگ ئەردىم تۈمەن تۈ چېچەك،
خازانىمۇ تۇشۇتتۇم قامۇغنى قۇرىتتىم.

(ياشلىقىمنى ئۆزگەن بۇلۇتتەك ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ئۆمرۈمنى بوران - شامال تېزلىكىدە ئۆتكۈستۈۋەتتىم. مەڭىزلىرىم قىپقىزىل، دەل ئارغىۋاندەك ئىدى، بۈگۈن يۈزۈمگە زەپىران ئۇرۇقىنى چاچتىم، ئىپاردەك قارا بېشىمنا كافۇر پۈركىدىم، تولۇن ئاي-دەك تولغۇن يۈزۈمنى نەلەرگە كەتكۈزۈۋەتتىم، رەڭگارەڭ چېچەكلەر بىلەن تولغان پارلاق باھار كەبى ئىدىم، خازان ۋاقتىغا دۇچار بولدۇمكەن، ھەممىسىنى قۇرۇتتۇم)

تاڭ تەسۋىرىگە مىسال:

قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كۆڭلەكىن،
ئاچىلدى يارۇق يۈز كوتۇردى ئەگىن.

كۆرە، باقتى. ئۆرلەپ تالۇ قىز يۈزى،
يارۇدى بۇ دۇنيا ئىرى ھەم قۇزى.

(ئاسمان ئۈستىگە كىيگەن قارا كۆڭلىكىنى يىرتتى، پەرەنجىسىنى كۆتۈرۈش بىلەن پارلاق يۈزى ئېچىلدى، ئۆرلەپ چىققان گۈزەل قىزنىڭ يۈزى كۆلۈپ بېقىش بىلەن بۇ دۇنيا-نىڭ ھەممە ۋادا ۋە دەريالىرى يورۇپ كەتتى)

B. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ۋە قاپىيىسى

ۋەزىن ۋە قاپىيە شېئىرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئادەتتە ۋەزىن ۋە قاپىيىسىز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شېئىر

ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئاددىي ساۋات (نەسرىي شېئىر بۇنىڭ سىرتىدا). شېئىرىيەتتە ۋەزىن ۋە قاپىيىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئومۇمەن شەرق خەلقلىرىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا كونا بىر مىللىي مەدەنىي ئەنئەنە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، خەلق قوشاقلىرىدىن تارتىپ شېئىر ۋە داستانلارغىچە ۋەزىن ۋە قاپىيىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيە تۈرلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەتتا باش قاپىيە شەكلىمۇ مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە يەنە بىرمۇنچە يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. جۈملىدىن، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئارۇز ۋەزنى تېخىمۇ ئومۇملاشتى.

«قۇتادغۇبىلىك» XI ئەسىردە ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى ئىدى. بۇ ئەسەر باشتىن-ئاياغ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. شائىرنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ماھارىتى شۇ قەدەر ئۈستۈنكى، 6645 بېيىت ئىچىدە ۋەزىندە بۇزۇلۇش ھادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى مۇناسىۋەتى بىلەن شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئارۇز ۋەزنى پۈتۈنلەي ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ۋەزىن بولماي، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بايلىقىدۇر. بۇ كەمگىچە، بىرمۇنچە كىشىلەر ئارۇز ۋەزنى ئەرەب تىلىغىلا خاس، ئارۇز ۋەزنى ئەرەبلەردىن تارقالغان، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ۋەزىن بىلەن ياخشى شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلمەكتە. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزى ۋە «دىۋانۇلۇغەتىت-

تۆرك» تىكى بىر قىسىم قەدىمكى قوشاقلارمۇ مۇنداق قاراشلار-
نىڭ تېخى ئەمەلىيەت سىنىقىدىن تولۇق ئۆتمىگەنلىكىدىن
دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، بىرىنچىدىن، 13 مىڭ
نەچچە يۈز مىسرادىن تەركىب تاپقان «قۇتادغۇبىلىك» تە
ئەرەب-پارس سۆزلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇشىغا قارىماي،
ۋەزىن چاقىدىغان ھالەتلەر ئۇچرىمايدۇ. بۇ ھال، بىر تەرەپ-
تىن، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئارۇز ۋەزنى بىلەن يېزىشنىڭ تاما-
مەن مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئارۇز
ۋەزنىنىڭ پەقەت ئەرەب تىلىغىلا خاس ئەمەسلىكىنى ئىسپات-
لايدۇ. ئىككىنچىدىن، مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان
ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنى ئەخمەت «ئارۇز ئىلمى» نى ئوت-
تۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ شېئىر-
قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنى بار ئىدى. بۇنىڭغا «دىۋانۇلۇغەتىت
تۈرك» تىكى قەدىمكى قوشاقلار دەلىل بولالايدۇ. بۇ ھەقتە
«ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى» («شىنجاڭ
ئەدەبىيات-سەنئىتى» 1979-يىل، 12-سان) دېگەن ماقا-
لەمدە بەزى مىساللار كۆرسىتىلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە نەقىل
قىلىنغان بەزى قەدىمكى ماقال-تەمسىلەرمۇ بۇنىڭ دەلىلى.
مەسىلەن:

بۇ ئۆز كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
ئۇقۇش كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز.

بۇ بېيىت ماقال-تەمسىل ئىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ تارىخى
شائىر ياشىغان دەۋردىن كۆپ بۇرۇنقى يىللارغا توغرا كېلى-
دىغانلىقى تەبىئىدۇر.

## ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەزى نادىر ژانىرلىرى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان بەزى نادىر ژانىرلارغا پۇختا ئاساس سېلىنغان، چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ، ئىجابىي رول ئويناپ كېلىۋاتقان بەزى نادىر شېئىرىي ژانىرلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن بىزگە قالغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى مىساللاردىن روشەن بىلىنىدۇ:

### 1. رۇبائىي

شېئىرىيەتنىڭ رۇبائىي ژانىرى ھازىرغا قەدەر پارس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييامدۇر، دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ رۇبائىي پارس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ نامى بىلەن مەھكەم باغلانغان. بىراق «قۇتادغۇبىلىك» تىكى نەچچە ئونلىغان رۇبائىيلار يۇقىرىدىكى قاراشلار ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ ۋە ئىزدىنىپ كۆرۈش لازىملىقىنى يېڭى مەسىلە سۈپىتىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئالدىغا قويىدى، دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان زامانلاردا ئۆمەر ھەييام تېخى ياش يىگىت بولۇپ، رۇبائىيچىلىقتا ئۆز تەسىرىنى يىراق ئەللەرگىچە كۆرسىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتمىگەنىدى. مۇھىمى، ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى تېخى جاھانغا تارقالمىغانىدى. يۇسۇپ

خاس ھاجىپ بىر قىسىم بېيىتلارنى «رۇبائىي» دەپ ئاتىمىغان، كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ بېيىتلارنى «تۆتلىكلەر» دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ بېيىتلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن دەل رۇبائىينىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۆرنەكلىرىدۇر. مەسىلەن:

نەگۈ ئەر بولۇر كور، مىگەر دۇشمانى،
مىگەر سوزلەمەسە كۈنگە ئانى.
بۆرىمۇ بولۇر كورگىل ئىتتە قايار،
ئۇدۇلا ئىشىتسە مىڭ ئىتلەر ئۈنى.

(نىچۇك ئەر سانالۇر مىگەر دۇشمىنى—
مىڭ غەيۇرت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى،
كور، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەيندىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى)

كەيىك سانى دەۋلەت كىشىگە تەزىگ،
قالى كەلسە بەكلە تۇشا ھەم تىزىگ.
تۇتا بىلسە دەۋلەت تەزۇمەز تۇرۇر،
قالى تەزسە تەگمەز يانا تەرك كەزىگ.

(سائادەت كىشىگە ھۈركەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۇشەپ تېز ۋەبەك.
تۇتۇشنى بىلسە دەۋلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گېزەك)

قۇت ئول بەگ بۇدۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بۇدۇن قارنى تودغۇ كەرەك.
بۇ بەگلەر تېگمىز ئول تۇپى يىنچۇلۇگ،
تېگمىزكەياغۇغلى بايۇغۇ كەرەك.

(بەگدۇر بەخت، ئەلگە بەخت بەخش قىلماق كېرەك،
بەخت بەرسە، ئەل قارنىن تويدۇرماق كېرەك.
بۇ بەگلەر دېگىزدۇر، تۆۋى ئۆنچىلىك.
دېگىزغا يېقىنلار بېيىماق كېرەك)

مانا بۇ كۇپلېتلاردا رۇبائىينىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىر، مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىك ۋە تولغۇنلۇق، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن پىششىق ھەم ئىخچاملىق، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك بولۇش خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

## 2. تەجنىس ۋە تۇيۇقلار

تەجنىس ۋە تۇيۇق — ئومۇنىم سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل نادىر سۆز سەنئىتىدۇر. بۇ خىل شېئىر شەكلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ياشاپ، بەلكى تەرەققىي قىلماقتا. «قۇتادغۇبىلىك» تە مانا شۇ سۆز سەنئىتىگىمۇ ئاللىقاچان ئاساس سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن: «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئىزى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

«ھېساب» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ساقىش» دېيىلەتتى. «ساقىش» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى) «ساق ئىش» بولغاچقا شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

ساقىش ساقلىقىن بولدى ئاتى ساقىش،
كورۇ بارسا ساقىش ئېزى ئۆك ساق ئىش.
(ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى «ساقىش»
كورەرسەن ھىساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش)

«قەسىر»، «ساراي»، «ئوردا» سۆزلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قارشى» دېيىلەتتى. «قارشى» سۆزى يەنە ھازىرقى مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، مۇنداق يازغان:

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر.

(بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى» دۇر،
بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر)

«ئۆگ» دېگەن سۆز قەدىمكى زاماندا ئەقىل ـ ئىدراك، ماختىماق، چوڭ ياكى بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلاتتى، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئوبدان «تويۇق» (مۇختەسلات) يازغان:

قايۇ ئەردە بولسا ئۇقۇش بىرلە ئۆگ،
ئاتى ئەر ئاتاغىل نەچە ئۆگسە ئۆگ.

ئۇقۇش ئۆگ بىلىگ كىمدە بولسا تۈگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەدتى كىچىك بولسا ئۆگ.

(ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ ـ ئىدراك ۋە ئۆگ،
ئۇنى ئەر ساناپ سەن قانچە ئوگسەڭ ئۆگ.
ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ دەپ، كىچىك بولسا ئۆگ)

بۇ يەردە «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا «ئەقىل»، ئىككىنچى مىسرادا «ماختىماق»، تۆتىنچى مىسرادا «چوڭ» مەنىلىرىدە كەلگەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئادىل قانۇن ۋە ئەقىل ـ بىلىم بىلەن دۆلەتنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ غايىۋى پروگراممىسى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قەلبى ۋە پېئىل ـ ئەتۋارىنى ئەخلاق بىلەن تۈزىتىش دەستۇرى، ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھايات پەلسەپىسى بولسا، شەكىل جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل قامۇسى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر نامايەندىسىدۇر. بۇ ئەسەر مەزمۇن ۋە شەكىل ئېتىبارى بىلەن تۈركىي تىللىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچبىر ئۆرنىكى بولمىغىنىدەك، ئۆز دەۋرىدە ھېچقانداق تەڭدىشى كۆرۈلمىگەن ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھان كلاسسىك ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان بۇ قىممەتلىك تۆھپىسى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ*

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، XI ئەسىر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپى سۈپىتىدە جاھانغا مەشھۇر. ئۇنىڭ زامانىدىشى مەھمۇد قەشقەرى (قەشقەرلىك مەھمۇد) ئۆزىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت - تۈرك» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئالىمى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى ۋە تۈركولوگىيىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇستازى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەربابى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمگەكلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق، جۈملىدىن ئۇلار كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭمۇ پەخرى - غۇرۇرىدۇر.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئۈچ چوڭ دىن، يەنى بۇددا دىنى، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنى، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، يەنى قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى،

* بۇ ماقالە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982-يىل 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان رايوندا، ئىجتىمائىي ئىقتىساد بويىچە ئىش تەقسىماتى بۇرۇنراق مەيدانغا كېلىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز راۋاجلانغان ۋە «يىپەك يولى» سودىسىدا ھەم مەيدان، ھەم كۆۋرۈك بولغان بىر رايوندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر مىللەت ئىدى. X ئەسىردىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋا- نۇلۇغەتىت- تۈرك» ئەسىرى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ناما- يەندىلىرى ئىدى.* ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى تىل، تارىخ جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە (مىللەتشۇناسلىق) ۋە كەڭ فولكلور ۋاستىسى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تاشقى دۇنياسىنى يورۇتۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن بولسا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىچكى (مەنىۋى) دۇنياسىنى، يەنى ئۇلار- نىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى، ئەخلاق ـ پەزىلەت، دۆلەت ـ جەمئىيەت، ئىلىم- ئەقىل ۋە قانۇن ھەققىدىكى چۈشەنچە ھەم ئەمەلىي تەجرىبى- لىرىنى، يىغىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگى- يىسىنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا، بۇ ئىككى شاھانە ئەسەر پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ قوشكېزەك مەھسۇلى

---

* ئىبەك جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇماتلار»
1 - توم 80 - 81 - بەتلەر 1955 - يىل نەشرى.

سۈپىتىدە ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر جۈپ بىباھا گۆھەر بولۇپ، X، XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشىنىشتە، جۈملىدىن، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان ئاجايىپ ھەسسىلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

## بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
## ياشىغان دەۋرى

قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ XI ئەسىر مۇھىتىدا مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى تاسادىپىي ھادىسە بولماي، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. چۈنكى XI ئەسىردە شەرقتە كۇچاغىچە بولغان ئارىلىق بىلەن شەرقىي - شىمالدا ئىلى ۋادىسىنى، غەربتە ئامۇ دەريا (جەيھۇن) نىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە بولغان جايلارنى، جەنۇبتا چەرچەنگىچە بولغان خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىن قاراخانىلارغا تەۋە ئىدى. بۇ يەرلەردە قەشقەر، بالاساغۇن، بارسغان، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى)، تالاس (ھازىرقى جامبۇل)، فاراب (ئوترار)، شاش (تاشكەنت)، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق ئونلىغان چوڭ شەھەرلەر قەد كۆتۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى. پاختا، يىپەك، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، گىلەمچىلىق، بوياقچىلىق، كۆنچىلىك، سىرچىلىق، كوزىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

ھۈنەر، سانائەت، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىققا ئوخشاش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشلىرى ئالاھىدە راۋاجلان-غان، يەنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەل-گەن، شەھەرلەر ئارا قاتناش ۋە سودا-سېتىق تەرەققىي قىل-غان، پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىمۇ تەرتىپكە چۈشكەنىدى. بولۇپمۇ قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچادىن ئۆتۈپ ئىران، رۇم ۋە ئەرەب ئەللىرىگە باردىغان «يىپەك يولى» لىنىيىلىرىنىڭ قارا-خانىلار زېمىنىدا بولۇشى بۇخانىدانلىقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. دېمەك، XI ئەسىرگە يەتكەندە قاراخانىلار مۇستەھكەم بازىسقا ئىگە كۈچلۈك بىر فېئودال سۇلالە بولۇپ قالغانىدى.

«ھەربىر بازىسنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۈستقۇ-رۇلمىسى بار» لىقى ھەممىگە مەلۇم، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى بولغان مەدەنىيەتتىمۇ ئالاھىدە يېڭىلىقلار مەي-دانغا كەلگەنىدى. قەدىمكى مىللىي ئەنئەنىلەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئامىللىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ مەدەنىيەت بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك مۇستەھكەم بازىس ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىرقەدەر تېچ مۇھىت شارائىتىدا شەرق ۋە غەرب بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى، بولۇپمۇ، ئىسلام دىنى قارا-خانىلارنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ كۆپتىن بۇيان توپلاپ كەلگەن

دۇنياۋى ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى
تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئايرىمىلىقلاردىن قەتئىنە-
زەر، شەرقتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى تەتقىق
قىلىش ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىمۇ قارا خانىلار ئۇيغۇرلىرىغا ئىجا-
بىي تەسىرلىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يۇق-
رىدىن تۆۋەنگە بولغان قوللاش ۋە مەدەتكارلىقلارمۇ، مەدەنىيەت-
نىڭ تېز راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. مەسىلەن:
دوكتور زەكى ۋەلىدى تۇغاننىڭ ئېيتىشىچە، قاراخانىلاردىن
«X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان ھارۇن مۇسا بۇغ-
راخان بالاساغۇندا ئۆلىما ۋە ماشايىخلارنى ئۆز ئەتراپىغا
توپلاپ، مەسچىت - مەدرىسلەر سېلىشقا نۇرغۇن پۇل سەرپ قىل-
غان ......»، «1032 - يىلى ۋاپات بولغان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ
ئۆزى مۇزىكا ئۇستىسى ئىدى»، «1080 - يىلى تەختكە ئول-
تۇرغان خىزىرخان شائىرلارنى بەك ھىمايە قىلاتتى، شېئىرىيەتتە
مۇشائىرىلەر ئۆتكۈزەتتى، بىر قېتىم بىر ماھىر شائىرغا 250
دىنار قىممىتىدىكى تۆت ئالتۇن تاۋاق مۇكاپات بېرىلگەن.»*
جۈملىدىن، قەشقەرلىك تارىخچى مەجىدىدىن مۇھەممەتنىڭ
1058 - يىلى «تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى ئىبراھىم
خانغا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1069 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»
نى ھەسەن بۇغراخانغا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 1074 - يىلى
«دىۋانۇلۇغەتىت - تۈرك»نى باغداتتا ئابباسىيلار خەلىپىسى ئوبۇل-
قاسىم ئابدۇللاغا، مۇھەممەت سەمەرقەندىنىڭ 1077 - يىلى
«ئاغرازى سىياسەفى ئىلمىرىياسە» (ھاكىمىيەت ئىلمى ھەققى-
دىكى سىياسىي مەقسەتلەر) ناملىق ئەسىرىنى قەشقەردە مەسئۇت

* زەكى ۋەلىدى تۇغان: «تۈرك - تاتار تارىخى» 28 - بەت. 1915 - يىل. قازان.

خانىدا تەقدىم قىلغانلىقى ۋە ئوبۇل فۇتۇھ ئەل-ئەسبانەنىڭ شۇ چاغلاردا «تارىخى قەشقەرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى — مانا بۇ پاكىتلارمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شامان، مانى، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھامان ساقلاپ تۇرماقتا ئىدى؛ بىر تەرەپتىن ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئىلغار ئامىللىرى سىڭىپ كىرىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلياتسىيەسى باشلانغانىدى ۋە بۇنىڭغا قارشى مىللىي تىل، مىللىي ئەدەبىيات ئۈچۈن، يەنى تىل ۋە ئەدەبىياتتا ئەرەبلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كەسكىن كۈرەشمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى. «دىۋانۇلۇغەتىت-تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەنە شۇ كۈرەشنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق بىر دەۋردە ياشىدى ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ئەنە شۇنداق بىر دەۋردە دۇنياغا كەلدى.

## ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

ھەممىدىن بۇرۇن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا

تۇغان قاراخانىلار دەۋرىدە ياشىغانلىقىغا ۋە ئۆزىنىڭمۇ تەقۋادار بىر مۇسۇلمان بولۇشىغا قارىماي، ئۆز ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا خۇدا، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر ھەققىدە ئازراق توختالغاندىن باشقا، ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئاساسىي پرىنسىپلىرى، دىن مۇئەسسەسىلىرى، قازىلار ۋە باشقا دىنىي ئەقىدە ھەم ئۇقتىسىنەزەرلەر ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. ھەتتا ئاللا، پەيغەمبەر قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىدىكى «تەڭرى، بايات»، «يالاۋاچ» سۆزلىرىنى ئىشلىتىدۇ. پۈتۈن «قۇتادغۇبىلىك»-تە ئەرەبچىدىن كەلگەن ئىلمىي ئاتالغۇلار بىلەن باشقا ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز دېيەرلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىسال ۋە نەقىللەرنى «ئايەت» ياكى «ھەدىس-لەر» دىن ئەمەس، ئۇزاق مىللىي تارىخىمىزدىكى بۈيۈك شەخسلەردىن كەلتۈرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يارىتىلىش، ئۆلۈم، روھ ۋە ئاق-ۋەت قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ «خۇداگۇي» بولۇشىغا قارى-ماي، كائىنات ۋە دۇنيانىڭ «ماددا» ئىكەنلىكى، بۇ ماددىنىڭ تىنىماي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەرىكەت جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ يوق بولۇپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ چوقۇم مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. مەسىلەن: ئۆز دەۋرى-دىكى پەيلاسوپلار تەرىپىدىن ھايات ۋە تەبىئەتنىڭ ئاساسى دەپ تونۇلغان تۆت ئاناسىر (يەل، سۇ، تۇپراق، ئوت) ئۈستىدە توختىلىپ*(بۇنى تۆت ساھابە، يەنى تۆت چاھاريارغا تەققاسلىغان ھالدا) مۇنداق دەيدۇ:

* قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرى پۈتۈن مەۋجۇداتنى بەش ئاناسىردىن يەنى مېتال، ياغاچ، سۇ، تۇپراق، ئوتتىن تەشكىل تاپقان، ھەممىسىنىڭ ئاساسى يەل دەپ بىلىدۇ.

بۇ تۆرت ئەش ماڭا تورت تادۇ* تەگ تۇرۇر،
تۈزۈلسە تادۇچمن تىرىكلىك بولۇر.

ئاسمان بوشلۇقىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن بىر-بىرىگە توقۇنۇشماي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇلاردا بىرىسى بىرىگە ياغى،
ياغىقا ياغى ئىدتى كەستى چۇغى.
قارشىماز ياغىلار ياراشتى ئۈچۈن،
كۆرۈشمەز ياغىلار كۆتۈردى ئۈچىن.

يەشمىسى:

يېتىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە-بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلىدى جەڭنى نىرى.
قېرىشماس بۇ ياۋلار ياراشقان ئۈچۈن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۈچىن.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ قەدىمكى جۇڭگو ياكى مىسىر ۋە بابىل-ئاسورىيىدە ئۆتكەن بەزى پەيلاسوپلارغا ئوخشاش سۇبيېكتىپ ئېتىقادىنىڭ قاندا قىلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۆزىدە مەلۇم ستىخىيىلىك سادىدا ماتېرىيالىستىك قاراشنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ھاياتنىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن تاشقىرى، خۇددى قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپى لاۋزىغا ئوخشاش چەكسىز ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ ھامان غەلىبە قازىنىشىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

مەسىلەن:

* تادز — ئاناسىر، زات.

قامۇغ ئەسكى نەڭلەر ئىرىنچىك بولۇر،
ئىرىنچىك يۈكى كۆر يېرىنچىك بولۇر.
ياڭى نەڭ بولۇردا بۇ ئەسكى نەرەك،
تالۇ نەڭ بولۇردا ياۋۇز نە كېرەك.

يەشمىسى:

پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى كۆپ كۆڭۈلسىز بولۇر.
يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
ئۆز نەرسە بار يەردە يامان نە كېرەك.

مۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئامىل قانۇن ياكى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدۇر. قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، مەسىلەن: مىلادىدىن بۇرۇنقى ٧، ٦ ئەسىرلەردە ياشىغان قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىن لاۋزى بىلەن كۇڭزى، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل، «ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبن سىنا ۋە باشقىلارمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغانىدى. بۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ «پولىتىكا»، فارابىنىڭ «ئەس-سىياسەتۇل مەدەنىيە» (دۆلەت سىياسىتى ھەققىدە)، ئىبن سىنانىڭ «كىتابۇس سىياسە» ناملىق ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. لېكىن، مەيلى ئارىستوتېل ۋە مەيلى فارابى بولسۇن، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىر «غايىۋى دۆلەت» سېخېمىسىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنى ئۇلار ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئارزۇ قىلغان «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدا

يۇكسەك تەپەككۇرلار يۈرگۈزگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، توغرىدىن توغرا قاراخانىلار دۆلىتىنى ياخشىلاش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشتىن مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بۇ كۈن تۇغدى تىگلى تۆرۈ ئۇل كۆنى» (بۇ كۈن تۇغدى دېگىنىم توغرىسىدىن توغرا قانۇننىڭ ئۆزىدۇر) دېگەن مىسرا بىلەن دۆلەت ھۆكۈمدارى بولغان كىشى، ھەممىدىن بۇرۇن قانۇننىڭ ئۆزى بولۇشى ۋە قانۇنغا ئۆزى ئەمەل قىلىشى لازىم دەپ تەكىتلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىر-بىرىگە چېتىلمىغان ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمدارنى بىر قولدا خەنجەر-پىچاق، ئوڭ تەرىپىدە بىر چىنە شېكەر، سول تەرىپىدە بىر قاچا زەھەر تۇيۇقلۇق ھالدا كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ ھالەتنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: كۇرسىنىڭ چېتىقسىز ئۈچ پۇتلۇق بولۇشى ئادالەت سىمۋولىدۇر. چۈنكى ئۈچ پۇتلۇق نەرسە ئاسان قىڭغايمايدۇ، تۈز تۇرىدۇ. ئەگەر بىرى قىڭغايسا، قالغان ئىككىسى تۇرالماي، ئۈستىدىكى كىشى يىقىلىدۇ. پىچاق خەلقنىڭ ئىشىنى ئارقىغا سوزماي تېز ھەم كەسكىن ھەل قىلىشنىڭ ئالامىتى، شېكەر — زۇلۇم چەككەنلىكتىن ئادالەت تىلەپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدۇ، زەھەر — خەلقنى ئېزىپ، ئادالەتتىن كەچكەنلەرگە ئىچكۈزۈلىدۇ.

كۆنىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىڭ،
ئادىرمازمەن بەگنىڭ ياقۇلىنىڭ كىشىڭ.

**يەشمىسى:**

قىلمۇرمەن ئادالەت بىلەن ئىشنى ھەل،
دېمەيمەن كىشىنى بەگ، قۇل، كەمبەغەل.

دەپ ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قانۇن ئالدىدا ھەممىنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. نوشىرۋاننىڭ ئادالەت بىلەن ياخشى ئات چىقارغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ:
ھۆكۈمدارنى نوشىرۋاندەك ئادىل بولۇشقا چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئادىل قانۇن يولغا قويۇلسا، ئەلگە بەخت-سائادەت يېغىپ، تىنچلىق بولىدۇ. ھەتتا قوي بىلەن بۆرى بىر يەردە سۇ ئىچىدۇ. مىسالى، خەلق قوي، ھۆكۈمدار چوپاندۇر. چوپان قويغا كۆيۈمچان بولۇشى كېرەك:

بۇدۇن قوي سانى ئۇل بىگى قويچىسى،
باغرساق كېرەك قويغا قوي كۈتچىسى.

يەشمىسى:

خەلقتۇر قوي كەبى، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدار قانۇنىنىڭ ئۆزىدۇر دېگىنى، ھەرگىز «پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى قانۇن» دېگەن مەنىدە ئەمەس. ئەكسىچە، ھۆكۈمدار ئادىل قانۇننىڭ ئىجراچىسى بولۇشى لازىم دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ پىكرىچە، قانۇندا تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپ بولۇشى شەرت: بىرىنچى، ئادالەت؛ ئىككىنچى، خەلققە ياخشىلىق قىلماق، يەنى خەلق پايدىسىنى كۆزلىمەك؛ ئۈچىنچى، باراۋەرلىك؛ تۆتىنچى، ئىنسانىيلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن

تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە بولسا كېرەك: «قانۇن
ھۆكۈمدارلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھۆكۈمدارلىق ھەرقانچە ئۇلۇغ
بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن مۇھىمى قانۇن-
نىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر. مەيلى ئوغلۇم، تۇغقىنىم بول-
سۇن، مەيلى يولۇچى مۇساپىر بولسۇن، مېنىڭ ئۈچۈن ھەممى-
سى ئوخشاش، ھۆكۈم چىقىرىدىغان چاغدا ھېچ قايسىسىنى
پەرقلەندۈرمەيمەن ... دۆلەتنىڭ ئۇلى ـ ئادالەت. قانۇننى ئادىل
يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدار پۈتۈن تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ ... خەلقنى
ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىل، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە زورلۇق
قىلىشىغا يول قويما، قانۇن قۇياشى پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتىشسۇن،
پۈتۈن جاھان يورۇسۇن ... ھەممە ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەسلى بىر،
ئۇلارنى ئايرىيدىغان شەرت پەقەت بىلىم دەرىجىلىرىدۇر ...
قانۇن ئىنسانىيلىقنى قانچىلىك دەرىجىدە يولغا قويسا، خەلق
شۇ دەرىجىدە بەختلىك بولۇپ، دۆلەت مۇستەھكەملىنىدۇ ... دۆ-
لەتنى خاراب قىلىدىغان نەرسە ئىككى: بىرى، ۋەزىپە ئىقتىدا-
رىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش، يەنە بىرى ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش؛
بىر ھۆكۈمدار قولىنى پەقىرلىقتىن قۇتقازمىسا، ئۇ قانداق ھۆ-
كۈمدار بولالىسۇن ...»

ھالبۇكى، ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىل يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ بۇ قاراشلىرىغا تامامەن زىت پوزىتسىيىدە تۇرىدۇ.
ئەپلاتون: «تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىك-
تۇر ...... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئازاد) ئادەمگە تېخىمۇ
كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇ سۈرەت بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خو-
جايىن بولالايدۇ. ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزە-
لىگەنلەر جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدىغان ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر

ھېسابلىنىدۇ ...»① دەيدۇ. ئارىستوتىل: «قۇللار ئەھلى ھايۋانىغا ئوخشايدىكى، ئىككىسىنىڭمۇ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ، قۇللار — مال - مۈلۈكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خوجايىنىنىڭ مۈلكى ھېسابىغا كىرىدۇ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇشى تەبىئىي ھال، بەزىلىرى ھۆكۈم قىلىشقا، بەزىلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان»② دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قەلەم تۇتىدىغان» ۋەزىرلەر بىلەن «قىلىچ تۇتىدىغان» ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ «خەلق ئارىسىدىن چىققان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلاردىن تاللاپ ئېلىنىشى لازىملىقىنى تەكىتلىسە (2422 - بېيىتكە قاراڭ)، فارابى بۇ مەسىلىدە ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىلنىڭ قاراشلىرىنى تەكرارلاپ «پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا «پازىل شەھەر رەئىسى» نىڭ يارىتىلىشىدىن (تۇغما ھالدا) شۇنىڭغا لايىق شەرتلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى، يەنى بىرىنچىدىن تەبىئىتى ۋە يارىتىلىشى ئېتىبارى بىلەن رەئىسلىككە لايىق بولۇشى، ئىككىنچىدىن، ئۆزىدە رەئىسلىك ئىرادىسى ۋە مەلىكىسى بولۇشى لازىملىقىنى ئالغا سۈرىدۇ (پروفېسسور كافەسوغلۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ). بۇ مىساللاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، قانۇن، ئادالەت ۋە قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋارىسى ياكى شاگىرتى ئەمەس، ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بۈيۈك

---

① ئەپلاتون: «دۆلەت» (تۈركچە تەرجىمىسى). 1 - توم 31 - بەت.

② ئا. شەنىل: «قەدىمكى يۇناندا سىياسىي چۈشەنچىلەر» (تۈركچە تەرجىمىسى) 163 - بەت.

مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت تېمىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە: دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن بىلەن تۈزەش ۋە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، بەخت ۋە ياخشىلىقنىڭ ھامىيسى بولغان ئەقىللىك-بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋەزىر ۋە دۆلەت خادىملىرى بولۇشى لازىم. «قۇت» (دۆلەت ياكى بەخت-سائادەت) كە ئېرىشىش، قولغا كەلگەن «قۇت» نى مەھكەم ساقلاپ قېلىش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئەلنى بېيىتىپ، تىنچ ئاسايىشتا ياشاشقا سازاۋەر قىلىش، ھەركىم ئۆزىنى ۋە يۇرتىنى سائادەتمەن قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى تىلەكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت ھەممىدىن مۇھىمدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە: «ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقلار ئەقىلدىن كېلىدۇ. ئەقىللىك ئىنسان بۈيۈكتۇر ... ئەقىل ئىنسان ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ بېشى، كېچىدىكى قاراڭغۇلۇقتىكى ئىنساننى ئەقىل مەشئەل كەبى يورىتىدۇ ...... ئەقىل ھەر زامان ئۆگىدىن ئىش قىلىدۇ. ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ سولى يوقتۇر ...... ئەقىللىك بولۇش تەڭرىنىڭ نېمىتى ...... دۆلەت بىرەر ئاغرىقىقا دۇچار بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجى ئەقىل ۋە بىلىمدۇر. ھۆكۈمدار مەملىكەت ۋە قانۇنلارنى بىلىم بىلەن قولغا كەلتۈرەر ۋە ئەقىل بىلەن ئىدارە قىلار ... بىلىملىكلەرنىڭ بىلىمى خەلقنىڭ يولىنى ئايدىڭلىتىدۇ ... سەنمۇ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەن، بىل، ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسەت ... بىلىملىكلەرنى قوي پادىسىنىڭ سەركىسى ھېسابلا، ئۇلار پادىنى توغرا يول بىلەن باشلاپ ماڭسۇن ... بىلىملىك كىشىنىڭ نۇرنى كۆك (ئاسمان) دىنمۇ ئېگىز ... ئىنسان

ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يۇكسىلەر ... بالىلارغا پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگىتىش لازىمكى، ئۇلار ياخشى ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىشسۇن... بىلىم بىل، ئۆزۈڭنى يۇكسەلت ياكى ھايۋان ئاتىلىپ، ئىنسانلىقتىن يىراقلاش ... ئىپار بىلەن بىلىم بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئىنسان بۇ ئىككى نەرسە ئالدىدا ئۆزىنى يورۇشۇن تۇتالمايدۇ... مۇنۇ تۆت نەرسىنىڭ ئېزىنى ئازدېمە: ئوت، دۈشمەن، كېسەللىك، بىلىم ... بىلىملىكنىڭ سۆزى بىلىمسىز ئۈچۈن كۆز بولۇر.»①

بۇلا ئەمەس. بىلىم مەسىلىسىدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بەزى كونكرېت پەنلەر، مەسىلەن: ئاسترونومىيە بىلەن ماتېماتىكا ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. «يۇلتۇزچىلار يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى بىلىدۇ، ئەي ئىنسان، مۇنداق ھېساب بەك لازىمدۇر. بۇنى ئۆگەنمەكچى بولساڭ گېئومېترىيە ئوقى، ئاندىن ساڭا ھېسابنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە ھەممە كەسىرلەرنى تولۇق ئۆگەن ... يەتتە قات ئاسماننىڭ سىرلىرىنى يەردە ياتقان غازاڭدەك پىششىق بىل ... ئالگېبرا ئۆگەن...»②

ئىجتىمائىي تەپەككۇرلەر دىنىي شەرىئەت قائىدىلىرى كونترولۇقىدا تۇرغان بىر دەۋردە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دىنىي ئەقىدىلەرگە بىۋاستە ئالاقىسى بولمىغان مۇنداق ئەمەلىي بىلىم پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە.

ئەخلاق - پەزىلەت تېمىسىدا توغرىلىق (تۈزلۈك) ياخشىلىق، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، ئاڭلىقلىق، سەۋرچانلىق،

---

①② رېشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» 1 - توم، 54 - 56 - بابلارغا قاراڭ.

ئېغىر-بېسىقلىق، مەردلىك، سېخىيلىق، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت، ئەدەب، قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇش، تىل-نىڭ پەزىلىتىنى ساقلاش، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماسلىق، شېرىن سۆزلۈك، يۇمشاق تىللىق بولۇش، زوراۋانلىق، ئوغرى-لىق، لۈكچەكلىك، يالغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەت ساقلاش، ئاچكۆزلۈك، ھاياسىزلىق، ھاراقخورلۇق، زىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىقلاردىن قاتتىق ساقلىنىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بولۇپمۇ ھۆكۈمدار بولغان كىشىنىڭ ئەخلاق-پە-زىلەتتە ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى، شەخسەن ئۆزى يۇمشاق كۆڭۈللۈك، شېرىن تىللىق بولۇشى، يامان ۋە چىركىن ئىشلاردىن قېچىشى، كىشىلەرگە شەپقەتلىك بولۇشى لازىملىقى تەكرار-تەكرار قەيت قىلىنغان.

مەلۇمكى، بىلىم ۋە ئەخلاق تېمىسى ئىنسانىيەتنىڭ مەدە-نىيەت قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ دېگۈدەك ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ياكى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان بالىلىرى بىلىم ۋە ئەخلاق ئىگىسى بولۇشقا باشلىغىنىدىن كېيىنلا، بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيلىككە قەدەم قويدى. مىلادىدىن 3000 يىل بۇرۇن قەدىمكى مىسىردا «سىبويەت» دېگەن نام بىلەن ئەخلاق كىتابلىرى يېزىلىشقا باشلىغان. مىلادىدىن 2870 يىل بۇرۇن، مىسىر فىرئەۋنى ئېسسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان پىتاخ خوتېپ ئۆزىنىڭ شۇ مەزمۇندىكى كىتابىنى مەك-تەپلەردە ئەخلاق دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇتقان. ئۇنىڭدىن بىر-ئىككى مىسال: «بىلگەنلىرىڭ بىلەن مەغرۇرلانما، بىلىملىكلەردىن پايدىلانغىنىڭدەك بىلىمسىزلەردىنمۇ پايدىلىنىشنى بىل، چۈنكى بىلىمنىڭ چېكى يوق، بىر ھېكمەتلىك سۆز خۇددى قىممەتلىك گۆھەرگە ئوخشاش يوشۇرۇندۇركى، ئۇنى ئىستىمەك، بىر چۆرە (قول ئايال) ياكى پېقىرلەرنىڭ پېقىرى بولغان بىر كىشىنىڭ

يىنىدىمۇ تاپالايسەن ...... بىلىم كۆز ۋە قۇلاقتىن كىرەر، ئەقىل ئۇنى سىڭدۈرەر ...... ئاچكۆزلۈك ساقايماس ئاغرىق ...» قەدىمكى مىسىرلىقلاردىن بۇرۇنراق، يەنى مىلادىدىن 3500 يىل ئىلگىرى قەدىمكى بابىل - ئاسسۇرىيىدىمۇ ئەخلاق بابىدا ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. قەدىمكى جۇڭگودا لاۋزى (مىلادىدىن بۇرۇن 603 - 531)، كۇڭزى (مىلادىدىن بۇرۇن 551 — 479)، مېڭزى (مىلادىدىن بۇرۇن 390 — 305) قاتارلىق پەيلاسوپلارمۇ بىلىم ۋە ئەخلاق تېمىسىدا نۇرغۇن پىكىر يۈرگۈزگەن. لاۋزى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما ... مەرھەمەتلىك ۋە يۇمشاق كۆڭۈللۈك بول ... بىلىمدىن قىممەتلىكرەك نەرسە يوق، بۇنى چۈشەنمەكنىڭ ئۆزى بىر پەزىلەت، بىلىم ئىنساننى تىرىشماققا ئۈندەيدۇ ...»①

كۇڭزى مۇنداق دەيدۇ: «پەزىلەت ئىگىسى ھېچقاچان ھېچ يەردە يېتىم قالمايدۇ، ئۇنىڭغا دائىم ھەمراھ تېپىلىدۇ...... ئەخلاقىي ۋە روھىي يۈكسىلىشنىڭ يولى ئىلىمدۇر. ئەگەر بىرى مەندىن دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ يولى نېمە دەپ سورىسا، مەن مۇنداق جاۋاب بېرەتتىم: خەلقنى تويدۇرماق (باي قىلماق)، قوشۇن تەربىيىلىمەك ۋە خەلقتىن قانۇنلارغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلماق ۋە قانۇننى قەتئىي يولغا قويماق......»②
مېڭزى مۇنداق دەيدۇ: «مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلىشنى تىلىگەن بىر دۆلەت باشلىقى خەلقنىڭ قېرىندىشى ۋە ئاتىسى بولۇشى كېرەك. خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا خۇش بولۇپ، قايغۇسىغا

---

① «تۆت كىتابنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىكى شەرھى». «لاۋزى بابى»غا قاراڭ.

② «مۇھاكىمە ۋە بايان»، 232 - بەت. 1963 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

قايغۇرۇشى لازىم، خاتالىق ۋە كەمچىلىكنى بىلىش ھەم ئۇنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىش ھەركىم ئۈچۈن بىر پەزىلەت. ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان دۆلەت باشلىقىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم، خەلق قەلبىدە ئورۇن ئالالمىغان ھۆكۈمدار ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈشى كېرەك. ماھىيەتتە، خەلق بىرىنچى ئورۇندا، تەڭرى ئىككىنچى ئورۇندا، پادىشاھلار ھەممىدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئەقىللىك پادىشاھ مەملىكەتنىڭ كەڭلىكىنى ئەمەس، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى، بىلىملىك بولۇشنى ۋە توغرىلىقىنى سۆيىدۇ....»①

قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ بىلىم ۋە ئەخلاق-پەزىلەت بابىدىكى تەپەككۇرلىرىدا زاھىر بولغان مۇنداق ئاكتىپ ئامىللارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىشى، بىر تەرەپتىن مەسىلىلەرنىڭ قايسى مىللەت ۋە قايسى دەۋردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بىر تېما ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر② مىللىي شارائىتىدا يېتىشكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ؛ جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە قەدىمكى يۇنان ياكى غەرب تەسىرىگە قارىغاندا قەدىمكى شەرق تەسىرىنىڭ كۈچلۈكرەك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، رۇس ئالىمى ۋ. بارتولدنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە

① «تۆت كىتابنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدا شەرھى». «مېڭزى بابى» غا قاراڭ.

② بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر» سۆزىنى شۇ چاغدىكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى مەنىسىدە چۈشىنىش توغرىراق بولىدۇ.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك دېگەن پىكرى بىلەن پروفېسسور فىڭ جىياشېڭنىڭ: «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، خەنزۇلار بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىك ئىدىيىلىرىدە خەنزۇلارنىڭ بەزىبىر پىشىۋالىق ئىدىيىۋولوگىيىسىنىڭ ئامىللىرىمۇ كۆرۈلگەن»① دېگەن سۆزلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈش ئارتۇقچە بولىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركىيە ئالىمى س. مەخسۇدى: «كۇڭفۇزىيۇس (كۇڭزى) ئالغا سۈرگەن پەلسەپە تۈركلەرنىڭ مىللىي ئەخلاقىدىن ئۆزاق بىر پەلسەپە ئەمەس» دەيدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى بىر ئۇيغۇرچە تېكىستتىن مۇنۇ پارچىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «ھېكىم كۇڭفۇچيۇس دەيدۇكى، يۇرت سورايىدىغان بەگلەرگە ئۈچ نەرسە لازىم: يەنى ئەسكەر، ئاش ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى خەلق ئىشەنچىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئىبارەت.»②

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى يەنە بىر مۇھىم بىر مەسىلە، ئاقىۋەت ياكى قانائەت سىمۋولى بولغان ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا ئىپادىلەنگەن رېئال دۇنيا تۇرمۇشى بىلەن مەۋھۇم «ئاقىۋەت» تىن ئىبارەت زىددىيەتلىك مەسىلىدۇركى، مۇنداقلا قاراشتا ئۇدغۇرمىش ئۆلۈم بىلەن تۈگەيدىغان قىسقا ھاياتقا نىسبەتەن «قانائەت» پوزىتسىيىسىدە تۇرىدىغان بىر تەقۋادار سوپى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ رېئال ھاياتتىكى بەخت-سائادەتكە قىزىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشىلىق تىلەشنى ئەۋ-

① فىڭ جىياشېڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇماتلار» 1 - توم، 81 - بەت.

② س. مەخسۇدى: «تۈرك تارىخى ۋە ھوقۇق» 64 - 66 - بەتلەر، 1947 - يىل نەشرى.

زىل كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ خاراكتېرلىك بىر پېرسوناژ ئارقىلىق رېئال دۇنيا بىلەن مەۋھۇم ئاقىۋەت تۇغرىسىدىكى زىددىيەتلىك قاراشنى ھەل قىلىپ، ئاخىرقى نەتىجىدە كىشىلەرنى ياخشىلىق تىلەشتىن كۆرە قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. رېئال كىشىلىك تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلاشقا، شۇ يول بىلەن «ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولۇشقا» چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى دەل ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

XX ئەسىر كىرگەنگە قەدەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇكەممەل نەشرى مەيدانغا كەلمىگەن ۋە ئەسلى تېكىستىنى تۇغرا ئوقۇپ چۈشىنىشتىن تېخى ئۇنۇملۇك نەتىجە ھاسىل قىلىنمىغان بىر شارائىتتا، بۇ كىتابقا پەقەت مەنتىقىي مۇلاھىزىلەر بويىچىلا باھا بېرىش، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەۋى سىستېمىسىنى سۇبيېكتىپ قىياسلار بىلەن تەھلىل قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ كەلگەنىدى. مەسىلەن: بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ھىندى - ئىران پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە، ھەتتا ئىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى قېلىپىدا يېزىلغان بىر نەسىھەتنامە، دېسە، بەزىلەر قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى تەسىرىدە يېزىلغان بىر ئەخلاق كىتابى دېيىشكەن؛ بەزىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنى تۇغرىدىن تۇغرا ئارىستوتېل بىلەن فارابى ۋە ئىبىن سىناغا باغلاپ ئۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغۇچى ياكى ئۇلارغا تەقلىد قىلغۇچى دەپ چۈشەنگەنىدى. كېيىنچە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تولۇق نەشرى ۋە تۇغرا ئوقۇلۇشى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىسىدا، بۇ قاراشلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈزىتىلدى. «مەن - ، دەيدۇ ۋامبېرى، — دەسلەپ بۇ ئەسەرنى خەنزۇچە ياكى پارسچە بىر كىتابتىن قىلىنغان تەرجىمە ياكى

ئۆزلەشتۈرە دەپ چۈشەنگەنىدىم، پەقەت چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىمدىن كېيىنلا، ئۇ، تۈركىي خەلقلەر مەھسۇلى ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.» ① پروفېسسور ئى. كافسوغلۇ مۇنداق دەيدۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› پەلسەپە ياكى ئەخلاق كىتابى بولۇشتىن تولىراق قانۇن ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەرت ھەم سۈپەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي ھايات ھەققىدىكى بىر سىياسەت كىتابىدۇر. ھالبۇكى، ئىبن سىنانىڭ توغرىدىن توغرا بۇ مەسىلىلەرگە ئاتالغان، يەنى دۆلەت ۋە ھۆكۈمرانلىق نەزەرىيەلىرىنىڭ تەھلىلىنى ئۆزىگە غايە قىلغان مەخسۇس بىر ئەسىرى مەۋجۇت ئەمەس.... يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئارىستوتېلغا باغلاش يولىدىكى مۇددىئالار 80 يىل بۇرۇنقى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈم بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئىلمىي، دىنىي ۋە مەدەنىي ئاتالغۇلىرىدىن ھەققىي يوسۇندا ۋاقىپ بولماي تۇرۇپ، بۇ مەسىلىدە بىر خۇلاسىگە كېلىش ئۇڭاي ئەمەس.»② خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» شەرقتە بۇددىست ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، غەربتە ئىسلامچى ئۇيغۇر قاراخانىلار سۇلالىسى بىرلا ۋاقىتتا ياشاپ تۇرغان شارائىتتا، دىنىي ئېتىقاد ئايرىملىقلىرىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككى خانلىقتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ مۇجەسسەم بىرلىكىنى ساقلاپ تۇرغان شارائىتتا، بولۇپمۇ قاراخانىلار

---

① ۋامبېرى: «uiguriche sprachmonemente bau Sad Kudatubilik» (ئى. كافسوغلۇ تەرجىمىسى 5- بەت.)

② ئى. كافسوغلۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 38 - 39 بەتلەر 1980 - يىل

ئۇيغۇرلىرى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئاكتىپ ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىلىك مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھەتتا ۋەتىنىمىزنىڭ تۆت ئۇلۇغ كەشپىياتى — مەتبەئە، قەغەز، سالتىق دورىسى، كومپاس — نى ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئەرەب ئەللىرىگە ۋە غەربىي ياۋروپاغا تارقىتىۋاتقان بىر شارائىتتا، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە شۇ زامان بويىچە، ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بىر شارائىتتا مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن بىر دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن شاھانە ئەسەردۇر. ئۇ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پروگراممىسى (بىر سىياسەتنامە)، جەمئىيەتنى بىلىم ۋە ئەخلاق بىلەن تۈزەش ھەم ئىلگىرى سۈرۈش دەستۇرى (بىر پەلسەپە كىتابى ۋە نەسىھەتنامە) بولسا، ئۇسلۇب جەھەتتىن پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بىر ئەدەبىي ئەسەر؛ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى مۇجەسسەم بىر گەۋدىسىدۇر. بولۇپمۇ، ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەرلەشكەندىن كېيىنمۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقى بىلەن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا پۈتۈن بىر دەۋرگە باشچىلىق قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىي مۇھىتىدا، ئۆز ئىچىمىزدىن يېتىشكەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن چىن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى پەيلاسوپ شائىردۇر، شائىر ئۆز ئەسىرىنى ئاياغلاشتۇرۇۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى:

بىلىگ بىل ئۆزۈڭگە ئورۇن قىل تۆرە،
بىلىگ بىلسە ئۇزقا ئەدى بەرك تۆرا.
نەچە بىلىدىك ئەرسە تاقى بىل تىلە،
بىلىگلىگ تەگۆر كۆرتىلەككە سورا.

(بىلىم ئۆگەن، ئۆزۈڭگە تۆرىدىن ئورۇن هازىرلا، بىلىم ئىنسان ئۈچۈن مەھكەم بىر قورغان. ھەرقانچە بىلگەن بولساڭمۇ، يەنە ئۆگەن، يەنە ئىزدەن. قارىغىنىكى، بىلىملىك كىشىلەر سورا-سورا ئۆز تىلەكلىرىگە ئېرىشكەن)

بۇ ماقالە ئەنە شۇ سۆزلەر بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت تۆتتە زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن ساھەلەردە، جۈملىدىن مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ قەدىمكىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا ھارماي-تالماي ئۆگىنىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى *

مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە، ۋە دىن، ئىلىم-پەن ۋە ماتارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بىر قامۇس بولغانلىقى؛ ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا شۇ زامانغىچە مىسلىسىز كۆرۈلمىگەن چوڭ ھەجىملىك داستان ياكى نەزم بىلەن يېزىلغان يىرىك دراما ۋە XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى قاراخانىلار زېمىنىدا ئاللىقاچان ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئەرەب، پارس تىللىرى ئىلىم ھەم سەنئەت ساھەسىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىشقا باشلىغان شارائىتتا مۇئەللىپنىڭ شۇ رېئاللىقدىكى تۈرلۈك-تۈمەن چىگىش تېمىلارنى ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل ۋە يېنىك ئۇسلۇب بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرلىق

---

* بۇ ماقالە 1986 - يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 1- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى «ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلدىكى 2- سانىغا بېسىلغان.

تالانتى ۋە پەيلاسوپلارغا خاس دانىشمەنلىك ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا بۈيۈك بىر دەۋر ياراتقان ئۇلۇغ شەخستۇر.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەردە يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، مەيلى ئۇرقۇن-يېنسەي (توغرىسى ئېنساي) ۋادىسىدىكى كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى بۇددىست ئىدىقۇت ئۇيغۇرلاردا بولسۇن ۋە ھەتتا ئىسلام دىنىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان غەربتىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسۇن، «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىگىچە ھېچكىم مۇنداق نادىر ئەسەرنى يارىتىشقا قادىر بولالمىغان، «قۇتادغۇبىلىك» كە كېيىنكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسىرىي مۇقەددىمىدە: «چىن-ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق»، دەپ تەرىپلىگەنلىكىمۇ ھېچبىر تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ھېسابقا ئالمىغان ياكى ھېسابقا ئېلىشنى خالىمىغان بەزى كىشىلەر بۇ ئەسەرنى نوقۇل دىداكتىك (پەند-نەسىھەتلىك) داستان دەپ چاغلايدۇ ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن زاماندىش بەزى سۇلالىلەرنىڭ مەشھۇر سىياسىي ئەربابلىرى ھېسابلانغان قابۇس بىنىي ۋەشمىگىرنىڭ «قابۇسنامە» سى، نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» سى ۋە سۇبۇكتىكىنىڭ «پەندنامە» سى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ ئەسەر ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن نادىر «سىياسەتنامە» لەر بولسىمۇ، مەزمۇنى پەقەت پەندى-نەسىھەت بىلەن چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلى، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتى-

تىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىن تۆلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىر قاتاردا تۇرالمايدۇ.

چۈنكى، يۇقىرىدىكى ئۈچ ئەسەرگە مەزمۇن بولغان پەند-نەسىھەت تېمىسى «قۇتادغۇبىلىك» تە پەندى-نەسىھەت ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش نەسىھەتگۈي ناتىقنىڭ نۇتقى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈژەت، جانلىق ئوبراز، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ياكى شېئىرىي تىل بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا، بەدىئىي سۈژەتلىق داستان ياكى نەزمە بىلەن يېزىلغان دراما شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇيدىكەنمىز، مۇئەللىپنىڭ دەبدەبىلىك ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئەمەس، مىجەز-خۇلقى، ئىجتىمائىي ئورنى، ھاياتقا بولغان كۆزقاراشلىرى، ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، قىياپەت (پورترېت) ۋە كىيىم-كېچەكلىرىگىچە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىندىۋىدۇئال شەخسلەر (تىپىك پېرسوناژلار) ئارىسىدىكى جانلىق ۋە كەسكىن دىئالوگلارنى ياكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك مونولوگلارنى ئاڭلايمىز. شۇنداقلا ۋەقەلىكلەر جەريانىدا يۈز بەرگەن دراماتىك توقۇنۇشلارنى كۆرىمىز. شائىرنىڭ فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان لىرىزمى تەسىرىدە ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، گۈزەل تەبىئەت تەسۋىرلىرىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار مەنزىرىلىرىگە غەرق بولىمىز. شېئىرىيەتنىڭ ئەۋرىشىمدەك يۇمشاق، تاڭ سەلكىنىدەك يېنىك ۋەزنلىرى، تىللادەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان قاپىيەلەر، ئاجايىپ مەجاز (مېتافورا) لار بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىلىك تەپەككۇر دۇردانىلىرىگە تولغان ھېكمەتلەر دەرياسىغا چۆمۈلۈپ، قانچە-قانچە مىسرا ۋە بابلارنىڭ ئوقۇلۇپ بولغانلىقىنى تۇيماي قالىمىز. نەتىجىدە، دۆلەت، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن (ھوقۇق)، ئەخلاق، بىلىم ۋە ئەقىل توغرىسىدا، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ھەم ۋەزىپە-بۇرچى توغرىسىدا، ئادالەت ۋە زۇلۇم، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يورۇقلۇق ۋە

قاراڭغۇلۇق، ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىك، باتۇرلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، شادلىق ۋە ھەسرەت، قىسقىسى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە جەھەتلىرى توغرىسىدا قويۇلغان مەسىلە ۋە مۇلاھىزىلەردىن قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز؛ شائىرنىڭ شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ، راتسىئونال (ئەقىلگە مۇۋاپىق) بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئالىيجاناب غايە ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. مانا مۇشۇنداق باي مەزمۇننى مۇئەييەن بەدىئىي سۈژىتقا تىزىپ، بۈيۈك بىر داستان ياكى نەزمىي دراما يېزىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلاندى. بۇ پەقەت شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان ۋە شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىدىكى نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالىغان مۇشۇنداق مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

* *

XI ئەسىردە قاراخانىلار سۇلالىسى پايتەختى بولغان قەشقەر دىيارىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى.

تارىختا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا ئادەملەر ياشىغان قەدىمكى ماكان بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە، قول - ھۈنەر ۋە سودا - سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن قەدىمكى «يىپەك يولى» ئاشۇ رايوندا شەكىللەندى. سودا - سېتىق، دىن، مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى بولغاچقا، تۆت

بۈيۈك قەدىمكى مەدەنىيەت يەنى يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ھەمدە خرىستىئان، مانى، زەردۇش، بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق بىر قانچە مەشھۇر دىنلارمۇ شۇ رايوندا گىرەلىشىپ، نەتىجىدە بۇ رايون دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «تۆت كوچا ئاغزى» غا ئايلاندى. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە، بۇ رايون ئاھالىسى ھىندى - ياۋروپا ۋە خەنزۇ - تىبەت تىللىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايون ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (ئالتاي - ئورال، ھىندى - ياۋروپا ۋە خەنزۇ - تىبەت تىللىرى) گىرەلىشىپ كەتكەن جاي بولۇپ قالدى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا ئەرەبلەرنىڭ قەدىمى يېتىش بىلەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە مىلادى ٧، VI ئەسىرلەردىن باشلاپ، گېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، ياۋروپا كرىزىس ئىچىدە قالغاندا، قەدىمكى رىمنىڭ ئىلىم - پەن ۋە سەنئىتىگە ئەرەب تەرجىمانلىرى (جۈملىدىن غەيرىي ئەرەب ئالىملىرى، مەسىلەن، ئەبۇ نەسىر فارابى) ئارقىلىق ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىر مۇنچە غەيرىي ئەرەب ئەللىرى (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى) دىن تەشكىل تاپقاچقا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ خەلقلىرى مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدىن چىققان مۇسا خارەزمى، ئەھمەد ئىبنى پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ

بىلى ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرونى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانت ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەر دىيارىدىن بالقىپ چىققان ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت قۇياشىغا ئوخشاش پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەتتا ئەرەب-پارس ئەللىرىگىمۇ ئۆز شۆھرىتىنى يايدى ۋە غەربتە بۇخارا، سەمەرقەندە باغداد ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزى بولغان بولسا، شەرقتە قەشقەر دىيارىنى ئەنە شۇنداق مەركەزگە ئايلاندۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ، ئارغۇن سەلى، بۇيان بۇغا تېكىن، ئاپرىنچۇر تېكىن، سىلىغ تېكىن قاتارلىق ئالىم، تەرجىمان ۋە شائىرلار ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن تۇرپان رايونىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزىگە ئايلاندۇرغانىدى. قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئايرىمچىلىقلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل ۋە مەدەنىيەت بىرلىكى ساقلىنىپ تۇراتتى. قەشقەر دىياردا يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغەتىت-تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىلى بىلەن تۇرپان (بېشبالىق) دا مەيدانغا كەلگەن تەرجىمە، ۋە ئىجادىي ئەسەرلەر تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئالىملارنىڭ: يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇرپان مەنبەلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى، دېگەن پىكرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت شۇ چاغدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئالدىقاچان ئېشىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق دەۋردە ياشىدى. ۋە ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇنداق دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

* *

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، شېئىرىيەت، پروزا، نەسر ۋە دراماتورگىيە يازما ئەدەبىياتنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىلەن دراماتورگىيە بىرقەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قەدىمكى يۇنان ۋە ھىندى داستانلىرى بىلەن تىياتىرلىرى ھەممىدە جۇڭگو چاڭچىلىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىدىقۇتتا سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1964-يىلى قۇمۇلنىڭ تۆمۈرتى دېگەن يېرىدىن تېپىلغان «مائىترى سىمىت» ناملىق 20 نەچچە پەردىلىك دراممۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا مىڭ يىللار بۇرۇنلا دراما سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شەكىل جەھەتتىن داستان بولۇشى بىلەن بىللە دراممىغىمۇ مەنسۇپلۇقى مەسىلىسىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ، مەشھۇر تۈركولوگ م. گابائىن خانىمنىڭ: قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، سەھنىدە ئوينىش ئۈچۈنمۇ يېزىلاتتى، دېگەن نۇقتىئىنەزىرىمۇ شۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. شېئىرىيەتكە كەلسەك، باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ، ھەممىدىن كۆپرەك راۋاجلانغان ژانىر شېئىرىيەتتۇر. ئۇرخۇن-يېنىسەي ئابىدىلىرىنىڭ شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغانلىقى، تۇرپاندىن تېپىلغان بىرمۇنچە بۇددىست ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئاجايىپ ياخشى شېئىرلىرى، «دىۋانۇ لۇغەتىت-تۈرك»

ئە كىرگۈزۈلگەن بىرمۇنچە بېيىتلار بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ (خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

ئەمما، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەقەت يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈپ، يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئىلمىي، ھەم ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىسىدۇر. بۇ ماقالىمىزدە پەقەت ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى (ئاساسەن شېئىرىيەتتىكى ماھىرلىقى) ھەققىدىلا بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ

## يۇسۇپ خاس ھاجىپ: شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر قىلالايدىغان، دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار تېرىپ چىقىدىغان غەۋۋاسقا ئوخشاش رېئال تۇرمۇشتىن سۆز ئۈنچىلىرىنى تېرىپ، قىلىچتىن ئۆتكۈرەك تىل بىلەن بەزىلەرنى ماختاپ، بەزىلەرنى سۆككىدىغان، ماختىغان كىشىنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا يېيىپ، سۆككەن كىشىنىڭ نامىنى سېسىتىپ تاشلايدىغان ئادەم شائىردۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقان ياكى يازغانلىرى شېئىردۇر («قۇتادغۇبىلىك»، 56-بابقا قاراڭ). دېمەك، شائىرنىڭ تەپەككۇرى قىلدىنمۇ نازۇكراق بولۇشى، شېئىر ئۈنچە-ياقۇتتەك سۆز دۇردانىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولۇشى، شائىر ئۆز تىلىنىڭ قىلىچتەك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ماختاپ، سۆكۈشكە تېگىشلىكلەرنى سۆكۈشى لازىم.

كىمنى ياكى نېمىنى ماختاپ، كىمنى ياكى نېمىنى سۆكۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ

پۈتۈن مەزمۇنى ئەنە شۇ مەسىلىگە قارىتىلغان. يەنى ئۇنىڭدا ئادالەت ۋە ئادالەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئادىل قانۇن، ئەخلاق-پەزىلەت، ئەقىل-ئىدراك، ئاڭ ۋە بىلىم، يۇرت ۋە ئەلگە سادا-قەت ھەم خىزمەت، دوستقا ۋاپا ۋە مۇھەببەت، دۈشمەنگە غەزەپ ۋە نەپرەت، تۇرمۇشتا راستچىل ۋە پاكلىق، جەڭدە باتۇرلۇق ۋە شىجائەت، جاپادا چىدام ۋە غەيرەت، يوقسۇللارغا شەپقەت، زوراۋانلارغا لەنەت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلەر (ياكى شۇ پەزىلەت ئىگىلىرى) ماختىلىپ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سۆكۈلگەن. نەتىجىدە، ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇت جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغار مەيداندا تۇرۇپ، قالاقلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى كۆرەش قىلىش بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۇنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى زور خاھىشچانلىققا ئىگە ئىدىيولوگىيە ئىكەنلىكى، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغارلىق رولىنى ئويناپ، ئۇنى تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىملىقى قەيت قىلىنغان.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئانا تىل توغرىسىدا

كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
ئۇقۇش كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنى سۆيۈشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشى، ئۆز تىلىدا سۆز بار تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن سۆز ئۆتنە ئېلىپ يۈرمەسلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئېلىگ سۇندۇم ئۆزۈش مەن بىلىكنى تىلەپ.
سۆزۈگ سۆزگە تىزىدىم شاشۇردۇم ئۇرا.
كېيىك تاغى كۆردۇم بۇ تۈركچە سۆزۈگ.
ئانى ئاقرۇ تۇتتۇم ياقۇردۇم ئارا.

(مانا قولنى سۇندۇم ئىلىمنى تىلەپ،
قېتىپ سۆزنى سۆزگە، تىزىپ مەن ئۇدا.
بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۇم ياۋايى كىيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم، ئۆگەتتىم ئارا)

سىقادىم سەۋتىتىم كوكۇل بەردى تەرك.
تاقى ما بەلگۈلەر بەردىنە يېرە.
سۇنۇپ تۇتمىشىمچە ئەنەردىم سۆزۈگ،
كېلۈ بەردى ئۆترۈ يىپارى بۇرا.

(سىلاپ ئەكىلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
تېخى بەزى قورقۇپ، ھۈركۈپلا تۇرا.
سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىۋەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا)

دېمەك، كەڭ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان ياۋايى كىيىكتەك گۈزەل، ئوماق، شوخ ۋە ئويناق تۈركىي تىلى شۇنچە باي تىلدۇركى، ئۇنىڭدىن قانچە سۆز ئالىمەن دېسە، شۇنچىسى قولغا چىقىدۇ ۋە ئۇ سۆزلەر ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ، ئۆگىتىۋېلىشقا تىرىشسا، ئۇ ئىگىسىگە تېزلا كۆڭۈل بېرىپ، ھەممە ھاجىتىدىن چىقالايدۇ.

13 مىڭ 290 مىسرالىق «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەرەب - پارس سۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلگەنلىكى (ئىشلەتكەندىمۇ پەقەت تىبابەت، ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردىكى خاس ئاتالغۇلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى)

بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك پەزىلىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە ئۆز ئانا تىلىنى ياراتماي، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەرەب تىلىنى «ئەسەلەست» (ھەسەلدەك شېرىن)، پارس تىلىنى «شېكەرەست» (شېكەردەك تاتلىق) دەپ دەۋا قىلغۇچىلارغا قارشى «تۈركى ھۈنەرەست» (تۈركىي تىل ئىلىم-سەنئەت تىلىدۇر) دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئانا تىل جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى

پىكىر (يەنى مەنە) — شېئىرنىڭ جېنى، بىراق، يالىڭاچ بېرىلگەن پىكىر شېئىر بولۇۋەرمەيدۇ. پىكىر (مەنە) بەدىئىي تۈسكە كىرگەندىلا شېئىر بولالايدۇ. بەدىئىي تۈس پەقەت مەجاز (مېتافورا) لار ياردىمى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، مەجاز — شېئىرنىڭ قېنى، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەر ئۇنىڭ ھۆسنى ۋە پۇرىقى دېيىلىدۇ.

شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان كىشى شائىرنىڭ ماھارىتىگە قايىل قېلىپ، ئاپىرىن دەيدۇ ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىلا نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. مەسىلەن:

«كۆكۈل تۈپسىز دېڭىزغە ئوخشايدۇ، بىلىم شۇ دېڭىزنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنچە-مەرۋايىتتۇر، ئۇنى دېڭىزنىڭ تېگىدىن چىقىرىپ (ئىشلەتمىسە)، ئۇنىڭ سايىدىكى تاش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئالتۇنمۇ قارا يەر تېگىدە ياتقاندا، بىر

خىل تاش ياكى مېتال ئىدى. ئۇنى قىزىتىپ چىقارغاندىلا، شاھلارنىڭ بېشىغا تاج بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئالىملار قورساقتىكى ئىلىمنى ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئىشلەتمەي، يىل - يىللار ساقلىغان بىلەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ...»

«ئادەم ۋۇجۇدى قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئەقىل-پاراسەت بىلەنلا بۇ ئۆي يورۇيدۇ.»

«كۆڭۈل دېگەن شىشە(ئەينەك)دەك نازۇك نەرسە، ئاۋايلىمىساڭ سۇنۇپ كېتىدۇ، ياكى ئىسسىقتا ئېرىپ، سوغۇقتا مۇزلاپ قالىدۇ.»

«ئادىل قانۇن كۆكنى تېرەپ تۇرغان تۈۋرۈكتۇر، ئۇ بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ.»

«قارا يەر بىلەن سۇ يارىشىپ ئۆتكەچكە، شۇ ئىناقلىق خاسىيىتىدىن تۈمەنمىڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ يايرايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەملەر دوست ۋە قېرىنداش بولۇشۇپ، ئوبدان ئۆتسە، ھايات ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن بولاتتى.»

مۇنداق ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى يۈز - يۈزلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن، بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم مەجازلار بىلەن ئېيتىلغاچقا، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەرسىز (نەسىر ھالىدا) نەقىل قىلساقمۇ، يەنىلا شېئىرىيەت جاراڭلاپ تۇرىدۇ. مۇنداق پىكىرلەرنى نەزم ھالىدا ئوقۇساق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئىستېتىك زوق ئالالايمىز. مەسىلەن:

6529. قىزىل ئىدى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۈگۈن ئاڭا زەپەر ئورۇغىن سۈرۈتتىم.
6430. ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۈركۈدۈم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.
6531. يورۇق يازدەك ئىدىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

بۇ مىسرالاردا ئادەملەر ئۈچۈن ياشلىقنىڭ نە قەدەر گۈزەل بىر چاغ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نە- قەدەر ئېغىر ھەسرەت كەلتۈرىدىغانلىقى ئەنە شۇنداق نەپىس مەجازلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادا بولسا، پەقەت «بوي (قەددى، قامەت)، كۆڭۈل، ئوق ۋە ياي (يا)» دېگەن تۆتلا سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن شۇنداق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغانكى، بۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى شېئىرىي ماھارەت ئىكەنلىكىگە ھەرقانداق كىشى قايىل قالىدۇ:

371. بودۇم ئەردى ئوق تەگ، كوڭۇل ئەردى يا،
كوڭۇل قىلغۇ ئوق تەگ بودۇم بولدى يا.

يەنى بويۇم ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز چاغدا (يىگىتلىك چېغىمدا) كۆڭلۈم يادەك ئەگرى (ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن) ئىدى؛ كۆڭلۈمنى ئوقتەك تۈزەپ (مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىپ) بولغۇچە بويۇم يادەك ئېگىلىپ كەتتى.

تۆۋەندىكى مىسرالارمۇ، شائىر ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۇك- سەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

چىن ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى پەزىلەت يەنى تىل بىلەن دىلنىڭ ئوخشاش بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا:

863. تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.
864. چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ.

بىلىم توغرىسىدا:

6605. بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.
6608. بىلۇرمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز ئاتالدىڭ بىلىملىك ئارا.
6609. بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
نىچەلىك سۈمۈرگەي سۇ سۈندۈك شورا.

قوماندا‌ندا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا:

2310. سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
2311. تۈڭگۈز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.
2312. ئۇ بولسۇن ھىيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.
2313. سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسۇن قىيا قوزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.
2314. ھەممەتتە ئۇ بولسۇن گويا ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

تەبىئەت تەسۋىرى — باھار توغرىسىدا:

63. ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.
64. قوڭغۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.
67. قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى قېنىق ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.
70. تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

.72 غاز، ئۆردەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى ـ تۆۋەن.
.73 ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.
.75 ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچقىرغان كەبى سۆيمىشىن.
.76 قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

تاڭ مەنزىرىسى توغرىسىدا:

.5677 سەھەر قۇشى قوپتى ئەگىپ ئۇچۇپ،
ناۋا قىلدى سايراپ مىزا مىر ئوقۇپ.
.5679 نۇر نەيزە چېچىلدى يەردىن پۈتاقلاپ،
پەلەك مەگزى ئوتتەك بولدى يېلىنجاپ.
.5680 جانان كۈلگەن كەبى يورۇدى جاھان،
تاراپ قايغۇ، شادلىق بولدى نامايان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەجنىس، تۇيۇق، رۇبائىي ۋە غەزەل (قەسىدە) گە ئوخشاش گۈزەل ژانىرلىرىغىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن 1993، 1994، 2221، 3421، 2422، 4246 ـ بېيىتلارغا قاراش كۇپايە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئارۇز ۋەزنى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باشتىن ـ ئاياغ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتقارىپ بەھرىدە (مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇتاقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى مەھزۇپ ۋەزنىدە، پەقەت 3800 ـ، 3801 ـ بېيىتلار بىلەن ئاخىرىدىكى ئۈچ قەسىدىنىڭ ئىككىسى مۇتاقارىبى مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە) يېزىلغانلىقى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئەرەب ياكى پارسلارغىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىدىكى

خەلقلەرگىمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا بىر قانچە مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بىلەن شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىش جەھەتتىكى يۈكسەك ماھارىتى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئارۇز ۋەزنى بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، ياكى ئارۇز ۋەزنى پىكرىنى بوغۇپ قويىدۇ دېگەن قاراشلارنىڭ نە قاتارلىق ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ (ئايرىم بەھرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تۈركىي تىلغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئارۇز ۋەزنى بىلەن تۈركىي تىل ئوتتۇرىسىدا گارمونىك باغلىنىش بارلىقىنى، گەپ شائىرلارنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نامايەندىلىرىنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇنىڭ تېخىمۇ يارقىن مىسالىدۇر.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تولۇق بىر نەشرى تېخى مەيدانغا كېلىپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغان شارائىتتا، بەزى ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» ۋەزنىنى جەھەتتىن «شاھنامە» گە تەقلىد قىلىنغان دېگەن قاراشتا بولۇپ كەلگەن. ھالبۇكى، «شاھنامە» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان ۋاقىتنى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئارۇز سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نى شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى دەپ ھېسابلاش خاتا. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ، شائىرنىڭ بۇ ۋەزىندە ئاللىقاچان ئەسەر يازغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئەسەردىكى 170 نەچچە تۆتلىكلەر خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى بولغان قىتئەلەرنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارس مەس-

ئەۋەللەردە، جۈملىدىن «شاھنامە» دە مۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» ئەمدىلا ئايىغى چىقىپ تايتاڭلاپ مېڭىشقا باشلىغان مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ شېئىرىي ۋەزنىمۇ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتنىڭ داۋامى ياكى راۋاجىدۇر.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت مېتودى

مەلۇمكى، ئەدەبىيات - سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى مەۋجۇت، بۇ ئىككى ئاساسىي مېتود ئىككى چوڭ ئىدىيىۋى ئېقىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش يولى بىلەن تىپىك شارائىتتا تىپىك قەھرىمان يارىتىش، رېئالىزم مېتودىدۇر. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «نەزمىنامە» مەجمۇئەسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر، دۇفۇ (مىلادى 712 – 770) شېئىرلىرى ۋە «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» بىلەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن ياۋروپادا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، «تەنقىدىي رېئالىزم» دەپ ئاتالدى. بالزاك، دىكىنس، ل. تولستوي، چېخوپ قاتارلىقلار شۇ ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. رېئاللىقنى غايىۋى ئىستەك - ئارزۇلار ۋە قايناق تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش رومانتىزم

مېتودى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە غايىۋىلىكنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئىپادىسىدۇر، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان «نەزمىنامە» دىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بىلەن چۈيۈەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر) ۋە لى بەي (VIII ئەسىر) شېئىرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ياۋروپادا بولسا، رومانتىزم ئېقىمى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىي دەۋرىدە پەيدا بولدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت مېتودىدا مۇشۇ ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەۋجۇتتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى مەلۇم ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى جەھەتتىن رېئالىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولسا، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەنلىكى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان تۆت مەجازى شەخس ئارقىلىق «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر رومانتىزم ئېقىمىغا مەنسۇپتۇر، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» رېئالىزم بىلەن رومانتىزم چەمبەرچاس باغلىنىپ ھەم ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى زىددىيەتلەر ئېچىپ تاشلانغان ھەم غايىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ئەسەر. ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشلارنىڭ كۆنتۇغدى ئېلىككە تەكلىپ ياكى نەسىھەت تەرىقىدە ئېيتقان گەپلىرى ئەمەلىيەتتە بىزگە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ يېغىنچاقلىنىپ ئەپلىك سىزىلغان بىر سۈرىتىنى ياكى سىنىپىي زىددىيەتلەردىن يېزىلغان دىرامىنىڭ بىر قاتار كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق كەسكىن پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ:

«... ئەي خان، خەلققە نەزەر سال: ئۇلارنىڭ بىرى يالىڭاچ، بىرى زۇلۇم دەستىدىن بەختى قارا، بىرى يوقسۇللۇق دەستىدىن بىناۋادۇر. ئۇلار غەم-قايغۇدىن پىغان چەكمەكتە،

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىمارلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىمارلارنى داۋا-
لايدىغان دورا سەندە. چۈنكى سەن تېۋىپقا ئوخشايسەن، ئۇلار
ساڭا موھتاج. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ دەردىگە يەتمەسەڭ، قىيا-
مەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن.

... سەن ئۆزۈڭگە بىر قارىغىنا! خەلق شۇنچە ئېغىر
ئەھۋالدا تۇرغاندا، سەن ھەددەپ ئۆزۈڭگە بايلىق يىغىۋاتىسەن،
دېڭىز ئاستىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلار، يەر ئاستىدىكى ئالتۇن-
كۈمۈشلەر، تاغ قېتىدىكى جاۋاھىر-گۆھەرلەر ساڭا يېتىشمەي-
ۋاتامدۇ، ئېتىزدىكى دانلاردىن ئامبارلىرىڭنى تولدۇرسەن، ھاۋا-
دىكى ئۇچار قۇشلار، سۇدىكى بېلىقلار، جاڭگالدىكى ياۋايى
ھايۋانلار، قىرلاردىكى پادا-پادا ماللار، ھەتتا جەرەن، كىيىك،
بۇغا-مارالLارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىپمۇ، يەنە
نەپسىڭ قانمايۋاتامدۇ — بۇ نېمىدېگەن تويماسلىق!»
(71-بابقا قاراڭ)

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، شۇنداق قىلىپ، رومان-
تىزم پۇرىقى قويۇق بولغان تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ
ئاجايىپ ئۈستىسى — شىجائەتلىك، رېئالىست بىر مۇتەپەككۇر
شائىر ئوبرازى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. فېئودال
خانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدىكى ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمدارغا
شۇنداق خىتاب قىلىش پەقەت يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ
دېموكرات مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى.

* *

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ نادىر
ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
ۋە باشقا تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
ئىجتىمائىي، مەدەنىي-مائارىپ ئەھۋاللىرى، دۆلەت، قانۇن،
پەلسەپە، ئەخلاق ۋە دىنىي قاراشلىرى ھەققىدە ئىنسىكلوپېدىك
مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي

تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى يارىتىش بىلەن بىللە قەدىمكى مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن تامامەن يېڭى بىر ئەدەبىي ئېقىم ياراتتى، ھەم شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى بولۇپ قالدى؛ ھەتتا ئۆزىدىن كېيىن، ئەھمەت يەسەۋى، ئەھمەت يۈكنەكى ۋە نەسىرىدىن رابغۇزى ئىجادىغا، شۇنداقلا ئەلشىر نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. ئەبۇ نەسىر فارابىي: «شېئىر سەنئىتى»، 1979-يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
2. فۇئادكوپرولۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» 1980-يىل، ئىستانبول.
3. ئا. دىلاچار: «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى»، 1972-يىل، ئەنقەرە.
4. گابائىن: «مانىتىرى ھىممىت ھەققىدە تەتقىقات»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى.
5. ئا. ن. كونونوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› پوئېمىسى» 1983-يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.
6. س. ن. ئىۋانوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›ى توغرىسىدا» 1983-يىل رۇسچە نەشرى موسكۋا.
7. ئى. كافىئوغلۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 1980-يىل، ئىستانبول.
8. ر. رەھمەتى ئارات: «‹قۇتادغۇبىلىك›كە كىرىش سۆز» 1979-يىل، ئەنقەرە.
9. غ. سەدۋاقاسوۋ (تەھرىرلىكىدە) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1983-يىل، ئالماتا.

## «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىنساننىڭ مەنەۋى كامالىتى تېمىسى*

I

قانداق تارىخىي شارائىت، قانداق جۇغراپىيىلىك مۇھىت، قانداق ئېتىقاد ۋە كۆزقاراشتا ياشىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرمىغىنى يوق. قەدىمكى مىسىر ۋە مېسوپوتامىيە، قەدىمكى جۇڭگو ۋە ھىندىستان، قەدىمكى يۇنان ۋە ئەرەب - پارس ھەم تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇ تېمىغا ئائىت يازغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI - ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ شۇنداق ئەسەرلەر- نىڭ بىرى.

ھازىرقى زاماندىكى ئانتروپولوگلار:تامامەن تىك تۇرۇپ

---

*بۇ ماقالە 1989 - يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەت- لىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل نويابىر سانىغا بېسىلغان.

ھەرىكەت قىلىش ھالىتىگە كەلگەن گەۋدە، ئازاد قىلىنغان ئىككى قول، ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر چوڭ مېڭە، مۇرەككەپ پىكىرلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان تىل ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك قورال - سايمانلارنى ياساپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى — مانا بۇلار ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەر دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر ھايات بولغان بولسا، بۇ قاراشقا قانائەتلەنمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپ ئامىللار جىسمانىي (ئاناتومىك ۋە فىزىئولوگىك) تۈزۈلۈشى ئەمەس، ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى (مەسىلەن: مەنسەپ - دەرىجە، ئۇنۋان، ھوقۇق، بايلىق قاتارلىقلار) مۇ ئەمەس، بەلكى ئەقىل - پاراسەت، ئاڭ - سېزىم، كۆڭۈل، تىل، ئەردەم (پەزىلەت) بىلىم ۋە ھاياتتىن ئىبارەت مەنىۋى گۈزەللىكتۇر.

ئالدىنقى تەبىئەتشۇناسلارنىڭ، كېيىنكى سوتسىئولوگلار، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئەدىب - شائىرنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، بىرى ئىنساننى جىسمانىي جەھەتتىن تەرىپلەپ بەرسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق، بەلكى ئۇلار بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. بىراق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل مەنىۋى گۈزەللىكنى ئادەمىيلىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دەپ ھېسابلايدۇ؛ ھەتتا، جەمئىيەت تەرەققىياتى ياكى قىياپىتى بىلەن دۆلەت ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشى ھۆكۈمداردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى

گۈزەللىكنىڭ كامالەتكە يېتىش دەرىجىسىگە باغلىق دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق بۇزۇلسا جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ، ئىنسان تۈزۈلسە، جاھان تۈزۈلىدۇ. جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش لازىم. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر مۇنچە ئىللەتلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەنىۋى گۈزەللىك توغرىسىدىكى بۇ قاراشلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 2

ئىنسانىدىكى مەنىۋى گۈزەللىك مەسىلىسىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتا مۇنداق مۇھىم سالماقنى ئىگەللىشى، يەنى ئۇنىڭدا مۇنداق قاراشنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىز تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىردىن بولغانىدى. چۈنكى، قاراخانىلار سۇلالىسى XI ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، يەنى مىلادى 1032 - يىلى ماۋەرەئۇننەھردە ئىبىل تېكىننىڭ ئۆزىنى مۇستەقىل خان دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن قاراخانىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە ئىككى ئوتتۇردا كەسكىن ئۇرۇشلار باشلاندى. قاراخانىلارنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرق قىسمىدىمۇ، تەخت تالىشىش تەقەززاسىدىن يۈز بەرگەن قانلىق ئوردا ماجىرالىرى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى جەمئىيەت تىنچلىقى زور دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، خەلق ئۈستىدىكى جەبىر-زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. جەبر - زۇلۇم دەستىدىن خەلق ئاممىسى:

«قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرنچ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىچ.
قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر،
قايۇ قاردغۇ بىرلە ئۆلىنمىش بولۇر.»

يەنى:

بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.
بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ-غەمدە پىغانلار چېكەر.

ئىدى. شائىر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شۇنداق بىر دەۋرىدە ياشىدىكى، ئۇنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «...كىشىلىك (ئادىمىيلىك) يوقىلىپ، پەقەتلا كىشىنىڭ ئېتىلا قالغان، يەنى كىشى قىلىقى كۆرۈلۈپ، ئۇنى تاپقىلى بولمايدىغان، ...جاھانغا جەبىر-زۇلۇم تولۇپ، ۋاپا قەھەتچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن.... قانۇن-نىزاملار تۆكەپ، كىشىلەر قەلبى بۇزۇلغان ... ئىشەنچ-ئەمىنلىك تۆكەپ، تىل بىلەن كۆڭۈل ئالا بولغان ... ياخشىلار كېتىپ، رەزىللەر قالغان...يامانلار ياخشىلارنى چاياندەك چېقىپ، چىۋىندەك شوراپ، ئىتتەك قاۋايدىغان ...»، قىسقىسى، جەمئىيەت ئەخلاقى قاتتىق بۇزۇلغان بىر زامان ئىدى («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى، ترانسكرىپسىيىلىك نەزمى يەشمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان 2-لىرىك پارچە—«زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا»غا قاراڭ) شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر ئۆز زامانىسىدىن مۇنداق دەپ زارلانغانىدى:

6565. قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېرۈركىم، تاپاي مەن.

6566. كىشى قىلىقى بولدى، ئىستەي قەيەردىن،
تىلەپ تاپقىلى بولسا، ئىستەپ كۆرەي مەن.

6570. ئەگەر تاپمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كېيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەي مەن.

6572. بولۇپ ياكى ۋەھشى، باياۋاندا يۈگرەپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يۈتەي مەن.

6573. بۇ ھەم بولمىسا گەر، بۇ دۇنيانى تاشلاپ،
ئېقىندەك ئاقاي مەن، شامالدەك ئۇچاي مەن.

6580. بۇ كۈن مۇندا كىمنى قىلاي ئۆزگە ھەمراھ،
پۈتۈپ كىمگە ياكى كىمنى دوست تۇتاي مەن.

6592. ۋاپادىن قويۇپ ئات ئۆتكۈچىلەر قېنى،
قېنى ئۇلار؟ ئەپسۇس، مەن بىر ماختاي مەن.

6593. ئۇلار قويغان قانۇن، يوسۇن، قىلمىقلارنى،
بۈگۈن كاشكى كۆرسەم ئىدىم، خۇش بولاي مەن.

6594. يا بولمىسا تۈزىسۈن يوسۇن، قىلىق، قانۇن.
ھېلىم تۆرگە ئۆتسۈن جاھىلنى سۈرەي مەن.

6595. جىمى ياخشى كەتتى، يوسۇن ـ قانۇنىمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپاي مەن.

6596. بويى بارنىڭ ھەممىسى گەر بولسا ئىنسان،
پەرىشتە ئىدىمۇ ئۇلار، نەبىلەي مەن.

6602. ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۆشايماندا كۆن - تۆن ئىچۆك يۆك يۆدەي مەن.

6603. ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەبرۇ - جاپالار،
بۇ گۆستاھ پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى، يەنى نىيەت (كۆڭۈل) تۈزەلسە ئىنسان تۈزۈلىدۇ، ئىنسان تۈزەلسە جاھان تۈزۈلىدۇ. دېگەن قارىشى بويىچە، ھۆكۈمداردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئاساسىدا، قاراخانىلارنىڭ مەۋجۇت رېئال ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئورنىغا باشقا بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ غايىنىڭ مەنىۋى كامالەتكە يەتكەن ئىجتىمائىي ئادەم پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىل - پاراسەت، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە ۋە بىلىمنى ھاياتنىڭ يول باشچىسى قىلالىغان كىشى مەنىۋى كامالەتكە يەتكەن كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق كىشى (ھۆكۈمدار بولۇپ) ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرسا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ دۆلەت ئەربابلىرى (چوڭ - كىچىك تابۇغچىلار) ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قانۇن - تۈزۈم ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە شەرتسىز ئەمەل قىلسا، «بۆرە بىلەن قوي بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچەلەيدىغان» ئىدىئال جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» شائىرنىڭ ئەنە شۇ غايىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان.

3

شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقى ۋە ئۇنى نېمىشقا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىغا چوڭقۇر دىققەت قىلساق، يۇقىرىدىكى مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ:

كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىك،
قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئىلىك.

(كىتابقا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم، ئوقۇغانلارغا قۇتادسۇن ۋە ئۇلارنى قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلىسۇن)

«قۇتادغۇبىلىك» ھازىرغا قەدەر تېپىلغان تۈركىي تىلدىكى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنغان ئەسەر بولۇشىغا قارىماي، ئەسەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى، ھەتتا نامى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار يېقىنقى يىللارغا قەدەر خىلمۇ خىل ۋە بەزىدە قارىمۇ قارشى بولۇپ كەلدى. دەرۋەقە، ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەرنىڭ XI - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا نەزم بىلەن يېزىلغانلىقى، نەزمىي ئەسەرلەر تىلىدا گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەزى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇستەسنا قىلىنمايدىغانلىقى، تاكى XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر بۇ ئەسەرنىڭ بىر قەدەر توغرا ۋە تولۇق بولغان ترانسكرىپسىيىلىك نەسرىي يەشمىسى ياكى تەرجىمىسىنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرنى دەسلەپ تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپى تۈركىي

تىلىغا مەنسۇپ بولغان غەرب ئالىملىرى بولغانلىقى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ. پروفېسسور رېشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتنى (تېكىستى) تۇرغۇزۇلۇپ، 1959 - يىلى تۇركچە، نەسرىي يەشمىسى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، باشقا تىلدىكى ئالىملار ئۈچۈنلا ئەمەس، تۈركىي تىلدىكى ئالىملار ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە ئوڭايلىقلار يارىتىلىپ، بەزى مۇجمەل مەسىلىلەر ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. جۈملىدىن «قۇتادغۇ» سۆزىنىڭ تومۇرى بولغان «قۇت» ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاددىيلا قىلىپ «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» ياكى «بەخت - سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ چۈشىنىش يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتى.

«قۇت» ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ۋە كۆپ مەنىلەرنى ئۇقتۇرۇدىغان تۈركىي سۆز بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ئۆزىنى «تەڭرىقۇت» (تەڭرىنىڭ ئوغلى) دەپ ئاتايتتى. «قۇت» دېگەن سۆز «ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر» دە «جان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «بەخت، تەلەي، ئىقبال ۋە ئۇتۇق» مەنىلىرىدە، «دىۋانۇلۇغەتىت- تۈرك» تە «دۆلەت» (بايلىق، مال - دۇنيا، قۇدرەت) مەنىسىدە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدە بولسا، «بەخت - سائادەت، شادى - خۇررەملىك، ئاسايىشلىق» دېگەن مەنىلەردىن تاشقىرى «ئۇلۇغ»، «مۇبارەك» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن.

بىراق، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «قۇت» قانداقتۇر مەۋھۇم (ئابستراك) چۈشەنچە بىلەن ئەمەس، جانلىق بىر ئوبراز، يەنى

ئايتولدى ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئايتولدى «قۇت» نىڭ سەمۋولى سۈپىتىدە كۈنتۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈمدار)نىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ ۋە ئۆز «تەبىئىتىنىڭ خىزمەت، شوئارىنىڭ ئادالەت» ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ (590 - بېيىتقا قاراڭ). قانۇنىنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى ئېلىگ بارلىق پەزىلەت ۋە قىسمەتنىڭ قۇتتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغلۇق ۋە بەگلىكتە ئېلىپ بارىدىغان يولغا «قۇتنىڭ بىر كېچىك» ئىكەنلىكىنى، ئالىيجاناب مەقسەتلەر «يۈزى گۈزەل، خۇيى مۇلايىم قۇتنىڭ قولى بىلەن» ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، قۇتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانىنى قۇدرەتلىك قىلىپ، بارلىق ئىستەكلىرىگە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. يەنى قۇتنىڭ سىياسىي ئىقتىدار (ھوقۇق) ئىكەنلىكىنى، قانۇننى ئەمەلگە قويۇش ئۈچۈن شۇنداق سىياسىي ئىقتىدارنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى چۈشىنىپ، ئايتولدىغا قاتتىق رىشتە باغلايدۇ. ئايتولدى «قۇت» (يەنى سىياسىي ئىقتىدار) بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگكە (يەنى قانۇنغا) يېقىندىن ماسلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «قۇت» بىلەن قانۇننىڭ بىرىكىپ كېتىشى نەتىجىسىدە «قوزى بىلەن بۆرە بىللە قوشۇلۇپ يۈرىدىغان» ھالەت شەكىللىنىدۇ (16 - 17 - 18 - 19 - بابلارغا قاراڭ). بىراق، مۇئەللىپ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئايتولدىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى (ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىمنى) كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ۋەزىرلىك دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئۆگدۈلمىش ئوبرازىنى يارىتىشتىن مەقسىتى «قۇت» بىلەن قانۇن بىرىككەن ھالەتنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم كاپالەت بولىدۇ. دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن، يەنى «قۇت» (سىياسىي ئىقتىدار)، قانۇن ۋە ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - پەزىلەت بىرىككەندىلا، راتسىئونال جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ دەپ

تونۇغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى نېمىشقا يازغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويغانلىقىنىڭ بىر قىسىم سەۋەبىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىك، قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئىلىگ» دېگەن بېيىتتىكى «قۇتاتماق» ۋە «قولىدىن تۇتماق» دېگەن سۆزلەر مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، «قۇت» دېگەن ئىسىمدىن «مۇبارەك» «مۇقەددەس» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت (مەسىلەن: قۇتلۇق دىيار، قۇتلۇق قان؛ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى، مەسىلەن: قۇتلۇق ھاجى، قۇتلۇقنىگار)، شۇنىڭدەك «قۇتلىماق، قۇتلانماق، قۇتاتماق» قاتارلىق پېئىللار ياسىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا، ھېيت - ئايەم، توي - مەرىكە ياكى يېڭى ۋەزىپە، ئۇنۋان، دېپلوم مۇناسىۋىتى بىلەن بىراۋنى تەبرىكلەش توغرا كەلگەندە، «قۇتلۇق بولسۇن» دەپ خىتاب قىلىش ئۇسۇلى بىر ئادەت بولغىنىدەك، يېڭى ئۆي - ئىمارەت، ئات - ئۇلاغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە بولغۇچىلارغا «قۇتاتسۇن» دېگەن سۆز بىلەن ياخشى تىلەك بىلدۈرۈش قەدىم - قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنە. ھەتتا، ئات - ئۇلاغ سودىسىدا، ئالغۇچى كىشى «قۇتاتسۇنمۇ» دەپ يېنىشلاپ سورايدۇ. ساتقۇچى كىشى «قۇتاتسۇن، قۇتاتسۇن» دەپ تەكرارلاپ، رازىلىق بىلدۈرىدۇ. دېمەك بۇ يەردىكى «قۇتاتسۇن» دېگەن سۆز «ئەسقاتسۇن، ياراشسۇن، قاملاشسۇن، بەرىكەت تاپسۇن» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. «قولىدىن تۇتماق»—كۆچمە مەنىدە ياكى فرازېئولوگىك ئۇقۇمدا، بىراۋغا يول كۆرسەتمەك، يولباشچىلىق قىلماق، بىراۋنى يېتەكلىمەك، قىسقىسى مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلماق دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ: «كىتابقا قۇتادغۇبىلىك دەپ ئات قويدۇم، ئوقۇغانلارغا قۇتاتسۇن، ئۇلارنى قولىدىن تۇتۇپ يېتەكلىسۇن» دېگىنىدىن قانداق مەنە، چىقىدىغانلىقىنى ئىزاھلاش ئەمدى ئارتۇقچە بولسا كېرەك.

4

ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ۋە ھەممىدىن كۆپ كۆزدە تۇتقىنى ئەردەم (پەزىلەت) دۇر. شائىرنىڭ قارىشىچە، ئەردەم ئىنساندىكى ھەممە مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. يەنى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - قابىلىيەت، غەيرەت - شىجائەت، ھىممەت - ئادالەت، مېھرى - شەپقەت، ھايا - نومۇس، پاكلىق، ھالاللىق، خالىسكارلىق، مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، مەردلىك، پىداكارلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەردەمنىڭ كىشى ۋۇجۇدىدا نامايان بولۇشىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغان ئەردەملىرى: كۆنىلىك (دۇرۇستلۇق)، بىلىگلىك (بىلىملىك بولۇش)، ئېزگۈلۈك (ياخشىلىق قىلىش)، ئۇقۇشلۇق (ئەقىللىق)، باغىرساقلىق (مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق)، سېخىيلىق (مەردلىك)، خەلققە سەۋرچانلىق (كەڭ قورساقلىق)، تىنىچ - ئاسايىشلىق يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ ياخشى ئاتاق قالدۇرۇش، شەخسىي نەپس ئاۋارىچىلىكىدىن (يەنى مال - دۇنيا، نام - ئاتاق، ھاۋايى - ھەۋەس ھېرسلىقىدىن) ساقلىنىش، تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسىنى، شۇنداقلا قۇسۇر ۋە زىيىنىنى ئوبدان چۈشىنىش، كۆڭۈل زەۋقىنى كۆزنىڭ زەۋقىدىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇش، چوڭلارغا ۋە خوتۇنلارغا ھۆرمەت، باللارغا شەپقەت كۆرسىتىش: ھارامدىن، زوراۋانلىق قىلىشتىن، يالغان-

چىلىقتىن، ئاچكۆزلۈك ۋە تەمەگەرلىكتىن، كىبىر ۋە ھەسەتخورلۇقتىن، خۇشامەت ۋە ساختىپەزلىكتىن، ۋاپاسىزلىق، خىيانەتكارلىق، ھاياسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، زىناخورلۇق ۋە ھاراقخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىش ۋە باشقىلار. شائىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئەردەم، ئۇنىڭغا قارشى يامان ئىللەتلەرنى ئەردەمنىڭ دۈشمىنى ۋە كىشىنى ئەڭ قەدىرسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ھەتتا ئادەملىكتىن ھايۋانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان خەتەرلىك نەرسىلەر دەپ قارايدۇ. قىسقىسى، شائىرنىڭ قارىشىچە، ئەردەم — گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت دېمەكتۇر. ھەقىقىي ئىنساننىڭ بەلگىسى ئەردەمدۇر. تۆۋەندىكى مىسرالار مەسىلىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ:

152. بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى (ئەقىلنى) ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

201. كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ھەقتە بارار.

262. بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.

263. بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

314. كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

315. كىشى ياخشى ئاتنى كىشەنلەپ تۇتار،
كىرەكلىك ئىپتىنى كۆزلەپ تۇرار.

317. ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چەن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش،

274. ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

966. قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يېدى قانچە باشنى، يەنە ھەم يىيۇر.

967. بېشىڭنى تىلەسەڭ تىلىڭنى تۈزەت،
تىلىڭ ھەر كۈندە بېشىڭنى يۈنۈر.

1311. ھەر ئىشتا شېرىن تىل بولۇش يولىن تۇت،
تىلىڭ بولسا شېرىن، ساڭا كېلۇر قۇت.

550. گوۋەنمە بۇ بەختكە، ئەي بەخت تاپقۇچى،
بۇ بەخت كەلگۈچىدۇر يەنە كەتكۈچى.

552. ساڭا تەگسە بەگلىك ئۇلۇغلۇق نوقۇل،
ئاقارغىچە باشىڭ كىچىك پېئىل بول.

1101. ئاقارسا ئاققۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىنى ئاققۇ كەبى ئاقارتسۇن كىشى.

2201. كىشىنىڭ سەر خىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر كىشىلەر بېشى.

2205. ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.

863. تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياغلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864. چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇيالماي يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ.

2001. بولۇر تويمىغۇر ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئېشى.

2002. بۇ ئاچكۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېچكىم چارە تاپالماس بۇڭا.

2003. پۈتۈن ئاچ يېسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.

2037. ياماندىن ياماندۇر ئەي ساھىبقىران،
يالغانچى ئاتىنىپ قالسا ئەگەر خان.

848. ئۆزۈم خانىماسىنىڭ بىرى يالغانچىمە
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغۇچىمە

849. بىرى ئاچكۆز، تەمەخور ۋە تويماس ئۆزى،
بىرى ئالدىراڭغۇ، ئۇياتسىز كۆزى.

850. ھەر ئىشتا غەزەپكار، ئاچچىقى يامان،
قول ئەگرى، ھاراققا بېرىلسە ھامان.

1672. بېخىللىقتىن ئۆزگە يامان نېمە بار؟
يېمەستىن يىغارمال، كېيىن مال قالار.

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نوقۇل پەند-نەسىھەت كىتابى ئەمەس، بەلكى چىن مەنىسى بىلەن ئەخلاق-پەزىلەت تەربىيىسىنى مۇھىم مەزمۇنىنىڭ بىرى قىلغان كىشىلىك پەلسەپىسى ماھىيىتىدىكى پېداگوگىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.
مەلۇمكى، ئەخلاق تېمىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتكە (سىۋىلىزاتسىيىگە) قەدەم قويغاندىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان ۋە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغانسېرى تېخىمۇ ئاكتۇئال مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتقان بىر تېما. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن 3000 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى مىسىردا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئەخلاق دەرسلىكلىرى تۈزۈلگەن. شۇ دەرسلىكلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق مەزمۇنلار بار: «بىلىم سۆز ۋە قۇلاق ئارقىلىق كىرەر، ئەقىل ئۇنى سىڭدۈرەر، سۆزلىمەكتىن كۆرە، ئاڭلىماق ياخشى،

بىلگەنلىرىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمە. بىلىملىكلەردىن
پايدىلانغان كەبى، بىلىمسىزلەردىنمۇ پايدىلىنىشنى بىل.
چۈنكى، بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەتنىڭ چېكى يوق، پايدىلىق
ياخشى سۆزلەر ئېسىل تاشقا ئوخشاش يوشۇرۇنلۇقتا تۇرىدۇ.
سەن ئۇنى بىرەر چۆرە خوتۇن ياكى پېقىرنىڭمۇ پېقىرى
ھېسابلانغان ئاددىي بىر كىشىنىڭ يېنىدىن تېپىۋېلىشىڭ
مۇمكىن...ئاچكۆزلۈك - پۈتۈن يامانلىقلارنى ئىچىگە يىغقان بىر
بوغچا، ئۇ ساقايماس (داۋاسىز) كېسەللىك ...سۆھبەت - بىر
سەنئەت، بۇنى بىل ۋە ئۆگەن...ھەقىقەت ھەممە نەرسىدىن
ئۈستۈن. ئۇنىڭ ئەردىمى (پەزىلىتى) مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇنى
ئاياغ - ئاستى قىلماقچى بولغانلار قاچانلا بولسا جازاسىنى تار-
تىدۇ» مىسىرلىقلاردىن ئىلگىرى، سۇمېرلارنىڭ مىلادىدىن 3500
يىل بۇرۇن «ئائىلە قانۇنى» ناملىق كىتاب يازغانلىقى مەلۇم.
قەدىمكى جۇڭگو مۇتەپەككۇرلىرىدىن لاۋزى، كۇڭزى، مېڭزى
قاتارلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدىكى
بەزى سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى
ئەردەم مەسىلىسىنى چۈشىنىشكە پايدىلىق: «بىلىمدىن ئۈستۈن
ۋە قىممەتلىك نەرسە يوق، بۇنى بىلىمەكنىڭ ئۆزى بىر پەزى-
لەت. بىلىم ئىنسانىنى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. كۆپ سۆزلە-
مەك روھ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قانائە-
تنىڭ چېكىدىن ئاشما. قانائەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈن
بايلىق» (لاۋزى). «ئەگەر بىر كىم كونا بىلىملىرىنى يېڭىلىسا
باشقىلارنىڭ مۇئەللىمى بولالايدۇ. پەزىلەت ھېچبىر يەردە ۋە
ھېچقاچان يېتىم قالمايدۇ. ئۇنىڭغا دائىم قوشنىلار تېپىلىپ
تۇرىدۇ...ئەگەر بىر كىم مەندىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ

سەنئىتى نىمە دەپ سورىسا، خەلقىنى تويدۇرماق، ئەسكەر تەربىيىلىمەك ۋە خەلقتىن قانۇنلارغا ئىتائەت قىلماقنى، توغرا - دۇرۇس ياشاشنى تەلەپ قىلماق دەپ جاۋاب بېرەر ئىدىم» (كۇڭزى). «ئۆز خاتالىقىنى ۋە گۇناھىنى بىلمەك ھەم بۇنى ئاشكارا ئېيتماق كىشى ئۈچۈن بىر پەزىلەت. ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدە تۇرغان مەمۇرىيلار بىلەن دۆلەت باشلىقلىرىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم. خەلق كۆڭلىدىن ئورۇن ئالالمىغان باشقىلار ئەمەلدىن چۈشۈرۈلۈشى كېرەك ...ئاقىل پادىشاھ يەر-زېمىننىڭ كەڭلىكىنى ئەمەس، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى، بىلىم ۋە توغرىلىقىنى سۆيىدۇ» (مېڭزى). قەدىمكى ھىندىستاندىكى بۇددا ۋە بىراخمان ئەدەبىياتى ۋە، شۇنىڭدەك، قەدىمكى ئىران-مانىي ئەدەبىياتىدىمۇ ئەخلاق تەربىيىسىگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئىسلامدىن بۇرۇنقى بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا ئەدەبىياتىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە ئەسەرلىرى مەسىلەن: «ئىككى تېكىن ھەققىدە رىۋايەت»، يەنى «شاھزادە قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا رىۋايىتى» ئەنە شۇنداق ئەخلاقىي تەربىيىگە ئىگە ئەسەردۇر. بۇنداق مىساللارنى ناھايىتى كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. مۇشۇ مىساللارنىڭ ئۆزىدىنلا شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، قايسى زامان ۋە قايسى ماكاندا ياشىغانلىقىدىن، قانداق ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەخلاق - پەزىلەت مەسىلىسىدە قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ پىكىرلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بىراق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نوقۇل پەند - نەسىھەتچى ئەمەسلىكى، ئەخلاق - پەزىلەت تېمىسىدىكى گەپلىرىنى ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش

ئارقىلىق ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە، يەنى راتسىئونال بىر جەمئىيەت غايىسىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىگە ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ئادەملەر پائالىيىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىنتىلگەن ھەم پەيلاسوپ، ھەم سەنئەتكار بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شائىرنىڭ زاھىت ئودغۇرمىش ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنى ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمنىڭ سىمۋولى بولغان ئەمەلىيەتچى دۆلەت ئەربابى ئۆگدۈلمىشكە قارشى قويغانلىقى، بىرىنىڭ تەركىدۇنياچىلىق مەيدانىدا، يەنە بىرىنىڭ ھاياتنى سۆيگۈچى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۈرەش قىلغۇچى رېئالىست جەڭچى مەيدانىدا تۇرۇپ كەسكىن مۇنازىرىلەشكەنلىكى، ئادىل قانۇن سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىكنىڭمۇ ئۆگدۈلمىش بىلەن بىر مەيدانىدا تۇرۇپ ئىش قىلغانلىقى ۋە ئاخىر تەركىدۇنياچى زاھىتنى يېڭەلىگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى. ئەمەلىيەتتە، زاھىت ئودغۇرمىشنىڭ مەيدانىغا چىقىشى بىلەن ئەسەردە دراماتىك توقۇنۇشلار كۈچىيىپ، شائىرنىڭ مەنىۋى كامالەت توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەرلىرى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ روھىدىن بىزگە مەلۇمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەپس ھېرىسلىقى، يەنى جىسمانىي پاراغەت، مال-دۇنيا يىغىش، ئابرويپەرەسلىك، كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستىكى، قىسقىسى «دۇنيا مالى»غا تويماسلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزىدىغان تۈپ ئاسىلارنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى (ئالىي ھۆكۈمدارلاردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە) نەپس ھېرىسلىقىدىن قۇتۇلسا، ھېچبولمىغاندا نەپسىنى تۇتالىسا، جەمئىيەت ئەخلاقى تۈزۈلىدۇ، دۆلەت كۈچىيىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قوي يۈگىدىن تون كىيىپ، ئارپا-كېپەكنى ئوزۇق،

غالارنى ماكان» قىلدىغان «قانائەت» سىمۋولى تەقۋادار زاھىت ئودغۇرمىش ئوبرازىنى يارىتىدۇ ۋە شۇ ئوبراز ئارقىلىق نەپسى ھېرىسلىقىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ھەتتا، كۈنتۇغدى ئېلىككە يۈزتۇرانە مۇنداق دەيدۇ:

5361. ئېلىك ئەي، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كور قاراپ،
توپلىسەن ئۆزۈڭگە مالنى مۇنچىلاپ.
5362. دېڭىزدىكى گۆھەر تۈگىمەس ساڭا،
تۆۋەندىكى ئۈنچە يېتىشمەس ساڭا.
5363. قوڭغۇر يەر قېتىدىكى ئالتۇن كۈمۈش،
تېپەرسەن، تىلەكىڭ خەزىنە يىغىش.
5365. قوڭغۇر يەردە ئۈنكەن ئۇ دانلاركى بار،
يىغىپ تولدۇرسەن ئۈستىڭدىن ئامبار.
5366. ئۇچارلىق، يۈرەرلىك ھەم سۇدا بېلىق.
قۇتۇلماس سېنىڭدىن ئەي مۇشكۈل قىلىق.
5373. قىيالاردا يۈرگەن كىيىك، تاغ تېكە،
سېنىڭدىن قۇتۇلماس، ئەي باتۇر بۆكە.
5376. بۆرە، تۈلكە، توڭغۇز، ئېيىق، ئارسلان.
ئۇلار ئۇۋدا سەندىن قۇتۇلماس ھامان.
5379. قاچۇرماس ئۇچارلىقنى سېنىڭ قۇشلىرىڭ،
يۈرگۈزمەس يۈرەرلىكنى ئالغۇر ئىتلىرىڭ.
5380. ئاتالىق ئاتاسىز قالۇر ئۇ يالغۇز.
ئانالىق ئاناسىز بولۇر بىر ئوكسۇز.
5381. مۇشۇنچە جاھان ھەممە يەتمەس ساڭا،
تۈگىمەس، تۈگەرسەن، ئەي باتۇر تۇڭا.
5382. ئۇمۇمەن شۇ بىرقۇر كىيىم-گالنى دەپ،
بۇ دۇنيانى يىغدىڭ، كېتەرسەن ئۆلۈپ.

5384. قاراپ كۆرسە، ھەممە ھېرىسلىق ئېرۇر،

بۇ ئاچكۆز كىشىلەر قاچانمۇ تويۇر!

شائىرنىڭ ئۇدغۇرمىش ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مەقسىتى، بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى پاش قىلىش ۋە قامچىلاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رېئاللىقتىن قېچىپ، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن تاغلاردا زاھىت بولۇپ ياشاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، يەنى قىيداپ يۈرۈش بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ناموۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، راتسىونال جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئۆگدۈلمىشتەك پائال ھەرىكەتچان بولۇپ ئەل-يۇرت بىلەن بىللە كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىر يەنە ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنى ماددىي (جىسمانىي) ئىستەك ئارزۇلارغا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتمەسلىكىنى، چۈنكى، نەپس دېگەن نەرسىنىڭ تاكى ئادەم گۆرگە كىرمىگۈچە، ئىنتىھاسى بولمايدىغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي ئىستەكلەرگە نىسبەتەن قانائەتچان بولۇشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شائىرنىڭ ئۇدغۇرمىشنى «قانائەت» ياكى «ئاقىۋەت» سىمۋولى قىلىشتىكى مۇددىئاسىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

5

دېمەك، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىل دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئۆزى ئارزۇ قىلغان راتسىونال جەمئىيەت غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئاشۇ ئامىلغا تايانماقچى بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىچكى-تاش-

قى سەۋەبلەر بىلەن پارچىلىنىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش خەۋپىدە قالغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى ئالدى بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىسلاھات يۈزگۈزۈش ئارقىلىق قايتا جانلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار دەۋرىنىڭ بۈيۈك شائىرىلا ئەمەس، قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. مىللەتنىڭ زاۋاللىقىغا سەۋەب بولىدۇ. جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئادىل قانۇن بەرپا قىلىنىشى ۋە قاتتىق ئەمەلگە قويۇلۇشى لازىم. يەنى «مەيلى ئوغلى ياكى يېقىن تۇغقىنى، ياكى يولۇچى، ئۆتكۈنچى، مېھمىنى بولسۇن قانۇن ئالدىدا ھەممىنى باراۋەر كۆرۈپ، ھېچكىمنى «بەگ ۋە قول دەپ ئايرىماي»، ھەممىنىڭ ئىشىنى «ئادالەت بىلەن ھەل قىلىدىغان» (809، 817، 818، ۋە821-بېيىتلارغا قاراڭ) ئادىل ھۆكۈمدار يۇرت سورىشى كېرەك. ئۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى ياخشى بولسا، خەلقمۇ ياخشى بولىدۇ، يامانلار باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ھۆكۈمدار يامانلارنى قانات ئاستىغا ئالسا، يامانلار ئەلنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرىدۇ(887 ، 888 ، 889 ۋە 892- بېيىتلارغا قاراڭ) دېمەك ئىنسان خۇلقىنىڭ تۈزۈلۈشى ئادىل قانۇننىڭ كاپالىتىنى تەقەززا قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ھەرقايسى ئەللەردە قولغا كېلىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ ئەسەرنىڭ بارتولد ئېيتقاندەك «تېتىقسىز ماجاز (مېتافورا) لار ۋە تۇرمۇشتىن بەك يىراق بولغان بىر تۈركۈم قۇرۇق نەسىھەتلەر كىتابى» ئەمەس. بەلكى رېشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئىنسان ھاياتىنىڭ مەقسىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت

مىقياسىدىكى ۋەزىپىسىنى تەيىن قىلىپ بەرگەن ھايات پەلسەپىسى» ئىكەنلىكىنى كۈنسايىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرمەكتە، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتىنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھاياتىدا قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەنىۋى گۈزەللىكىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ھەر كىشىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەزەرىيىۋى پىكىرلەرمۇ بۇ ئەسەرنىڭ ئاددىي نەسىھەت كىتابى ئەمەس، ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ «ھايات پەلسەپىسى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالىتى قانۇن ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە ئۆزىگە خاس بولغان قاراشلىرىنى مۇنداق فورمۇلا بىلەن كۆرسەتىش مۇمكىن:

ئەقىل + بىلىم + ئەردەم = (بولىدۇ) ھەقىقىي ئادەم؛

ھەقىقىي ئادەم + ئادىل قانۇن = (بولىدۇ) راتسىئونال جەمئىيەت؛

XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرىنىڭ بۇ قاراشلىرى ھازىرقى كۈن ئۈچۈنمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. دۇنيا ئالىملىرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: «تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى — بايلىق ياكى تەلىم دەرىجىسى ئەمەس، شەھەرلەرنىڭ چوڭلۇقى ئەمەس، ھوسۇلنىڭ موللۇقى ئەمەس، بەلكى شۇ يۇرت باغرىدا تەربىيىلىنىۋاتقان ئىنسان قىياپىتىدۇر» (ر. ئېمېرسون). «ئالىم، شائىر، جەڭچى، قانۇنشۇناس ۋەھاكازا بولۇش ياخشى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنسان بولماسلىق يامان» (ۋ. گ. بېلىنىسكى). «ئادەم جەمئىيەت، دۆلەت مەنپەئەتلىرىگە قانچىلىك كەڭ نەپ يەتكۈزسە، ئۇ شۇنچىلىك كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ» (د. ئى. مېندېلېيېۋ).

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، بېيجىڭ.

② مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك»، 1- توم، 420 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۈرۈمچى.

③ «ئوغۇزنامە».

④ «كۆلتېگىن ئابىدىسى».

⑤ «ئوكيانۇس» 303، 350 - بەتلەر، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1980 - يىل.

⑥ «تۆت كىتابنىڭ ھازىرقى زامان تىلىدىكى شەرھى» — «لاۋزى بابى».

⑦ كۇڭزى: «مۇھاكىمە ۋە بايان» 232 - بەت، 1963 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑧ دىلاچار: «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى»، 1972 - يىل، ئەنقەرە.

⑨ بارتولد: «ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» 1940 - يىل، ئىستانبۇل.

⑩ رېشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» مەتنى، 1947- يىل، ئىستانبۇل.

⑪ «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت»، 1987 - يىل، تاشكەنت.

## «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي قىممىتى *

«قۇتادغۇ بىلىك» XI- ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن مۇستەسنا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە شېئىرىيەت ژانىرى ئومۇمەن تېخى خەلق قوشاقلىرى باسقۇچىدا تۇرغان، مىللىي شېئىرىيەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرەر يازما نەمۇنىسى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن شارائىتتا، «قۇتادغۇ بىلىك» تەك يىرىك بىر داستاننىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە. بولۇپمۇ مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىلمىيلىك دەرىجىسىنىڭ يۈكسەكلىكى ئېتىبارى بىلەن ئېنسىكلوپېدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مۇنداق بىر يىرىك ئەسەرنىڭ ئەرەب پارس شېئىرىيىتىدە نادىر شەكىل ھېسابلانغان مەسنەۋىي شەكلىدە، يۈكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى، يەنە كېلىپ «ئارۇز ۋەزنى پەقەت ئەرەب-پارس تىللىرىغىلا خاس ۋەزىن» دېگەن قاراشنىڭ ئەكسىچە، «قۇتادغۇ

* بۇ ماقالە 1993-يىلى ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلدىكى 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا دەل شۇ ۋەزىندە مۇۋەپپەقىيەت-
لىك يېزىلىپ چىققانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.
دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ۋە باش
تېمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنلا ئەمەس، شەكىل، ئۇسلۇب جە-
ھەتتە دەۋر بۆلگۈچ ئەدەبىي ئەسەر بولغانلىقى بىلەنمۇ ئەتراپ-
لىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەردۇر.

## بىرىنچى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مىسال كەلتۈرۈلگەن خەلق
قوشاقلىرى ۋە نامەلۇم شائىرلاردىن نەقىل ياكى ئىقتىباس قى-
لىنغان بېيىت ۋە تۆتلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «قۇتادغۇ
بىلىك» تىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن بىردىنبىر
ئىشەنچلىك مەنبە، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىدۇر. ھەر-
قايسى ئەللەر شەرقشۇناسلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن
باشلاپ قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى قەدىمكى يادىكار-
لىقلار سۈپىتىدە قېزىش، توپلاش، تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىشقا
ناھايىتى زور ئەمگەك سىڭدۈردى. تۈركىيە، ئالىمى رېشىت رەھ-
مەتى ئارات ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەمگەكلەرنىڭ مۇجەسسەمى
سۈپىتىدە بۇ شېئىرلارنىڭ ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستىنى تۈ-
ركچە، تەرجىمە ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن نەشىر قىلغاندىن بۇيان
* قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرى ساھەسىدىكى تەتقىقاتقا
تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاندى. كۆپ قىسمى ئاپرىنچۇر تې-
كىن، كۈل تارقان، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەي-
شى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى، مەلۇم قىسمى
تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولغان قوچۇ (ئىدىقۇت) شې-

---

* رېشىت رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»،
1965 - يىل، ئەنقەرە.

شېئىرلىرى سان جەھەتتىن خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بىرەر ماقالىدە بۇ شېئىرلارنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت بۇ شېئىرلارنىڭ بەزى گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مانىزم ۋە بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنى ئاساس قىلغانلىقى، تىل جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغانلىقى، شېئىرىي ماھارەتتە ئالاھىدە يۈكسىلىپ، ئۆزگە خاس شەكىل ۋە ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، قوچو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مانى ۋە بۇددىغا بېغىشلانغان مەدھىيە ۋە مۇناجاتلارنى، دۇئا ۋە تىلەكلەرنى، دىنىي ئەخلاق مەزمۇنىدىكى پارچىلارنى، مۇھەببەت لىرىكىسى ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرىنى، قەدىمكى ماقال-تەمسىللەرنى ۋە كېيىنچە ئەلام مەدەنىيىتى شارائىتىدا يېزىلغان پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تامامەن يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى مىسرا تۈزۈلۈشىنىڭ ئەركىن شەكىلدە بولغانلىقىدىن ئىبارەت. يەنى بۇ شېئىرلار تامامەن بارماق (ھېجا) ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىغا قارىماي، مىسرالار ئۇزۇن-قىسقا تۈزۈلگەن چاچما ياكى ئەركىن شېئىرلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ بىر مۇھەببەت لىرىكىسىدىن ساقلىنىپ قالغان تۆۋەندىكى قۇرلار بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر:

ئەسلى تېكىست:

ئا......
ئادىنچىغ ئامراق...
ئامراق ئۆز — كىيەم

قاسىنچىغىم (يۇ) قادغۇرۇرمەن
قادغۇردۇق (چا)قاشى كۆركەم
قاۋشىغسا يۇرمەن

ئۆز ئامراقىمىن ئۆيۈرمەن
ئۆيۈ ئېۋىرۇرمەن ئۆدۈ... چۇن
ئۆز ئامراقىمىن ئۆپۈگ سەيۇرمەن

بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇماز مەن
باغىرساقىم

كىرەيىن تىسەر كىچىكىيەم
كىرۇ يەمە ئۇماز مەن
كىن يىپار يىدلىغىم

يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقشىپان ئادرىلالىم

كۆچلۈگ پىرىشتىلەر كۈچ بىرزۇن
كۆزى قارام بىرلە
كۆلۈ شۇ گىن ئۇلۇرالىم

يەشمىسى:

ئا......

مىسلىسىز ئامراق،

ئامراق جېنىم.....

(سەن) نىگارىمنى ئويلاپ قايغۇرۇرمەن،

قايغۇرغانسېرى قاشى گۈزەلىم (بىلەن)

قوۋۇشقۇم كېلۇر.

ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن،

ئويلاپ-ئويلاپ تۇرغانسېرى

ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلۇر.

باراي دېسەم، گۈزەل ئامرىقىم،

بارالمايمەن تېخى

مېھرىبانىم.

كىرەي دېسەم، كىچىككىنەم،

كىرەلمەيمەن تېخى

ئىپار ھىدلىقىم.

يورۇق تەگرىلەر يارلىقاسۇن،

مۇلايىم (يار) بىلەن

بىللە ئۆتەي (بولاي) ئايرىلماي.

كۆچلۈك پىرىشتىلەر مەدەت بەرسۇن،

كۆزى قارام بىلەن

كۆلۈشۈپ ئولتۇراي.

بۇ ھال ئاپرىنچۇر تېكىستتىن باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلى-رىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن شېئىردىن بىر پارچە:

ئەسلى تېكىست:

ئادقا شۇتۇرۇر قات-قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىياتاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋۇلۇقتا

ئامرانچىغىن ئۇچتاچى قۇشقاللار
تىردىلىك قۇۋراغلىقتا
ئاتقاغسىزىن مەڭى تېگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

يەشمىسى: قاتار-قاتار، قات-قات تاغلاردا،
تېپتىنچ ئارامىلىق ئارانىياتاندا،
ئارتۇچ، سۆگەت ئاستىدا،

ئاقار سۇلار بويىدا،
شادىمان ئۇچقان قۇشلار كېلىپ،
توپلىنىدىغان جايلاردا،
غەم-ئەندىشىسىز ھۇزۇر سۈرگۈلۈك
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مىسرالارنىڭ مۇنداق ئۈزۈن-قىسقا ئۆزۈلگەنلىكى شېئىرغا ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، شېئىرنىڭ ئاھاڭداشلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە، ھېس-

تۇيغۇنى يەنىمۇ ئۇرغىتىشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينىغان. بەزى شېئىرلاردا قىسقا مىسرالارنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن شېئىرغا يېڭىباشتىن جان كىرىپ، ئۇنىڭ جەزبىبىلىك كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بۇنىڭ ئۈچۈن نامەلۇم بىر شائىرنىڭ مەدھىيە تېمىسىدىكى شېئىرىدىن تۆۋەندىكى پارچىنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە:

ئەسلى تېكست:

ئەركلىگ ئۆلۈغ ئېلىگىمىز ئېرۈرسىز
ئالتۇنچا تومىمىش
تومىلۇنچا تومىمىش
قۇتلۇغ بىلگە بەگۈمىز ئېرۈرسىز

يەشمىسى:

سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادىشاھىمىز سىز،
ئالتۇندەك پاك،
مەرۋايىتتەك ساپ،
قۇتلۇق دانا بېگىمىز سىز.

ئىككىنچى، كۇبلېتلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە، ئەركىن تۈزۈلۈشىمۇ قوچو ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن كۇبلېتلار ئۈچ، تۆت، سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان. ھەتتا ئاپرىنچۇر تېكىنىنىڭ «تاڭ تەڭرى» ناملىق شېئىرىنىڭ كۇبلېتلىرى ئىككىلىك، تۆتلىك ۋە بەشلىك شەكىلدە تۈزۈلگەن.

مەسىلەن:

ئەسلى تېكست:

تۇرۇڭلار قاموغ بېگلەر قاداشلار

تاڭ تەڭرىگە تۆگىلەم
كۆرۈگمە، كۈن تەڭرى
سىز بىزنى كۆزىيدىڭ
كۆرۈنۈگمە ئاي تەڭرى
سىز بىزنى قورتغارىڭ

تاڭ تەڭرى
يىدلىغ يىپارلىغ
يارۇقلۇغ ياشۇقلۇغ
تاڭ تەڭرى
تاڭ تەڭرى

.......................

يەشمىسى:
تۈرۈڭلار بارلىق بەگلەر، قېرىنداشلار.
تاڭ تەڭرىنى مەدھىيىلەيلى!

ئايان بولغان كۈن تەڭرى،
سىز بىزنى كۆزىتىڭ.
بالقىپ چىققان ئاي تەڭرى
سىز بىزنى قۇتقۇزۇڭ!

تاڭ تەڭرى
خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق.
پارلاق (ۋە) نۇرلۇق
تاڭ تەڭرى!
تاڭ تەڭرى!

.......................

ئەمما قوجۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

يەنىلا ئەنئەنىۋى تۆتلىكلەردىن ئىبارەتتۇر.

ئۈچىنچى، قوچو (ئىدىقۇت) شېئىرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، مۇتلەق كۆپ قىسمى (ئايرىم كۇبلېتلاردىن مۇستەسنا) ھەم باش قاپىيىلىك، ھەم ئاياغ قاپىيىلىك شەكلىدە يېزىلغان. ھەتتا بۇ شېئىرلاردا ئاياغ قاپىيىگە قارىغاندا باش قاپىيىگە كۆپرەك دىققەت قىلىنغان. شېئىرنى ھەم باش، ھەم ئاياغ قاپىيىلەر بىلەن يېزىش قوچو ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئاجايىپ بىر ئىجادى بولۇپ، مۇنداق شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئاھاڭدارلىقى بىلەن كىشى قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالىدۇ. تۆۋەندىكى مەرسىيە ئەنە شۇنداق شېئىرلارنىڭ بىرى:

ئەسلى تېكىست:

ئاقلار بۇلۇت ئۆرلەپ گۈركىرەپ،
ئالقۇقا مۇ ياغۇرۇر.
ئاق بىر ساچلىغ قارى ئانام،
ئاچىيۇ مۇ ياشلىرىن ئاقدۇر.

* *

قارالار بۇلۇت ئۆرلەپ كۆكرەپ،
قارمۇ ياغمۇر ياغۇرۇر.
قارى ياشلىغ ئۇل ئانام،
قايغۇدا مۇ ياشىن ئاقدۇر.

* *

يازقى بۇلۇت ياشلاپ كۆكرەپ،
ياغمۇرلار مۇ ئۇل ياغدۇر.
ياشى كىچىك ئالغانلارىم،
ياشلىرىن مۇ ئاقدۇر.

* *

كۆزكى بۇلۇت كۆكرەپ تۆرلەپ،
كۆپ مۇ يامغۇر ئول ياغىدۇر.
كۆڭۈل تاشىم ئىككى كىچىك،
كۆز ياشلىرى مۇ ئول ئاقىدۇر.

يەشمىسى:

ئاق بۇلۇتلار تۆرلەپ گۈركىرەپ،
تەرەپ-تەرەپكە قارمۇ ياغدۇرار.
ئاق چاچلىق قېرى ئانام
غەم-قايغۇدا ياشلار ئاققۇزار.

قارا بۇلۇتلار تۆرلەپ گۈرۈلدەپ،
قارمۇ، يامغۇرمۇ ياغدۇرار.
ئۇ قېرىغان چوڭ ياشلىق ئانام
قايغۇ ئىچىدە ياش ئاققۇزار.

يازقى بۇلۇت چاقماق چېقىپ گۈركىرەپ،
قاتتىق يامغۇر ياغدۇرار.
ئۇ مېنىڭ ياش خۇتۇنۇم
كۆز ياشلىرى ئاققۇزار.

كۈزگى بۇلۇت تۆرلەپ گۈرۈلدەپ
كۆپلەپ يامغۇر ياغدۇرار.
جان باغرىم ئىككى نارەسىدەم،
كۆز ياشلىرى ئاققۇزار.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، باش قاپىسىيە رىتورىك

(كۆچەيتىپ ئېيتىلىدىغان ئاھاڭدا) ئۇرغۇ بىلەن ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئالاھىدە كۆچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەنئەنە بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

دېمەك، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر شېئىرلىرى شېئىرىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر، شائىرانە تەسۋىر (ئوخشىتىش، قىلىقلاندۇرۇش، كىنايە، ئىستىئارە، مۇبالىغە) ۋە رىتىم، قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق، ئاھاڭدارلىق قاتارلىق شېئىرىيەت ۋاسىتىلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەپسۇسكى، قوچۇ (ئىدىقۇت) شېئىرلىرى سان جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان يىرىك بىركلاسسىك ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ياكى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

## ئىككىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ شەكلى بىلەن داستان دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە ئوخشاش قەھرىمانلىق داستانى، ياكى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن ئىشق-مۇھەببەت داستانى ئەمەس، بەلكى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ دۆلەت ۋە قانۇن، ئىنسان ۋە جەمئىيەت، بىلىم ۋە ئەخلاق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، «غايىۋى جەمئىيەت» ھەققىدىكى پىكىر-ئارزۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپە كىتابى ياكى «كىشىلىك پەلسەپ-

ـﺴﺪﯗﺭ»، ﺑﺎﺷﻘﭽﻪ ﺋﯧﻴﺘﻘﺎﻧﺪﺍ، «XI ﺋﻪﺳﯩﺮﮔﯩﭽﻪ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﯞﻩ ﺑﺎﺷﻘﺎ ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺧﻪﻟﻘﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﺋﯩﺠﺘﯩﻤﺎﺋﯩﻲ ﻫﺎﻳﺎﺗﯩﻨﻰ، ﺭﻭﮬﯩﻲ ﻗﯩﻴﺎﭘﯩﺘﯩﻨﻰ، ﺩﯗﻧﻴﺎ ﻗﺎﺭﺍﺷﻠﯩﺮﯨﻨﻰ، ﺋﻪﺧﻼﻕ-ﭘﻪﺯﯨﻠﻪﺗﻠﯩﺮﯨﻨﻰ ﺑﻪﺩﯨﺌﯩﻲ ﯞﺍﺳﯩﺘﯩﻠﻪﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﻪﻛﺲ ﺋﻪﺗﺘﯜﺭﯛﭖ ﺑﻪﺭﮔﻪﻥ» * ﺑﯩﺮ ﻗﺎﻣﯘﺳﺘﯘﺭ. ﺷﯘﻧﺪﺍﻕ ﺑﻮﻟﯘﺷﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﻤﺎﻱ، ﺑﯘ ﻛﯩﺘﺎﺏ ﺋﯩﭽﻜﻰ ﺗﯜﺯﯛﻟﯘﺷﯩﻨﯩﯔ ﺩﺍﺳﺘﺎﻥ ﻳﺎﻛﻰ ﺩﺭﺍﻣﺎ ﺷﻪﻛﻠﯩﺪﻩ ﺑﻮﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ، ﺑﻮﻟﯘﭘﻤﯘ ﺷﯧﺌﯩﺮﯨﻲ ﻣﺎﻫﺎﺭﻩﺕ ﺟﻪﻫﻪﺗﺘﯩﻜﻰ ﺋﯚﺯﮔﯩﭽﯩﻠﯩﻜﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﻛﻼﺳﺴﯩﻚ ﺋﻪﺩﻩﺑﯩﻴﺎﺗﯩﻨﯩﯔ ﺷﯧﺌﯩﺮﯨﻴﻪﺕ ﮊﺍﻧﯩﺮﻯ ﺑﻮﻳﯩﭽﻪ ﺋﻪﯓ ﻧﺎﺩﯨﺮ ﺋﯚﻟﮕﯩﺴﯩﺪﯗﺭ. ﺑﯘﻧﯩﯔ ﺋﺎﺳﺎﺳﻠﯩﺮﻯ ﺷﯘﻛﻰ:

ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﯩﺪﯨﻦ، «ﻗﯘﺗﺎﺩﻏﯘﺑﯩﻠﯩﻚ» ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺋﻪﺩﻩﺑﯩﻴﺎﺗﯩﻨﯩﯔ ﺗﻪﺭﻩﻗﻘﯩﻴﺎﺕ ﺗﺎﺭﯨﺨﯩﺪﺍ ﺗﯘﻧﺠﻰ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﺩﯗﻧﻴﺎﻏﺎ ﻛﻪﻟﮕﻪﻥ ﻛﯚﻟﻪﻣﻰ ﺋﻪﯓ ﺯﻭﺭ، ﺑﻪﺩﯨﺌﯩﻲ ﻗﯘﺭﯗﻟﻤﯩﺴﻰ ﺋﻪﯓ ﻣﯘﻛﻪﻣﻤﻪﻝ ﻟﯩﺮﻭ-ﺋﯧﭙﯩﻚ ﺩﺍﺳﺘﺎﻥ.

ﺋﯩﻜﻜﯩﻨﭽﻰ، «ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺗﯩﻞ ﺋﻪﺭﻩﺏ ﺗﯩﻠﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﻪﻳﮕﻪ ﭼﯜﺷﻜﻪﻥ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﺋﺎﺗﻘﺎ ﺋﻮﺧﺸﺎﺵ ﺗﻪﯓ ﭼﯧﭙﯩﭗ ﻛﯧﺘﯩﯟﺍﺗﻘﺎﻥ» ﺯﺍﻣﺎﻧﺪﺍ، ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺋﻪﺩﻩﺑﯩﻲ ﺗﯩﻠﯩﻨﯩﯔ ﺑﺎﻻﻏﻪﺕ ﯞﻩ ﭘﺎﺳﺎﮬﯩﺘﯩﻨﻰ ﺷﯧﺌﯩﺮ ﺋﺎﺭﻗﯩﻠﯩﻖ ﻧﺎﻣﺎﻳﻪﻥ ﻗﯩﻠﯩﭗ، ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺗﯩﻠﯩﻨﯩﯔ ﺋﻪﺭﻩﺏ ﯞﻩ ﭘﺎﺭﺱ ﺗﯩﻠﻰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺗﻪﯓ ﺑﻪﻳﮕﻪ ﭼﯜﺷﻪﻟﻪﻳﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﺋﻪﺩﻩﺑﯩﻲ ﯞﺍﺳﯩﺘﻪﻟﻪﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺗﯘﻧﺠﻰ ﻗﯧﺘﯩﻢ ﺋﯩﺴﭙﺎﺗﻠﯩﻐﺎﻥ ﺋﻪﺳﻪﺭ «ﻗﯘﺗﺎﺩﻏﯘﺑﯩﻠﯩﻚ» ﺗﯘﺭ.

ﺋﯜﭼﯩﻨﭽﻰ، «ﻗﯘﺗﺎﺩﻏﯘ ﺑﯩﻠﯩﻚ» ﺗﯩﻜﻰ ﻣﯘﻛﻪﻣﻤﻪﻝ ﺳﯜﮊﯨﺘﻠﯩﻨﯩﺸﻰ، ﺩﺭﺍﻣﺎﺗﯩﻚ ﺗﻮﻗﯘﻧﯘﺷﻼﺭ، ﻫﻪﺭ ﺑﯩﺮﻯ ﺋﯚﺯﮔﯩﭽﻪ ﺧﺎﺭﺍﻛﺘﯧﺮ-

* ﻣﻪﮬﻤﯘﺩ ﻗﻪﺷﻘﻪﺭﻯ: «ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺗﯩﻠﻼﺭ ﺩﯨﯟﺍﻧﻰ»، ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﭼﻪ ﻧﻪﺷﺮﯨﮕﻪ ﻳﯧﺰﯨﻠﻐﺎﻥ ﻣﯘﻗﻪﺩﺩﯨﻤﯩﮕﻪ ﯞﻩ 5-ﺑﻪﺗﯩﮕﻪ ﻗﺎﺭﺍﯓ (ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﺗﻮﻡ، 27-ﺑﻪﺕ)، ﺷﯩﻨﺠﺎﯓ ﺧﻪﻟﻖ ﻧﻪﺷﺮﯨﻴﺎﺗﻰ 1981-ﻳﯩﻞ ﻧﻪﺷﺮﻯ.

گە ئىگە پېرسوناژلار تەسۋىرى XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىك سەنئىتىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى بولسا، ئۇرغۇنلىغان مىسرالاردىكى ياقۇتتەك چاقناپ تۇرىدىغان شېئىرىي دۇردانىلەر بۇ داستاننىڭ شېئىرىي ماھارەتتە ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك نەمۇنە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «پارلاق باھار مەدھىيىسى»گە بېغىشلانغان تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، باھار تەسۋىرىگە دائىر شائىرانە ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسىنى گويا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتىپ تۈگىتىۋەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىشىمىز مۇمكىن.

63. ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھار شامىلى،
بىزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64. قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،①
بىزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ،

65. يېقىمسىز قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن②
پارلاق ياز يەنە قۇردى دۆلەت يايىن.

66. قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

67. قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بىزەندى سۆسۈن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68. قوڭۇر يەر يېپىندى يىپەك تورقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

---

① «كافۇردەك ئاق قارلار كېتىپ» دېگەن مەنىدە.

② ئېسىن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) «شامال» مەنىسىدە.

69. دالا، قىر، ئويمان تۈشەندى يېيىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70. تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71. ئېسىپ تاڭ شامىلى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار ھىدىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72. غاز، ئۆردەك، قىل ①، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشار يۇقىرى - تۆۋەن.

73. ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى.
بىرى ئۈزسە ئوينايپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74. تىزىلغان تۆگمىدەك كۆكۈش تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۇنىن ياڭرىتار.

75. ئۇلار قۇش سايرىدى ئۈندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچقىرغان كەبى سۆيمىشىن،

76. قاقىلدىدى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا②،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

---

① قىل — قىلقۇيرۇق؛
② قاتقارا — قاقاقلاپ،

78. چېچەكلىكتە مىڭ تىلدا بۇلبۇل ئۈنى،
ئوقۇر «سۈرە ئەبرى» نى كۈن ھەم تۈنى.

79. ئىلىك، جەرەن كۆل ئۈستىدە ئوينىشۇر،
بۇغا ـ مارال قىيغىتىپ ئويناپ سەكرىشۇر①.

تاڭ سەھەر ۋە كېچە، مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن مىسرالارمۇ ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ:

3839. شەرقتىن چاقنىدى ئوتتەك يېلىن،
يورىدى جاھان يۈز ئاچقاندەك كېلىن.

3288. يىپەك قالقان بېشىن چىقارغان ھامان،
يورۇق يۈز كۆلگەندەك يورىدى جاھان.

3284. يېپىپ ساچىن ساما ياپتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۈلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

3948. يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،②
جاھانىنىڭ تۈسى بولدى زەڭگى يۈزى.

«ئۇدغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە نەسىھىتى» بابىدىكى بىر قاتار مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئوت يۈرەك بىر شائىرنىڭ بۈيۈك

---

① مىساللار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى بويىچە ئېلىندى ۋە تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

② رۇمى قىزى — قۇياش مەنىسىدە.

ھۆكۈمدار ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، ئۇنى دادىللىق بىلەن پاش قىلغان يالقۇنلۇق شىكايەتنامىسىنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىي ماھارىتىگە تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز («قۇتادغۇبىلىك»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى، 1099 — 1103 - بەتلەرگە قاراڭ.) يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايات ۋە ئەمگەكنىڭ قىممىتى، ئىنسانىي پەزىلەت، بىلىم، تىل، ئەقىل - ئىدراك بابىدا ھەم لىرىك، ھەم ئافورىستىك (ئەقلىيە، ھېكمەت) دۇردانىلىرىنى بىزگە مىراس قالدۇرغاندۇركى، بۇ قىممەتلىك مىراسلار قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرى قاتارىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

314. كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
ياماnلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

1015. تولا سۆز بىلەن ئالىم بولالماس كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تۆر بېشى.

163. قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.

167. سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،

164. ئۇشكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ بىل.

2579. كىشى سۆز ۋە تىلدىن بېرەركەن ئازار،
سۆگەكنى ئاغرىتىپ، دىلغە ئوت ياقار.

2580. ئۇرۇلغان قامچىنىڭ ياراسى پۈتەر،
بۇ تىل سۆكسە پۈتمەس، ياراسى تۇرار.

1916. دىمەستە سۆزۈڭنى ئالتۇن ھىسابلا،
ئېغىزدىن چىقسا، سەن ئۇنى مىس سانا.

2895. كىسەل دەردى ئەرگە كىلىدىن كىرۇر،
ئۇنىڭ دورىسىمۇ ئېغىزدىن بولۇر.

2004. كۆزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي،
ئۇ نۇرغۇن دۇنيالىق بولسىمۇ، گاداي.

4733. بۇ دۇنيا ئۈچى بىر ئۈېتىزلىق ئېرۇر،
نىمە تەرسە تاڭنا شۇ نەرسە ئۈنۈر.

كىتابتىن مۇنداق مىسرالارنى نەچچە يۈزلەپ تېپىش مۇمكىن.

## ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى شېئىرىي ژانىرلار

### 8. غەزەل

1. بېيىتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى بىر خىل (ئوخشاش) قاپىيىدە كېلىپ، قالغان بېيىتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسى شۇنىڭغا قاپىيىداش يېزىلىدىغان لىرىك شېئىر غەزەل دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىر غەزەل ژانىرىنىڭ بەزىلەر ئېيتقاندەك «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىلا ئەمەس، يۇسۇپ خاس ھاجىپ زامانىسىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا شائىرنىڭ لىرىك شېئىر ماھارىتىنىمۇ نەقەدەر يۈكسەكلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. تۆۋەندە يۇسۇپ خاس ھاجىپ لىرىكىلىرىدىن بىرنەچچە بېيىتنى مىسال كەلتۈرىمىز.

1. شائىرنىڭ يىگىتلىكى (ياشلىقى) ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى:

6521. يىگىتلىكنى ئۆتكۈنچى بولۇتتەك ئۆتكۈزۈۋەتتىم،
ھاياتىمنى ئۆتكۈنچى شامالدەك تۈگەتتىم.

6522. ئىسىت ھەي يىگىتلىك، ئىسىت ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇشنى بىلمەي سېنى تېز قاچۇرۇۋەتتىم.

6524. ئىسىت، بۇ يىگىتلىك قېنى، نەگە كەتتى؟
تىلەپ تاپىسىدىم مەن، شۇنچە تىلەيتتىم!

6529. قىزىل ئىدى مەگزىم، تامام ئەرغىۋانىدەك،
بۈگۈن ئاقا زەپەر ئۆرۈغەن سۇرتتۇم.

6530. ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۈركۈدۈم،
تولۇن ئايدەك يۈزۈمنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531. يورۇق يازدەك ئىدىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولىدۇممىكىن، ھەممىنى توزۇتىۋەتتىم.

6532. قېيىنىدەك بويۇم ئوقتەك ئىدى تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېگىشتىم.

6533. ئىسىت، زايە قىلدىم ئۆمۈرنى ھەۋەس بىلەن مەن،
ئەمدى پۈشمانىدا كۆزدىن قان ياش ئېقىتتىم.

6547. گوياكىسرا ① يا قەيسەردەك ② بولدۇممۇ دەي،
يا شەدداد ۋە ئاددەك بىيىشىمۇ ياساتتىم.

---

① كىسرا — ئىراندا ئۆتكەن ساسانىيلار سۇلالىسى شاھلىرىنىڭ لەقىمى ياكى نامى.

② قەيسەر — رىم ھۆكۈمرانىنىڭ نامى.

6548. ئىسكەندەردەك ئالدىم جاھاننى پۈتۈنلەي،
نۇھ ئۆمرىنى پۈتۈن ياشىدىم، ياشاتتىم؛

6549. چىڭگىزدەك قىلىچلىق ھەيدەرمۇ ① بولدۇم دەي،
يا رۇستەمدەك جاھانغا داڭقىم تاراتتىم؛

6550. بولۇپ ياكى ئەيسا ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نوشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈم؛

6551. يا خەزىنەم تولۇق بولدى قارۇن ② مىلىدەك،
يا ئەسھابى رىستەك تۆمۈر شەھەر ياساتتىم؛

6552. نە پايدا بۇلاردىن، كىردىم ئاخىر يەرگە،
جاھان قالدى، مەن ئىككى بۆز بىلەن كەتتىم.

2. «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى» بايانىدىكى ئىككىنچى غەزەل شائىر ياشىغان زامانغا ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئىللەتلەرگە قارشى غەزەپ-نەپرەت بىلەن يېزىلغان ئەسىلەرىدىندۇر، تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇشلۇقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

---

① تۆت چاھارىيارنىڭ بىرى — ھەزرىتى ئېلىمنىڭ سۈپەتلەش نامى.

② مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى، ئەڭ چوڭ باي ۋە پىخسىق بىر ئادەمنىڭ ئىسمى.

6565. قوپاي مەن، ماڭاي مەن ،جاھاننى كېزەي مەن.
جاھاندا ۋاپادار كىم ئىكەن، تاپاي مەن.

6566. كىشى قىسلىقى بولدى، ئىزدەي قەيەردىن؟
ئىزدەپ تاپقىلى بولسا، ئىزدەپ كۆرەي مەن.

6567. جىمى ئارزۇغا يەتتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇغا يەتسەم، يۈزىگە باقاي مەن.

6570. ئەگەر تاپالمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كىيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەي مەن.

6571. يېمىكىم ئوت يىلتىزى، يامغۇر سۈيى ئىچسەم بەس،
قىلىپ قومنى تۆشەك، تاغار تون كىيەي مەن.

6572. بولۇپ ياكى ۋەھشى، باياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يۈتەي مەن.

6577. كۆزۈمدەك يېقىن كۆرسەم كىمنى ئۆزۈمگە،
شەيتاندەك ياۋ بولدى، ئۇنى نە يۈتەي مەن.

6579. كىشى كۆڭلىنى بىلمەككە گۇۋاھ ئىدى تىل،
كۆڭۈل، تىل ئالا بولدى، كىمگە پۈتەي مەن.

6582. ئاداش-دوستلىرىمدىن ۋاپا كۆرمىدىم مەن،
قاياش قىلىقى ياتتەك، نېچۈك تىل ئاچاي مەن.

6588. بۇزۇلدى نېچۈن خەلق، ئىزامنى تەرك ئېتىپ،
نېچۈك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەي مەن.

6595. جىمى ياخشىلار كەتتى، يوسۇن-قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپاي مەن.

6601. چاياندەك چاقۇرلار، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايسىنى ئۇراي مەن.

6602. ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن-تۈن نەچچە يۈك يۈدەي مەن!

3. كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللەردە ئۆز ئىسمى ياكى كۆپىنچە ئۆز تەخەللۇسىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ئادىتىنىمۇ بەزى كىشىلەر «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە ئومۇملاشقان دېگەن پەرەزدە ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 3-غەزىلى «كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى» دە بۇ ئادەتنىڭ XI ئەسىردىلا ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى شېئىرلىرىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

6605. «بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا،

6606. بىلىمسىز يۈرەك تىل، نېمىگە يارار،
بىلىم بىرلە سۆزەك ئومۇمغا يارا»

دەپ باشلىنىدىغان ئۆزۈن غەزەلدە:

6627. يۈسۈپ سەن، كېرەكلىك دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
كېرەكسىزنى يوشۇر، ئۇ زەرەرلىك، قارا.

دېگەن بېيت ئۇچرايدۇ. ئۇ ھالنى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، يەنى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ كىتابى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

ئەدىب ئەھمەد ئاتىم، ئەدەب ـ پەند سۆزۈم،
سۆزۈم مۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم.

## B. رۇبائىي

بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى رۇبائىي ژانىرى پەقەت «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىلا پارس شائىرلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن باشلانغان دەپ قارايتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق رۇبائىينىڭ مەۋجۇتلۇقى رۇبائىي ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رۇبائىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ كامالەت دەرىجىسىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رۇبائىي پېشۋالىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. تۆۋەندىكى مىساللار بۇنىڭ دەلىلى بولۇشى مۇمكىن.

2380. كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ ـ توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى،

2381. سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالغاندەك، تۆكەر ياۋ قېنى.

3421. نېچۈك ئەر سانالۇر مەگەر دۈشمەنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى

3422. كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

3401. غاپىل بولما، دۈشمەن كىچىك دەپ ئۆزۈڭ،
نېچۈن قورقىمەن دەپ، چوڭ قىلما سۆزۈڭ.

3402. ئەگەر بولسا دۈشمەن، بىخۇد يۈرمە سەن،
دۈشمەنىڭگە دۈشمەن بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

2047. كۆر، ئىتقا بولۇۋەرسە باش ئەرسلان،
بولۇر ئىتلار ھەم ئەرسلانسىمان.

2048. ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئەرسلانغا باش،
ئەرسلانمۇ بولۇپ قالۇر ئىتتەك ھامان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرى ھەققىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شائىر ئۆز رۇبائىيلىرىنى، ئادەتتە، «نە دەيدۇ ئىشىتكىن، بىر پازىل كىشى»، ياكى «نېمە دەيدۇ ئاڭلا، سەپ يارغان جەسۇر» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر خىتابتىن كېيىن باشلىغاچقا، بەزى ئالىملار شائىرنىڭ بۇ رۇبائىيلىرى باشقا كىشىلەردىن نەقىل ياكى پارس-تاجىك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمال دېگەن قاراشقا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە تىل

جەھەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىكى ھەممىنى قايىل قىلىپ، ئاخىر بۇ رۇبائىيلار شائىرنىڭ ئۆز ئىجادى دېگەن قاراش ئۇستۇنلۇك قازاندى.

C. تەجنىس ۋە تۇيۇق

ئادەتتە ئاز ئۇچرايدىغان تەجنىس (ئومونىم سۆزلەردىن شېئىر تۈزەش سەنئىتى) مۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە نامايان قىلىنغان. مەسىلەن: «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى، «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىغان ئومونىملىق سۆز بولۇپ ئېيتىلاتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

564. بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئېزى قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

يەشمىسى:

مۇنداق كىشىلەر بەكمۇ قىس بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئېتىمۇ قىز بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھېساب» دېگەن سۆز «ساقىش» دېيىلەتتى. بۇ سۆز «ساق» ۋە «ئىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق سۆز ئويۇنى قىلىدۇ:

2221. ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى ساقىش،
كۆرەرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئورنى «قارشى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن مۇنداق تەجنىس (سۆز ئويۇنى) تۈزەلگەن:

4246. بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئىپتى «قارشى» دۇر،
بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە تەجنىسنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات شەكلى بولغان «تۇيۇق» نىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: «ئۆگ» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم ئورنىدا كەلگەندە ئىدراك، سۈپەت مەنىسىدە كەلگەندە چوڭ، ئۇلۇغ، پىشىل بولۇپ كەلگەندە ماختىماق دېگەن ئۇقۇملارنى بىرەتتى. شائىر بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ مۇنداق بىر تۇيۇق ياراتقان:

1993. قايۇ ئەردە بولسا، ئۇقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ.
1994. ئۇقۇش، ئۆگ، بىلىك كىمدە بولسا تۈگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەدتە، كىچىك بولسا ئۆگ.

يەشمىسى:
كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا، ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا،
قانچە ماختىساڭ، ماختا؛ كىمدە ئەقىل،ئىدراك،
بىلىم جەم بولىدىكەن، ئۇنى يامان بولسا ياخشى،
كىچىك بولسا ئۇلۇغ، دەپبىل.

# تۆتىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئارۇز ۋەزنى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شېئىرىي ۋەزنى مەسىلىسى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان دېگۈدەك بىر مۇنچە تۈركشۇناسلار-نىڭ دىققەت - نەزەرىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ كەلدى. يەنى بۇ داستان بارماق (ھىجا) ۋەزنىدە يېزىلغانمۇ، ياكى ئارۇز ۋەز-نىدىمۇ دېگەن مەسىلىدىكى مۇنازىرىلەر خېلى زامان داۋام قىلدى. بىر قىسىم ئالىملار بۇ داستان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي شېئىرىيەت ۋەزنى بولغان 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزى-لغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ قاراشتىكىلەرگە تۈركىيە ئالىمى نەجىپ ئاسىم بىلەن قۇبۇلزادىلار ۋەكىللىك قىلاتتى. نەجىپ ئاسىم: «قۇتادغۇبىلىك»، «ھەممىگە تونۇش بولغان تۈركىي شېئىر ۋەزنى 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان» دەپ ئاشكارا ئېيتقان.① ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق گېرمان ۋامبېرىمۇ شۇنداق تونۇشتا بولغان.②

مۇنداق قاراشتىكى ئالىملارنىڭ تايانماقچى بولغان ئاساسى ئىككى: بىرىنچىدىن، 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مىللىي شېئىر ۋەزنى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى كىتابتىكى شېئىرلاردا ۋەزىن ئوخشاشلىقى

---

① نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 1898 - يىل نەشرى، 259 - بەت.

② م. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980 - يىل، ئىستانبۇل، 170 - بەت.

بار دېمەكچى؛ ئىككىنچىدىن، تۈركىي شېئىرنىڭ بارماق ۋەزنى بىلەن ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى، يەنى تۈركىي تىلىنىڭ بەزى فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارۇز قائىدىسىگە چۈشمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى مىسرالارنىڭ ئارۇز قائىدىسىگە تولۇق چۈشمىگەنلىكى بۇنىڭ بىر دەلىلى دېمەكچى.

ھالبۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئالىملار بۇ ئىككى خىل ئاساسنىڭ ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. م. فۇئاد كۆپرۈلۈ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز بىلەن يېزىلغانلىقىنى «ئىلىم دۇنياسى بىر-دەك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، «بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەن ئەسىردە 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىنىڭ بەك ئاز قوللىنىلغانلىقىنى كېيىنچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە كۆرسىتىپ بەردى» دەپ يازدى*. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى مىسرالار ئارۇز قائىدى-سىگە تولۇق چۈشمەيدۇ دېگەن مەسىلىگە ئۆزبېك ئالىمى قېيۇم كېرىموۋ «ئەگەر داستاندا ئارۇز قائىدىسىگە مۇۋاپىق كەلمەي-دىغان مىسرالار بولغان بولسا، بۇ شۈبھىسىزكى، ئۇنى كۆچۈر-گۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى. چۈنكى، بۇ داستان مىلادى XI ئەسىردە يېزىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلار پ.ق.ت مىلادى XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردىنلا ئىبارەت. بۇ كۆچۈرمە نۇسخىلاردا بەزى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى چوقۇم، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ بەزى «ئۆزگەرتىش» لەرنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقىمۇ تەبىئىي. ئەمما بۇلار ئايرىم ھادىسىلەردىنلا

* يەنە شۇ كىتابنىڭ ئەينى بېتىگە قاراڭ.

## تۆتسنچى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئارۇز ۋەزنى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شېئىرىي ۋەزنى مەسىلىسى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان دېگۈدەك بىر مۇنچە تۈركشۇناسلارنىڭ دىققەت - نەزەرىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ كەلدى. يەنى بۇ داستان بارماق (ھىجا) ۋەزنىدە يېزىلغانمۇ، ياكى ئارۇز ۋەزنىدىمۇ دېگەن مەسىلىدىكى مۇنازىرىلەر خېلى زامان داۋام قىلدى. بىر قىسىم ئالىملار بۇ داستان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي شېئىرىيەت ۋەزنى بولغان 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ قاراشتىكىلەرگە تۈركىيە ئالىمى نەجىپ ئاسىم بىلەن قوبۇلزادىلار ۋەكىللىك قىلاتتى. نەجىپ ئاسىم: «قۇتادغۇبىلىك»، دەھەممىگە تونۇش بولغان تۈركىي شېئىر ۋەزنى 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان» دەپ ئاشكارا ئېيتقان.① ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق گېرمان ۋامبىرىمۇ شۇنداق تونۇشتا بولغان.②

مۇنداق قاراشتىكى ئالىملارنىڭ تايانماقچى بولغان ئاساسى ئىككى: بىرىنچىدىن، 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مىللىي شېئىر ۋەزنى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى كىتابتىكى شېئىرلاردا ۋەزىن ئوخشاشلىقى

---

① نەجىپ ئاسىم: «تۈرك تارىخى»، 1898 - يىل نەشرى، 259 - بەت.

② م. فوئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980 - يىل، ئىستانبۇل، 170 - بەت.

بار دېمەكچى؛ ئىككىنچىدىن، تۈركىي شېئىرنىڭ بارماق ۋەزنى بىلەن ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى، يەنى تۈركىي تىلىنىڭ بەزى فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارۇز قائىدىسىگە چۈشمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى مىسرالارنىڭ ئارۇز قائىدىسىگە تولۇق چۈشمىگەنلىكى بۇنىڭ بىر دەلىلى دېمەكچى.

ھالبۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئالىملار بۇ ئىككى خىل ئاساسنىڭ ئەمەلىيەتتىن چەتلەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. م. فۇئاد كۆپرۈلۈ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز بىلەن يېزىلغانلىقىنى «ئىلىم دۇنياسى بىر-دەك ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، «بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەن ئەسىردە 11 بوغۇملۇق بارماق ۋەزنىنىڭ بەك ئاز قوللىنىلغانلىقىنى كېيىنچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە كۆرسىتىپ بەردى» دەپ يازدى*. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى مىسرالار ئارۇز قائىدى-سىگە تولۇق چۈشمەيدۇ دېگەن مەسىلىگە ئۆزبېك ئالىمى قېيۇم كېرىموۋ «ئەگەر داستاندا ئارۇز قائىدىسىگە مۇۋاپىق كەلمەي-دىغان مىسرالار بولغان بولسا، بۇ شۈبھىسىزكى، ئۇنى كۆچۈر-گۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى. چۈنكى، بۇ داستان مىلادى XI ئەسىردە يېزىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىلار پەقەت مىلادى XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردىنلا ئىبارەت. بۇ كۆچۈرمە نۇسخىلاردا بەزى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنىڭ بولۇشى چوقۇم، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ بەزى «ئۆزگەرتىش» لەرنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقىمۇ تەبىئىي. ئەمما بۇلار ئايرىم ھادىسىلەردىنلا

* يەنە شۇ كىتابنىڭ ئەينى بېتىگە قاراڭ.

ئىبارەت» دەپ ئوبدان جاۋاب بەرگەن*.

ئەمەلىيەتتە، ئارۇز ۋەزنىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قايسى ۋەزىندە يېزىلغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس. مەلۇمكى، شېئىر مىسرالىرىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن ياكى ئالمىشىشىدىن ھاسىل بولغان ۋەزىن ئارۇز ۋەزنى دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇم ئارۇز ۋەزنىدىمۇ بارماق ۋەزنىدىكىگە ئوخشاش مىسرانىڭ ئەڭ كىچىك ياكى ئەڭ ئاساسىي بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئارۇز ۋەزنىدە مىسرا ئىچىدىكى بوغۇملارنىڭ سانى ۋە تۇراقلىرى ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقىلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ، شۇ بوغۇملارنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى ئالمىشىشىدىن ئارۇزغا خاس بىر خىل ئاھاڭ پەيدا بولىدۇ. ئادەتتە، ئۇزۇن بوغۇمنى «—» بەلگىسى بىلەن، قىسقا بوغۇمنى «V» بەلگىسى ياكى بىر چېكىت بىلەن ئىپادىلەش ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قائىدە بولۇپ قالغان.

مەسىلەن:

371. بودۇم ئەردى ئوقتەگ كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوقتەگ بودۇم بولدى يا.
(بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا)

بۇ بېيىتنى ئاشۇ قائىدە بويىچە سخېما بىلەن كۆرسەتسەك، مۇنداق ھالەت كېلىپ چىقىدۇ:

---

* «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر تەرجىمىلىرىدىن تاللانما» 1 - توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 166 - بەت.

| | | | |
|---|---|---|---|
| بودۇم ئەر | دى ئۇقتەگ | كۆڭۈل ئەر | دى يا |
| V — — | V — — | V — — | V — |
| كۆڭۈل قىل | شۇ ئۇقتەگ | بودۇم بول | دى |
| V — — | V — — | V — — | V — |

مۇزىكا ئىلمىدە نەغمە ئاھاڭلىرى نوتا بىلەن بەلگىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئارۇز ئىلمىدە شېئىر ئاھاڭلىرى «تەفئىلە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل شەكىل بىلەن بەلگىلىنىدۇ. «تەفئىلە» شەرتلىك ھالدا ئەرەب يېزىقىدىكى ف. ع. ل ھەرپلىرى بىلەن كۆرسىتىلىپ، «فعل» شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ شەكىل تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ۋاستىسى بىلەن فەئىل، فەئەل، فەئۇل دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئارۇزنىڭ ۋەزىن ئاساسلىرى ھاسىل بولىدۇ. شۇ ئاساسلارنىڭ بىرىكىشى ياكى ئايرىلىشىدىن رۇكىن (يەنى مىسرالارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ چوڭ ئامىل) ھاسىل بولىدۇ. ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر مىسرالىرى ئۈچ، تۆت، ھەتتا بەش رۇكىندىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن. ئارۇز ۋەزنىدىكى رۇكىنلار 30 خىلغا يەتتىمۇ، ئاساسلىقى، «فەئۇلۇن، فائىلۇن، مەفائىلۇن، فائىلاتۇن، مۇستەفئىلۇن، مەفئۇلاتۇ، مەفائىلاتۇن، مۇتەفائىلۇن» دەپ ئاتىلىدىغان سەككىز خىلدىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق رۇكىنلارنىڭ ئەينەن ياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدىن بەھىرلەر ھاسىل بولىدۇ. بەھىر ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر ئۆلچەملىرىنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى بولۇپ، ئارۇز ئالىملىرى ئۇلارنى 19 خىلغا يەكۈنلىگەن.

شۇ بەھىرلەرنىڭ بىرى مۇتەقارىپ بەھرى بولۇپ، بۇ بەھىرنى ھاسىل قىلىدىغان رۇكىن فەئۇلۇن (V — —) رۇكىنىدۇر. بۇ رۇكىن بىر بېيىتتا ئەينەن سەككىز قېتىم تەكرارلانسا، مۇتەقارىپ بەھىرنىڭ سالىم (يەنى، ساق، تولۇق) شەكلى ھاسىل بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىك پارچىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى بىلەن ئايرىم بېيىتلار ئەنە شۇ سالىم بەھىر ۋەزنىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

6567. قاموغ ئاررۇ بولدۇم كىشى بولمادىم مەن،
قالى بولسا ئارزۇم يۇزىگە باقايى.

يەنى: جىمى ئارزۇغا يەتتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇغا يەتسەم، يۇزىگە باقاي مەن.

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكنىلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قاموغ ئار | رۇ بولدۇم | كىشى بول | مادىم مەن |
| (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) |
| — — V | — — V | — — V | — — V |
| قالى بول | سا ئارزۇم | يۇزىگە | باقايى |
| (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) | (فەئۇلۇن) |
| — — V | — — V | — — V | — — V |

فەئۇلۇن رۇكنى ئەينەن تەكرارلانماي، ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئۇزۇن بوغۇم قىسقارتىلسا، مۇتەقارىپ بەھرىنىڭ مەقسۇر (قىسقارتىلغان) ۋەزنى — فەئۇل (يەنى V —) ھاسىل بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» كە ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىك پارچىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى بىلەن پەقەت ئىككى بېيىت مۇتەقارىپنىڭ سالىم (تولۇق) بەھرى ۋەزنىدە يېزىلغاندىن تاشقىرى، قالغان 13 مىڭ نەچچە، يۈز مىسرانىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەقسۇر (قىسقارتىلغان) بەھرى ۋەزنىدە، يەنى

| | | | |
|---|---|---|---|
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |
| — — V | — — V | — — V | — V |

ۋەزنىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان يىرىك داستان بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

*

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىپ چىققانلىقى، بىر تەرەپتىن، بۇ شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى (ياكى دەس-لەپكى تەجرىبىسى) بولماي، بەلكى ئارۇز ۋەزنى بىلەن ئۇزۇن يىللىق شۇغۇللانغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلىنىڭ ئارۇز ۋەزنى بىلەن ھېچقانداق توقۇنۇشۇپ قالىدىغان يېرى يوقلۇقىنى، يەنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە ھەرقانداق يىرىك ئەسەرلەرنىمۇ يازغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھاتتا بۇ ۋەزنىنىڭ ئومۇمەن تۈركىي (تىللىق) شېئىرىيەتتىكى مىللىي ئۇسلۇبلارنىڭ بىرى بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلدى. دەرۋەقە، «قۇتادغۇ-بىلىك» تىن باشلاپ بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىجادىدا، ھەتتا خەلق قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنى بارماق ۋەزنى بىلەن بىر قاتاردا بۈگۈنگە قەدەر مىللىي ۋەزنلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنىڭ ھېچبىر تاسادىپىي ھال ئەمەسلىكىنى يەنە شۇ نۇقتىدىنمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىنكى، مىلادى 722— 792- يىللاردا ياشىغان ئەرەب ئالىمى ئىمام خېلىل ئىبىن ئەخمەتنىڭ «ئىلمى ئارۇز» ناملىق كىتابى دۇنياغا كېلىپ، ئىلىم ئەھلىگە تەسىر كۆرسە-تىشتىن بۇرۇنلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بېيىت، قوشاقلىرىدا بەزى ئارۇز ئاملىرى مەۋجۇت ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ساقلانغان بىرمۇنچە بېيىت ۋە قوشاقلار بۇنىڭ دەلىلى. مەسىلەن:

كەلسە قالىي قاتىقلىق،
ئەرتەر تەيۈ سەرىنگىل.
ئۆزلەك ئىشىن بىلىپ تۇر،
ئانچا ئاڭار تىرەنگىل.

يەشمىسى:

ساڭا قاتتىق كۈن كەلسە، بۇمۇ كېتەر دەپ
سەۋر قىل، زامانىڭ ئىشىنى بىلىپ
تۇر، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تاقابىل تۇر.

بۇ قوشاق «ئىلمىي ئارۇز» دا يەكۈنلەنگەن رەجەز بەھرىنىڭ بىر تارماق ۋەزنى بولغان

مۇستەفئىلۇن فەئۇلۇن مۇستەفئىلۇن فەئۇلۇن

— —V — V — — — —V — V — —

ۋەزنىگە چۈشىدۇ، يەنى

كەلسە قالىي قاتىغلىق ئەرتەر تەيۈ سەرىنگىل

— —V —V— — — —V — V— —

ئۆزلەك ئىشىن بىلىپ تۇر ئانچا ئاڭار تىرىنگىل

— —V —V — — — — V — V — —

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇنىڭدا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى روكىن مۇستەفئىلۇندىن، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى روكىن فەئۇلۇندىن تەركىب تاپقان. بۇ قوشاقنىڭ تىلىغا دىققەت قىلغان كىشى ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن خېلى بۇرۇنقى زامانلارغا مەنسۇپلۇقىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى مەسىلىسىدە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، بەزى ئالىملار بۇ داستاننىڭ فىردەۋسىي «شاھنامە» سى بىلەن ئوخشاش ۋەزىندە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك» «شاھنامە» گە تەقلىد قىلىنغان دېگەن قاراشتا بولۇشقان. بۇنداق قاراشنى ئەمەلىيەتتىن بەكمۇ چەتلىشىپ كەتكەن چاكىنا قاراش دېسەك،

مۇبالىغە قىلىنغان بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى كىتابنىڭ ۋەزنىن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىرىنىڭ يەنە بىرىگە تەقلىد قىلىنغانلىقىغا ئاساس بولمايدۇ. خۇددى قېيۇم كېرىموفنىڭ ئېيتقىنىدەك، «شاھنامە» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئىككى كىتابتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» باي تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ئورىگىنال بەدىئىي ئەسەر، ئەگەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى بولمىغان بولسا، «شاھنامە»نىڭ ھەرقانچە تەسىرى بولغان تەقدىردىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تەك ئەسەر دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى پەقەت (يالغۇزلا) «شاھنامە» نىڭ ۋەزنى بولماي، شەرق ئېپوپىيە- لىرىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق مەۋجۇت بولغان شەرق شېئىرىيىتى ۋەزنىدۇر①. روس ئالىمى س. ن. ئىۋانوفنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر: «تۈركىي ئەدەبىيات تەقلىدنىلا ئىبارەت، ئەمەلىيەتتە، پارس-تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ‹ياش ھەمشىرىسى› دەيدىغان لاۋزا قاراشلارمۇ بولغان. ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدىكى ئىنچىكە تەتقىقاتلار مۇنداق سەپسەتىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى رەددىيەدۇر.»②

---

① «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر تەرجىمىلىرىدىن تاللانما، 1-جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىل خەنزۇچە نەشرى، 169-بەت.

② س. ن. ئىۋانوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»ى توغرىسىدا» «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 1983-يىل، موسكۋا.

# «يىپەك يولى»دىكى ناخشا ساداسى*

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «يىپەك يولى» تەتقىقاتى جاھان مىقياسىدا دىڭگۇدەك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش. شەرقتىكى جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرى، غەربتىكى مېسوپوتامىيە، مىسىر مەدەنىيىتى قاتارلىق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئانا يۇرتى ۋە بۇ ئۆزئارا ئۇچراشقان مەيدانى بولغان «يىپەك يولى» نى تەتقىق قىلىش ھەقىقەتەنمۇ زور تارىخى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، ھازىرغا قەدەر قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىچىدە ماددىي مەدەنىيەتكە دائىر نەتىجىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر نەتىجىلەر، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتقا دائىر نەتىجىلەر بەك ئاز. ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا، نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر (بولۇپمۇ، كىتاب كۆيدۈرۈش پاجىئەلىرى) تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ يوق قىلىنغانلىقلىرى ۋە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئەدەبىياتقا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بەك ئاز بولۇشىدىكى

* بۇ ماقالە «يىپەك يولى» تەتقىقاتى بويىچە 1990 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان ۋە لەنجۇ شەھىرىدە چىقىدىغان «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بىۋاستە سەۋەب دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما، بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم مەۋجۇت ئەدەبىي يادىكارلىقلار ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا تېخى يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈنمىگەنلىكىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت.

مەلۇمكى، خەلق ياكى مىللەت تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تارىخى دېمەكتۇر. مەدەنىيەت تارىخى ئەدەبىي يادىكارلىقلار ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغۇچە، «يىپەك يولى»نىڭ مەدەنىيەت قاينىمى ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاش تەس. «يىپەك يولى» شىمالدىكى يايلاق لىنىيەسى، ئوتتۇرىدىكى بوستانلىق ۋە جەنۇبتىكى دېڭىز لىنىيەسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئىنتايىن كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرىدىكى، جۈملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى بوستانلىقلارغا قارىتىلغان. بۇ رايونلار قەدىمدىن تارتىپ، «ناخشا ئۇسۇل ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەن بۇ ماقالىدە پەقەت مۇشۇ رايوندا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەر، مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم قەدىمكى ناخشا - قوشاقلىرى ۋە غەرب بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆرۈلگەن بەزى ھادىسىلەر ئۈستىدىلا توختالماقچىمەن.

1

ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمكى قوشاق - بېيىت ۋە شېئىرىي پارچىلارنى بىزنىڭ زامانىمىزغا يەتكۈزگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە بىردىنبىر

مەنبە «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» ناملىق كىتابتىن ئىبارەت. ئۈچ
تومدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتاب ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI
ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن
مىلادى 1072 — 1074 يىللىرى يېزىلغان. ئاپتور ئۆز ئەسە-
رىنى «لۇغەت» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، تۈركىي
تىللىنىڭ بارلىق مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى سېلىشتۇرما تىلشۇناس-
لىق نۇقتىسىدىن كۆرسىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، تۈركىي تىل-
لىق قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخى، ئېتنوگرافى-
يىسى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، مۇھىم شەھەر ۋە كەنتلىرى،
ماددىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، مەنىۋى دۇنياسى، بەزى مۇھىم
تارىخىي شەخسلەر، ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ
دەرىجە ئۇنۋانلىرى، جۈملىدىن ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا
سەنئىتى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ھۈنەر - سانائەت، كالېن-
دارچىلىق ۋە ئاسترونومىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارلىق نۇر-
غۇن ساھەلەرگە دائىر مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىك-
لوپېدىك ئەسەردۇر. ئاپتور ئاشۇ مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان
سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن
نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي پارچىلارنى مىسال كەلتۈرگەن، بۇ ئەدەبىي
پارچىلار «يىپەك يولى» دىكى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
مەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك تېمىدىكى ئەدەبىي پار-
چىلار 242 كۇپلېت بولۇپ، ئۇلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەت-
تىن تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار، يەنى
تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلمىغان
تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى

جەڭلەر، تۈركەش ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان جەڭلەر، جۇملى-
دىن، توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ
ئۆزئارا جېدەللىرى ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار. مەسىلەن:

tanut süsün üxikladi
kixi ixin əlükladi
ərin atin bəlikladi
bulun bolip baxi tiqd*

مەنىسى:

تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ، ئۇ-
لارغا قاتتىق سوغۇقتا كېچىسى ھۇجۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ
خوتۇن - قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى، ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى
بىزگە سوۋغا قىلدى، غەم-قايغۇغا پېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

Kəlnizləyü aktimiz
Kəndlər üzə qiktimiz
furhan əvin yiktimiz
burhan üzə sıqtimiz

مەنىسى:

(بۇدداچى) ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭنى تەسۋىر-
لەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ

---

* مىساللار ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىش-
لەنگەن ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن، مەنىسى ئاپتورنىڭ ئۆز
ئىزاھاتى بويىچە نەسىر بىلەن بېرىلدى.

باردۇق، شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق.

Ərən alpï akïxtïlar
Kïnïr Kəzün bakïxtïlar
Kamuq tolmun tokuxtïlar
Kïlïq kïnka küqün sïqdï

مەنىسى:

يىگىتلەر بىر بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن ھومىيىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى. قىلىچلىرى قانىنىڭ كۆپ ئۆيۈپ كەتكەنلىكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.

ئىككىنچى، مەرسىيىلەر، بۇنىڭغا ئالىپ ئەرتوڭا (بۈيۈك پارس شائىرى ئۆبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە تەسۋىرلەنگەن تۇران سەركەردىسى ئافراسىياپ) ۋە نامەلۇم بىر قەھرىماننىڭ ئۆلۈمىگە ئاتالغان مەرسىيىدىن پارچىلارنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە:

alp ərtona əldïmu
Əsiz azun kaldïmu
əzlək əqin aldïmu
Əmdi yürək yïrtïlur

مەنىسى:

خاقان ئافراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.

ulxïp ərən bərləyü
yïrtïp yaka urləyu
sïkrïp üni yurlayu
sïqtap kəzi ərtülür

مەنىسى:

ئادەملەر (ئۇنىڭ) ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى.

ئۈچىنچى، قوشاقلار بۇنىڭغا مۇھەببەت، ئەمگەك، تەبىئەت، ئۇۋچىلىق ھەققىدىكى قوشاقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

bulnar məni ulas kəz
Kara məniz kïzïl yüz
andïn tamar tügəl tüz
bulnap yana ol kaqar

مەنىسى:

قارا مەڭلىك، قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ، ئەسىر قىلىدۇ - دە، يەنە قېچىپ كېتىدۇ.

üzik məni komïttï
sakïnq mana yamïttï
Kəɳlüm aɳar əmitti
yüzüm məniɳ sarqayur

مەنىسى:

يارغا بولغان ئىشق مۇھەببىتىم مېنى ھاياجانغا سالدى، قايغۇ-ئەلەملەر ماڭا توپلاندى، كۆڭلۈم ھەمىشە يارغا ئىنتىلىدۇ، شۇڭا مېنىڭ يۈزۈم سارغايماقتا.

yigitlərig ixlətü
yiqaq yəmix irqatu
Kulan kəyik avlatu
bəzrəm kilip avnalim

مەنىسى:

يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۆرۈپ، قۇلان-كېيىكلەرنى ئۇۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.

ətil suvï aka turur
kaya tüpi kaka turur
balïk təlim baka turur
Kəlun takï küxərür

مەنىسى:

ئىدىل دەرياسى تاغ قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا، دەريا سۈيىنىڭ تېشىشىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە بېلىق ۋە پاقىلار كۆپەيمەكتە.

tümən qəqək tizildi
bükündən ol yazïldï
üküx yatïp üzəldï
yərdə kopa azrïxur

مەنىسى:

تۆرلۈك - تۈمەن چېچەكلەر تېزىلدى، غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلدى، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ ئېزىلگەنىدى، ئەمدى بۆسۇپ چىقىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلماقتا.

uzu barīp üküx əvdim
təlim yorīp küqi kəvdim
atim birlə təgü əvdim
məni kərüp yəni aqdi

مەنىسى:

بۆرە ھەققىدە ئېيتىلغان: ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالدىرىدىم، قوغلاۋېرىپ ھالىدىن كەتكۈزدۈم، ئېتىم بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم، مېنى كۆرۈپ تۈكلىرى ھۈرپىيىدى.

تۆتىنچى، ساقىنامە،

īvrīk baxī kazlayu
saqrak tolu kəzləyü
sakīnq kuzī kizləyü
tün kün bilə səvnəlim

مەنىسى:

ئۇرنىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدەك تىك تۇرماقتا، ساغەرلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى، قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى.

küglər kamuq tüzüldi
ïvrïk izix tizildi
sənsiz ozüm ezəldi
kəlgil amul oynalim

مەنىسى:

ھەممە ناخشىلار تۈزۈلدى، ئۈرۈق قەدەھلەر تىزىلدى، كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ، كەل ئەمدى، كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ ئوينايلى.

قوشاقلاردىن باشقا، كىتابتا يەنە ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال-تەمسىللەردىن 200 نەچچىسى كىرگۈزۈلگەن. پەلسەپەۋى مەزمۇنغا ئىگە بۇ خىلدىكى سۆز ۋە ئىبارىلەر قەدىم زامان كىشىلىرىنىڭ دۇنيا ۋە تۇرمۇشقا بولغان قاراشلىرىنى، شۇ زامانلاردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق فورمىلىرىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ. مەسىلەن:

ed kəqər kixi tuymas
yalinuk oqli məngü kalmas

مەنىسى:

زامان ئۆتەر، كىشى تويماس،
ئادەم بالىسى مەڭگۈ ياشىماس.

Əmgəksizin turqu yok munda tamu
Əzgülüküg kərməzip azun qikar

مەنىسى:

بۇ دۇنيادا جاپا-مۇشەققەتسىز ياشاش ھېچ مۇمكىن ئەمەس، ھالاۋەت كۆرگۈچە، ئۆمۈر تۈگەپ قالىدۇ.

uluqlukuq bulsa sən əzgü kïlïn
boloqïl kixig bəglər katin yahxï ulan

مەنىسى:

مەرتۋە ۋە ئۇلۇغلۇققا ئېرىشكەن ھامان خۇلقىڭنى تېخىمۇ ياخشىلا، بەگلەر ئالدىدا باشقىلار ئۈچۈن دائىم ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى بول.

alïmqï arslan bərimqi sïqkan

مەنىسى:

ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان، يەنى ھەقىقنى تەلەپ قىلىپ ئالغۇچى ھۇجۇم قىلىشتا گويا ئەرسلان بولىدۇ، قەرز تۆلىگۈچى قورققانلىقتىن چاشقانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

alïn arslan tutar
küqin uyuk tutmas

مەنىسى:

ھىيلە بىلەن ئەرسلان تۇتۇلار،
كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس.

ula bolsa yol azmas
bilik bolsa səz yazmas

مەنىسى:

بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئالىپ ئەرتۇڭا(يەنى ئافراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى مەرسىيە بىلەن تېخى ئىسلا-

مىيەتنى قوبۇل قىلمىغان بۇددىست ئۇيغۇرلارغا ياكى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۆتكۈزگەن جەڭ توغرىسىدىكى قوشاقلارنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن بولسىمۇ، «يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،...» دېگەنگە ئوخشاشلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ پارچىلارنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبىمۇ ئۇلارنىڭ قەدىم زامانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ پاكىتلار بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ناخشا-قوشاق شەكلىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەك بۇرۇن باشلانغانلىقىنى ۋە خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ئىككىنچى تەرەپتىن «يىپەك يولى» دىكى قەدىمكى ناخشا سادالىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇ نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يازغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن تىل ماتېرىياللىرى، بولۇپمۇ ماقال-تەمسىل ۋە خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاپتوردىن كۆپ زامانلار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپلۇقى بۇ ئەسەرنىڭ تەتقىقات قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاپتور بۇ ئەسىرىنى «لۇغەت» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر چىن مەنىسى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى ئىدى. مۇشۇ ئىككى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «دىۋانۇ لۇغەتت-تۈرك» «يىپەك يولى» تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرىدۇر.

2

«يىپەك يولى» نىڭ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت ئالماش-

تۇرۇشتا ئوينىغان رولى توغرۇلۇق دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللەرىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلۈپ، كۆپلىگەن ماددىي پاكىتلار، جۈملىدىن تىل - ئەدەبىياتقا دائىر ھۆججەتلەر نامايان قىلىندى. لېكىن، قەدىمكى غەرب (مەسىلەن، ئەرەب - پارس) شېئىرىيىتى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. مەن تۆۋەندە شۇ مەسىلىگە دائىر مۇھىم بىر نۇقتا، يەنى ئارۇز ۋەزنى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىر مۇنچە ئەللەرنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئارۇز ۋەزنىنى نوقۇل ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ۋەزىن دەپ قاراپ كەلمەكتە. دەرۋەقە، ئەرەب زېمىنى بەسىرىدە تۇغۇلغان خېلىل ئەخمەت ئارۇز ۋەزنىنى تۇنجى قېتىم ئىلمىي سىستېمىغا سېلىپ كىتاب يازغان ۋە پۈتۈن ئەرەب شېئىرىيىتى بەھىرلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان.

بىراق، ئارۇز ۋەزنى بەھىرلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ بەزى ئامىللىرى مەۋجۇتلۇقىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي ۋەزنى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، بۇ پىكىرنى مۇنداق ئىسپاتلاش مۇمكىن.

1. ئارۇز ۋەزنىدىكى ھەربىر بەھىر «رۇكىن» دەپ ئاتىلىدىغان بۆلەكلەرنىڭ ئەينەن ياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. رۇكىنلار ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدە ئۈچ، تۆت، بەش بوغۇمدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر رۇكىن مۇئەييەن بىر ئاھاڭنى ئىپادىلەيدۇ. رۇكىنلارنىڭ مۇئەييەن ئاھاڭدا تەكرارلىنىشىدىن مىسرا ھاسىل بولىدۇ. خېلىل ئەخمەت يەكۈنلىگەن رۇكىنلار 30 خىلغا

يەتسەمۇ، ئاساسلىقى سەككىز خىلدىن ئىبارەت.

شۇ سەككىز خىل رۇكنىنىڭ تۆت خىلى (يەنى فەئۇلۇن، فائىلۇن، مەفائىلۇن، مۇستەفئىلۇن رۇكنلىرى) قەدىمكى تۈركىي قوشاق - بېيىتلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ماقالىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا مىسالغا ئېلىنغان پارچىلارنىڭ ۋەزنىن تۈزۈلۈشىگە بىر نەزەر سېلىش كۇپايە.

2. ئارۇز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قارىغاندا، بۇ رۇكنىلار «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتالغان تۆگىنىڭ قوملۇقلاردا گاھ بىر خىلدا ئاستا قەدەم تاشلىشى، گاھ ئىتتىك مېڭىشى، گاھ يورغىلاپ مېڭىشى قاتارلىق پۇت ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان. ئەگەر بۇ مۇلاھىزە ئەقىلگە ئۇيغۇن دەپ قارىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرىدا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ھاياتىدا تۆگىنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قەدىمكى تۈركىي قوشاقلاردا ئارۇز رۇكنىلىرىنىڭ ۋە رۇكنىلاردىن ھاسىل بولغان مىسرالارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ھېچكىم ھەيران قالمىغان بولاتتى.

3. خېلىل ئەخمەت ئارۇز ۋەزنىنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىشقا كىرىشكەن زامانلاردا، «يىپەك يولى» بويىلاپ، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن؛ مىلادى 660-يىلدىن 750-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، ئاببىاسىيلار سۇلالىسىنى تىكلەشتە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئاببىاسىيلار خەلىپىلىكى ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دەسلەپتە خۇراسانلىقلاردىن، كېيىنچە، تۈركىي خەلقلەردىن ئۆزىگە قوشۇن تەشكىل قىلىش نەتىجىسىدە ئوغۇز تۈركمەنلىرى

ئىراق ۋە شام تەرەپلەرگە تۈركۈملەپ كۆچتى. ئەرەب-ئىسلام
ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ ئىچكى تەرك-
بىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، تۈركىي
خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئەرەب زې-
مىنىغا كىرىشكە باشلىغانىدى، خېلىل ئەخمەت «ئىلمىي ئارۇز»
ناملىق ئەسىرىنى ئەنە شۇنداق شارائىتتا يازغىنى ئۈچۈن ۋە
بۇ ئەسەر ئۇزۇن يىللىق ئەرەب شېئىرىيىتى (جۈملىدىن قۇر-
ئان ئايەتلىرىنىڭ ۋەزنى) ۋە كەڭ خەلق فولكلورلىرىنى ماتېرى-
يال مەنبەسى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تۈركىي قوشاقلار ۋەز-
نىنىڭ مۇئەييەن ئورۇن ئېلىشىمۇ تەبىئىي.
4. ئارۇز ۋەزنى ۋە خېلىل ئەخمەت ئەسەرلىرى توغرى-
سىدا ئۇزۇن يىل تەتقىقات يۈرگۈزگەن دوكتور ئىبلى كامال
بىلۋىرانلى قاتارلىق ئالىملار خېلىل ئەخمەتنى بەسىرىدە تۇغۇل-
غان بولسىمۇ، ئەسلى كېلىپ چىقىشى ۋە پىكىر قىلىش ئىستى-
بارى بىلەن ئۇنى تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. ئەگەر
بۇ پىكىر ھېسابقا ئېلىنىدىغان بولسا، خېلىل ئەخمەت ئىشلىگەن
ئارۇز سىستېمىسىغا قەدىمكى تۈركىي قوشاقلىرىنىڭمۇ مەنبە بول-
غانلىقى ھەقىقەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ چىقىدۇ.
5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى (XIII ئەسىر)
ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى بولغان
ئاتايى، سەككاكى، لۇتفىي، نەۋائىي، شۇنىڭدەك ئۇلاردىن
كېيىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىغان نۇرغۇنلىغان
كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى پۈ-
تۈنلەي ئارۇز ۋەزنىدە يازغانلىقى، «چاغاتاي ئەدەبىياتى»
دەۋرىدىن بۇيانقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ
ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى، ھەتتا ھازىرقى ۋە
بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇھىم

ئورۇن تۇتقانلىقى — مانا بۇ پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئارۇز ۋەزنى-
نىڭ ئەرەب - پارس شېئىرىيىتىگە ئوخشاشلا، تۈركىي خەلقلەر
شېئىرىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭمۇ ئەنئەنىۋى
مىللىي شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بولۇپمۇ، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان «قۇتادغۇ-
بىلىك» داستانىنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشتىن - ئاخىر
ئارۇز ۋەزنىنىڭ بىر خىل بەھرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا مەيدانغا
كەلگەنلىكى دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم مەسىلە. ئەگەر ئۇيغۇر
تىلىدا ئارۇز ۋەزنى تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇنچە خۇسۇسىيەت-
لەر بولمىغان بولسا ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئارۇز ئەنئەنىسى
مەۋجۇت بولمىسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق زور
ئەسەرنى ئارۇز ۋەزنىدە شۇقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چى-
قالىشى ناتايىن ئىدى.

* * *

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «يىپەك يولى» نىڭ ئاساسلىق
لىنىيىسى بولغان ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى
قەدىمدىن تارتىپ «ناخشا ئۇسسۇل» ماكانى، بۇ رايوندا ياشى-
غان قەدىمكى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ، شېئىر
قوشاقلارغا ماھىرلىقى ۋە بايلىقى بىلەن مەشھۇر. «دىۋانۇ لۇغە-
تىت - تۈرك» تىكى قەدىمكى قوشاق، بېيىت ۋە شېئىرىي پارچى-
لار «يىپەك يولى» دىكى مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتا
بەك قىممەتلىك ماتېرىيال. بۇ ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ۋەزىن
تۈزۈلۈشى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ، بو-
لۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شەكلى ئىكەنلى-

كىدىن دالالەت بېرىدۇ. «يىپەك يولى» بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئارۇز ۋەزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ۋە بېيىغان. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «يىپەك يولى» نىڭ مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولغانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا، قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بەك مۇھىم.

# چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى*

چاغاتاي ئەدەبىياتى زامان جەھەتتىن داۋام قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ماكان جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇن جەھەتتىن بايلىقى، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ خىللىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنى بىرەر پارچە ماقالە ياكى بىرەر قېتىملىق لېكسىيە بىلەن ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش تەس. شۇڭا ھازىرچە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بەزى مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بۇ ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئارۇز ۋەزنى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى، ئومۇمىي چۈشەنچە

ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ۋە دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسان مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن مەھسۇلى. يازغۇچى ياكى شائىر ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋە شۇ ئوبيېكتىپ ھاياتقا نىسبەتەن ئۆز قەلبىدە تۇغۇلغان پىكىر، ئىدىيە ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى پەقەت تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات «تىل سەنئىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇ سەۋەب-

---

* بۇ ماقالە 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قارار چاغاتاي تىلى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا لېكسىيە قىلىنغان ۋە دەرسلىك قىلىپ بېسىلغان.

تىن بىر مىللەت ياكى بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ مىللەت ياكى شۇ دەۋر تىلى ئۈستىدە توختالماي مۇمكىن ئەمەس.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنى چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ، ئالدى بىلەن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنى قىسقىچە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر، خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، شۇ ئۇرۇق، شۇ قەبىلە، ياكى شۇ مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۈچۈن ئومۇم بولغان ئورتاق تىل شەكىللىنىشكە باشلىغان. كۆپ ھاللاردا دىئالېكت ياكى مەھەللە شېۋىلىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا قارىماي، بىرمۇنچە قەبىلە ۋە خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان بىر تىل مەيدانغا كېلىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان.

ئەدەبىي تىل دېگىنىمىز، ئومۇمەن ئېيتقاندا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تىل دېمەكتۇر، ياكى شۇ تىلنىڭ ئىگىسى بولغان خەلققە ئورتاق بولغان تىلنىڭ پىششىقلاپ قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى دېمەكتۇر. ئەدەبىي تىلنى كەڭ ۋە تار مەنىلىرى بويىچە چۈشىنىش مۇمكىن. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىل بارلىق رەسمىي ھۆججەتلەرگە (مەسىلەن: دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە)، ئەدەبىيات، دىن، ئىلىم-پەن ساھەسىگە خىزمەت قىلىدىغان يېزىق تىلىنى، جۈملىدىن كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلى ئەدەبىي تىل دېيىلىدۇ. بۇ تىل مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا مەلۇم ئەدىپلەر تەرىپىدىن

ئىشلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئېغىز ياكى يېزىقتا بىر ياكى
بىرمۇنچە خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي
پائالىيەتلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ.

XIV ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھازىرقى شىنـ
جاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە خەلقلەرگە ئورتاق
ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئەدەبىي تىل — چاغاتاي
تىلى ئىدى. نۇرغۇنلىغان تۈركولوگلار ئۇزۇن يىللىق تەتقىـ
قاتتىن كېيىن، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى تۈپ ماھىيىتى بىلەن
شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى، دېگەن خۇلاسىگە
كەلگەن. بۇ خۇلاسىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى مۇنداق:

بىرىنچىدىن، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى
بىلەن خاقانىيە تىلى (ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەشقەر تىلى) ئەنـ
ئەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن؛

ئىككىنچىدىن، چاغاتاي ئەدەبىي‌تىلىغا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانـ
لىقى ۋە قارا خانىلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر ـ
قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى دىئالېكت ئاساسى بولۇپ
بەرگەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەلىل
كەلتۈرۈش كۇپايە:

پروفېسسور مۇھەممەت فۇئاد كۆپرۈلۈ «دىۋان ھېكمەت»
نىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەسەۋى
ھېكمىتىنىڭ تىلى ‹قۇتادغۇبىلىك› تىلىدىن تامامەن دېگۈدەك
پەرقسىز، يەنى خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ھېسابلىنىدۇ.»

پروفېسسور مۇھەممەت فۇئاد كۆپرۈلۈ يەنە رابغۇزىنىڭ
تىلى ئۈستىدە توختالغاندا: «‹قىسسەسۇل ئەنبىيا› نى تىل نۇقتىـ
سىدىن ‹قۇتادغۇبىلىك›، ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق›، ‹دىۋان ھېكمەت›
مەنسۇپ بولغان تىل دائىرىسىگە كىرگۈزسەك ھېچبىر خاتا

قىلغان بولمايمىز... «خاقانىيە» تىلىنى XV ئەسىرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلىغا باغلاشتا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» بەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دەيدۇ.

ئۇ يەنە، مىلادى 1313 - يىلى يېزىلىپ، تۈركمەنلەر ئارىسىدا كەڭ تارالغان «مۇئىنۇل مۇرىد» بىلەن تەخمىنەن شۇ چاغلاردا خارەزمدە يېزىلغانلىقى پەرەز قىلىنىۋاتقان «جاۋاھىرۇل ئەسرار» ۋە مىلادى 1310 - يىلى خارەزملىق مۇھەممەت بىننى مەھمۇت بىننى خىسراۋ تەرىپىدىن يېزىلغان «نەھجۇل فەرادىس» ناملىق بىر ئەسەرنىڭ تىلى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلى ۋە ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلىقى، ئاندىن تىل ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن «خاقانىيە» تىلىدىن چاغاتايچىغا ئۆتۈش جەريانىدىكى مۇھىم مەھسۇللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

مۇندىن تاشقىرى، مەشھۇر شەرقشۇناس هاممىر پورگىستال (1774 — 1856) دىن باشلاپ، ۋامبىرى، رادلوف، بانزاروف، بېرېزىن، سامايلوۋىچ قاتارلىق بىرمۇنچە غەرب تۈركشۇناسلىرى جۇجىنىڭ ئوغلى باتۇ تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىغا مەنسۇپ رەسمىي يارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، بۇ يارلىقلارنىڭمۇ بەزىدە ئەرەب - ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا، بەزىدە بولسا، نوقۇل ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلىغان (مەسىلەن: «ئالتۇن ئوردا» خانلىرىدىن توختامىش خان ۋە تۆمۈر قۇتلۇقخانلارنىڭ 1393 - ۋە 1397 - يىللىرىدىكى يارلىقلىرى). شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېرېزىن بۇ يارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ۋامبىرى تۆمۈر قۇتلۇقخان يارلىقىنى «يېڭى ئۇيغۇر» شىۋىسىدە يېزىلغان دەيدۇ. رادلوف بۇ يارلىقلارنىڭ كونا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ

تاكامۇلى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، چاغاتايچە، دەپ ئاتالغان
تىلدا يېزىلغانلىقىنى قەتئىي قىلىپ ئېيتىدۇ.

دېمەك، XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ XIX ئەسىرنىڭ
ئاخىرىغىچە، بىرقانچە، تەرەققىيات دەۋرلىرى بويىچە تاكامۇللاش-
قان چاغاتاي تىلى تۈپ ماھىيىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدە-
بىي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە گرامماتىكىلىق
خۇسۇسىيەتلىرى پۇختا ساقلانغان، شۇنىڭدەك، ئەرەب-پارس
ئەدەبىي تىلىنىڭ بەزى ئامىللىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە ئۇيغۇر
ئەدەبىي تىلىدۇر. بۇ تىل ئۇزۇن زامانلارغىچە ھازىرقى شىنجاڭ
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدە-
بىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا شۇنى ئا-
لاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، بىرىنچىدىن، بۇ دەۋردە،
ئەرەب-پارس تىلىنىڭ چاغاتاي تىلىغا نىسبەتەن كۆرسەت-
كەن تەسىرى ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي رول ئوينىدى. ئىجابىي
رولى تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەرەب-پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان
سۆز-ئىبارىلەرنىڭ كىرىشى بىلەن چاغاتاي تىلى بېيىپ گۈل-
لەندى، ئۇنىڭ ئىپادە كۈچى ئاشتى؛ سەلبىي جەھەتتىن ئېيت-
قاندا، ئەرەب-پارس سۆزلۈكلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى نەتى-
جىسىدە، چاغاتاي تىلى (مۇھىمى شېئىرىيەت تىلى) كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلىدىن يىراقلىشىپ قالدى.

تارىختا چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ تىل بىلەن
مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات چاغاتاي ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ.

چاغاتاي ئەدەبىياتى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللىنىشكە
باشلاپ، XV ئەسىردە چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى.
ئەلشىر نەۋائىينىڭ قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن «مۇھاكىمە-
تۇل-لۇغەتەيىن» ۋە «مەجالىسۇن نەفائىس» دە بېرىلگەن

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا (1376—1447)، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگ (1409—1449) دەۋرىدە سەككاكى، ھەيدەر خارەزمى، ئاتايى، لۇتفى، مۇقىيمى، يەقىينى، ئەمىرى ۋە گەدايى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىيات شەكىللىنىپ چىققان. ئۇلاردىن بۇرۇن خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھرىدە ئەدەبىيات ئاساسەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا بولغانىكەن.

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ XV ئەسىر داۋامىدىكى تەرەققىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن ئۇيغۇر شائىرلىرى دەپ ئاتالغان سەككاكى بىلەن لۇتفى ئىجادى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. جۈملىدىن، مەلىك قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەت ھاجى بەگ (ۋافائى)، شاھقۇلى ئۇيغۇر ۋە ئەخمەت ھاجىبەگنىڭ كىچىك دادىسى جانىبەگ قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ رولىمۇ كىچىك بولمىغان.

بۇلار توغرۇلۇق ئەلىشىر نەۋائىدىن باشقا، زەھىرىددىن بابۇرمۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە توختالغان. ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى خاندىمىرمۇ لۇتفى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى شۇ زامانىنىڭ «يېگانە سەنئەتكارى» دەپ ئاتىغان.

چاغاتاي ئەدەبىياتى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. يەنى ئاتايى، سەككاكى، لۇتفىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي خەلقلەر پوئېزىيىسىنى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىگە ئېلىپ كىردى.

XVI ئەسىردىن باشلاپ ئومۇمىي چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرچىغا خاس بىر شەكلى، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەب-

ياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا سۇلتان سەئىدخان (1490 — 1533)، ئابدۇرەشىتخان (1510 — 1560)، مىرزا ھەيدەر كوراگانى (1500 — 1551)، مەلىكە ئامانىسا-خان (1523 — 1557)، قىدىرخان يەركەندى (؟ — 1562) ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ ئەدەبىيات ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرى بولغان ھالدا، نەۋائى ئىزىدىن مېڭىپ، تاكى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى. غۇجام قۇلى خىرقىتى (1634 — 1724)، زەلىلى (1670 — ؟)، نۆبىتى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1740 — ؟)، ئابدۇرېھىم نىزارى (1770—1840)، گۇمنام، سەبۇرى، بىلال نازىم(1823—1899)، تەجەللى (1850 —1930) قاتارلىق شائىر ۋە يازغۇچىلار مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، XVI ئەسىردىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملى-دىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئەلشىر نەۋائى ئىجادىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ. خۇددى پروفېسسور مالوفنىڭ ئېيتقىنىدەك، شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەلشىر نەۋائىنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى، سۈپىتىدە تو-نۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا مەشھۇر بولغان ئۆزبېك شائىرلىرى مەشرەپ (1640 - 1711)، ھۇۋەيدا، سۇپى ئاللايار ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-بىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان، شىنجاڭ، يەتتىسۇدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ئالاقىلىرى ناھايىتى يېقىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەن ئورتاقلىق مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئورتاقلىق چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

## ئىككىنچى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، داۋام قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى، يېيىلغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنەن باي ۋە شەكلەن خىلمۇ خىللىقى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلانسا، بىرمۇنچە تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاقلىقى يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇندىن تاشقىرى، بۇ ئەدەبىيات مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە.

بىرىنچى، چاغاتاي ئەدەبىياتى تۈركىي خەلقلەر تىلى پارسچىلىشىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان شارائىتتا ۋە بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى مىللىي روھنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىگە قارىماي، ھەتتا ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى (گېنىئال) ئەلىشىر نەۋائىي ئەمگىكىنىڭ ئاجايىپ گېگانت سەمەرىلىرى نەتىجىسىدە، تۈركىي ئەدەبىيات بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرغان پارس ئەدەبىياتىدىن ھېچ قېلىشمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئىچكىمىكىدە ئەرەب، پارس تەسىرى يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ۋە «قىسەسۇل ئەنبىيا» تىلىغا سېلىشتۇرۇلسا، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بۇنى شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئوبيېكتىپ مۇھىت تەقەززاسى دەپ چۈشىنىش لازىم، ئەلۋەتتە.

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى يىغىملىق

سۈپى شەكلوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتقان چاغاتاي ئەدەبىياتى تىپىدا. ژانىر جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر (تۈركىي) ئەدەبىياتى-نىرزا كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، يەنى رېئال ئىجتىمائىي ھايات مەسىلىلىرىنى، كونكرېت ئىنسان ئوبرازىنى يۈكسەك بەدىئىي تىل ۋە سۈرئەت بىلەن ئىپادىلىگەن ئېپىك ۋە لىرو-ئېپىك داستانلار، قايناق لىرىكا (غەزەل)، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئى بەنت، ساقىنامە، رۇبائىيات، شۇنىڭدەك زور ھەجىملىك بىئوگرافىك نەسرىي ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن بىر يۈرۈش كلاسسىك تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ باي خەزىنىسى بەرپا بولدى.

ئىككىنچى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ساھەسىدە، قەدىمكى ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئەرەب - پارس شېئىرىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىي ئارۇز سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت قىسمى ۋەزىن ۋە شەكىل جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئارۇز ۋەزنىنى ئاساس قىلغان دېيىش مۇمكىن (يالغۇز يازما ئەدەبىياتتىلا ئەمەس، ھەتتا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ، ئارۇز ۋەزنى چوڭ سالماقنى ئىگىلىدى) شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا چاغاتاي ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئارۇز ۋەزنى بىلەن تونۇشۇش ئىنتايىن مۇھىم.

## ئۈچىنچى، ئارۇز ۋەزنى

ئالدى بىلەن شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئارۇز ۋەزنى تۈركىي خەلقلەرگە ئەزەلدىنلا يات نەرسە ئەمەس. «ئارۇز» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچە بولۇشىغىلا قاراپ ئارۇز ۋەزنىنىمۇ نوقۇل ھالدا ئەرەب شېئىرىيىتىگە خاس ۋەزىن دەپ ئويلاشقا بولمايدۇ.

ئارۇز — لۇغەت مەنىسىدە «ئەن» (بىر نەرسىنىڭ ئىزنى ياكى كەڭلىكى) دېگەن مەنىدە بولسا، ئىستىلاھى (ئەمەلدە قوللىنىلىدىغان) مەنىسىدە «ئۆلچەم»، ياكى «قېلىپ» دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، شېئىرنىڭ مەلۇم بىر خىل ئۆلچىمى ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللاردا «ئارۇز ۋەزنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئارۇز ۋەزنى ئەرەب زېمىنى بەسىرىدە تۇغۇلغان ئىمام خېلىل ئەخمەت (مىلادى 722 — 792) نىڭ «ئىلمىي ئارۇز» ناملىق كىتابى بىلەن ئىلمىي سىستېمىغا سېلىنغانلىقى ئەمەلىي پاكىت. لېكىن بۇنى خېلىل ئەخمەت ئۆز خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەرەب زېمىنىدىكى ئۇزۇن يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسى (جۈملىدىن كەڭ خەلق فولكلورى، ھەتتا قۇرئان ئايەتلىرى) دىن ئىلھام ۋە ماتېرىيال ئېلىپ ئىشلەپ چىققان.

ئىككىنچىدىن، خېلىل ئەخمەت ئارۇز ۋەزنىنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىشقا كىرىشكەن زامانلاردا ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلەر ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. مىلادى 660 - يىلدىن 750- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنى تىكلەشتە خۇراسانلىق ئاۋامۇسلىم بىلەن بەرمەكىيلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقتىن، ئابباسىيلار دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار قولىغا ئۆتۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغان يۈز مىڭلىغان كىشى ئەرەب زېمىنىدا يەرلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ ئاببا سىيلار سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى ھارۇن رەشىد دەۋرىدە ئەرەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ناھايىتى راۋاج تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خېلىل

ئەخمەت يەكۈنلىگەن ئارۇز ۋەزىنلىرى ئارىسىدا پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدىكى بەزى ۋەزىن ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ياكى بۇ ئامىللارنىڭمۇ خىلىل ئەخمەتكە مەنسۇپ بولغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلامىيەت كىرىشتىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر قوشاقلىرى («دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» كە قاراڭ) نىڭ ۋەزىنلىرىدە ئارۇز ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارۇزغا خاس ئاھاڭدارلىقنىڭ تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ئەزەلدىن بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئارۇز ۋەزنى ۋە خىلىل ئەخمەت توغرىسىدا ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات يۈرگۈزگەن دوكتور ئېلى كامال بىلۇۋرانلى قاتارلىق ئالىملار خىلىل ئەخ- مەتنى بەسىرىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەسلى كېلىپ چىقىشى ۋە پىكىر قىلىش ئېتىبارى بىلەن تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ كىشى دەپ ھېسابلايدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى، XI ئەسىردىن باشلاپ، ئارۇز ۋەزنى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا كلاسسىك ۋەزىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك» پۈتۈنلەي ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

مۇنداق زور ئەسەرنىڭ مۇكەممەل ئارۇز ۋەزنىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى تۈركىي خەلقلەردە ئارۇزنىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تەرەققىياتتىن كېيىن تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن، بۇ ۋەزىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە (جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرىدا) مۇ، ئاساسىي ۋەزىنلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ ئۆز بايلىقى ھېسابلانغان ئارۇز ۋەزنىنى بەزى ئورۇنسىز ۋە ئىلىم- پەنگە خىلاپ قاراش-

لار (مەسىلەن: ئارۇز ۋەزنى ئەرەبلەرنىڭ، بۇ ۋەزىن ئەرەب، پارس تىللىرىدىلا شېئىر يېزىشقا ماس كېلىدۇ، ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىش، ئەرەب - پارس سۆزلىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئارۇز ۋەزنى پىكىرنى بوغۇپ قويىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار) بىلەن چەتكە قېقىش خاتا. شۇنداقلا ئارۇز ۋەزنىنى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن-بىر شېئىرىي ئۆلچىمى، بۇ ۋەزىندە يېزىلمىغان شېئىرنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن قاراشمۇ خاتا.

خېلىل ئەخمەتتىن كېيىن، خارەزملىق يۈسۈپ سەككاكى، ئەلىشىر نەۋائى، زەھىرىدىن بابۇر، مۇھەممەت فۇئاد كوپرۇلۇ ۋە باشقا بىرمۇنچە ئالىملار ئارۇز ۋەزنىنى سىستېمىلىق بىر پەن سۈپىتىدە شەرھلەپ، كىتابلار يازغان. تۆۋەندە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئارۇز ۋەزنى — مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدىن ھاسىل بولغان ئاھاڭ قېلىپلىرىدىن ئىبارەت بىر خىل شېئىرىي ئۆلچەمدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملارنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن كېلىپ چىققان شېئىرىي ۋەزىن ئارۇز ۋەزنى دېيىلىدۇ.

دېمەك، بوغۇم (ھېجا) — ئارۇز ۋەزنىدىمۇ بارماق ۋەزنىدىكىگە ئوخشاشلا مىسرانىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك ياكى ئەڭ ئاساسىي بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئارۇز ۋەزنىدە مىسرا ئىچىدىكى بوغۇملارنىڭ سانى ۋە تۇراقلىرى ئەمەس، ئۇزۇن ۋە قىسقىلىقى ياكى سوزۇق ۋە ئۈزۈكلۈكى ئاساس قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ بوغۇملارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئارۇزغا خاس بىر خىل ئاھاڭ ھاسىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللاردا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئەگەر شۇ بوغۇمدىكى سوزۇق

تاۋۇش قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسا، مەيلى ئوچۇق ياكى يېپىق بوغۇم بولسۇن، ھەممىسى قىسقا بوغۇم ھېسابلىنىدۇ؛ ئەگەر سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسا، ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «بەشكېرەمنىڭ باغلىرى» دېگەن يەتتە بوغۇملۇق سۆز بىرىكمىسى ئىچىدىكى «بەش، رەم، باغ، رى» بوغۇملىرى ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ، قالغان ئۈچ بوغۇم قىسقا بوغۇمدۇر.

ئادەتتە ئۇزۇن بوغۇم «–» بەلگىسى بىلەن، قىسقا بوغۇم بولسا، «V» بەلگىسى بىلەن ياكى بىر چېكىت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بوغۇم مەسىلىسىدە تۆۋەندىكى ھاللارنى دائىم ئەستە تۇتۇش لازىم بولىدۇ:

1) ئادەتتىن تاشقىرى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «دوست»، «زار»، «شاد»، «خوپ» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېپىق بوغۇملار بىر ئۇزۇن ۋە بىر قىسقا بوغۇم ياكى بىر يېرىم ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ ھەمدە شۇنداق تەرىزدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مۇنداق بوغۇملار مىسرا ئىچىدە كەلسە، «– V» بەلگىسى بىلەن مىسرا ئاخىرىدا بولسا، «~» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دوستلار مەن تەلبە ئەھۋالغا يىغلاي زار – زار
كىم سالادۇر گەھ – گەھ ئوت كۆڭلۈمدە تۇشكەن خار – خار
(نەۋائىي)

بۇ بېيت بوغۇملىرىنى بەلگە بويىچە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

دوستلار مەن|تەلبە ئەھۋالغە يىغلاي|زار – زار
~ V – | – – V – | – – V – | – – V –
كىم سالادۇر|گەھ – گەھ ئوت كۆڭ|لۈمدە تۇشكەن|خار – خار
~ V – | – – V – | – – V – | – – V –

2) قوش ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن تۈگىگەن «ئىشق»، «جىسم»، «بەخت»، «زەۋق»، «شەۋق» قاتارلىق يېپىق بوغۇملارمۇ

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بىر يېرىم ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. مىسرا ئاخىرىدا كەلسە، «—» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ؛ مىسرا ئىچىدە بولسا، ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمدىن ئالدىن كەلگەندىلا «— V» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. (مەسىلەن: يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرسىتىلگەن «دوستلار» دېگەن سۆزگە ئوخشاش). ئەگەر مىسرا ئىچىدە كەلگەن شۇنداق بوغۇمدىن كېيىن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان بوغۇم كەلسە، قوش ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئىككىنچىسى شۇ سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇپ ئوقۇلىدۇ ۋە مۇنداق ئەھۋالدا قوش ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن بوغۇم بىر بوغۇم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىشق ئىرۇر ئانداغ مۇرەببىكىم، قىلۇر يەتكەچ ئەسەر،
بۇلبۇل ئولغاي ئاچسا يۈز بىر سەرۋ گۈلرۇخسار، سار.
(نەۋائى)

دېگەن بېيىتتىكى «ئىشق ئىرۇر» سۆزى «ئىشقىرۇر» دەپ ئوقۇلغانغا ئوخشاش.

دېمەك، ئارۇز ۋەزنىدە بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ياكى سوزۇق - ئۇزۇكلۇكى ئۇلارنىڭ يېزىلىشىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى شېئىر ئاھاڭىغا مۇۋاپىق ئوقۇلۇشىغا ياكى تەلەپپۇز قىلىنىشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاھاڭ تەقەززاسى بىلەن سۆزلەر ۋە بوغۇملار تېگىشلىك ئورۇندا بىر - بىرىگە قوشۇپ ئوقۇلىۋېرىدۇ. بىر بوغۇم تەركىبىدىكى تاۋۇشلار باشقا بوغۇمدىكى تاۋۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىۋېرىدۇ.

تۆۋەندىكى بېيىت يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق مىسال بولالايدۇ:

سورمە ھالىمنىكى، بولدۇم بورناغىدىن زار راق،
جىسمىم جاندىن زارۇ جانىم جىسمىدىن ئەفكارراق.
(بابۇر)

بۇ بېيىتنى بەلگىلەر بويىچە كۆرسەتكەندە مۇنداق بولىدۇ:

سور-مە-ھا-لىم | نى-كى-بول-دىم | بور-نا-غى-دىن | زار-راق

~ V – | – – V – | – – V – | – – V –

جىسم جان-دىن | زا-رۇ-جا-نىم | جىسم-دىن ئەف | كار-راق

~ V – | – – V – | – – V – | – – V –

### ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسى ۋە روكنلەرى

مۇزىكىدا نەغمە ئاھاڭلىرى نوتا بىلەن بەلگىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئارۇزدا شېئىر ئاھاڭلىرى «تەفئىلە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل شەكىل ياكى مودېل بىلەن بەلگىلىنىدۇ. تەفئىلە شەرتلىك ھالدا ئەرەب يېزىقىدىكى «ف. ع. ل» ھەرپلىرى بىلەن كۆرسىتىلىدۇ ۋە «فعل» شەكلىدە يېزىلىدۇ. بۇ شەكىل تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ۋاستىسى بىلەن: «فەئىل»، «فەئەل»، «فەئۇل» دەپ ئوقۇلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ ئارۇزنىڭ ۋەزنى ئاساسلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ.

بۇ تەفئىلىلەر (ۋەزىن ئاساسلىرى) ئەمەلىيەتتە ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتە تىزىلىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن سەۋەب، ۋەتەد ۋە پاسىلە دېگەن ئېلېمېنتلار ھاسىل بولىدۇ.

قىسقا بوغۇم بىلەن بىرىكمەي، مۇستەقىل ئېلېمېنت بولالىغان ئۇزۇن بوغۇم «سەۋەب» دېيىلىدۇ، بەلگىسى «–».

بىر ئۇزۇن بوغۇم بىلەن بىر قىسقا بوغۇمنىڭ بىرىكىشىدىن «ۋەتەد» دەپ ئاتىلىدىغان ئېلېمېنت ھاسىل بولىدۇ. ئۇزۇن بوغۇم ئۆزىدىن ئالدىن كەلگەن قىسقا بوغۇم بىلەن بىرىكسە، ۋەتەدى مەجمۇئ، يەنى قوشۇلغان ۋەتەد بولىدۇ ۋە سخېمىدا «V –» بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن «نەزەر»، «باھار»، «ۋەتەن» سۆزلىرىگە ئوخشاش؛ ئەگەر ئۇزۇن بوغۇم ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن قىسقا بوغۇم بىلەن بىرىكسە، «ۋەتەدى مەفرۇق» يەنى ئاجرىتىلغان ۋەتەد بولىدۇ ۋە سخېمىدا «– V» بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «خەستە»، «قامەت»

سۆزلىرىگە ئوخشاش.

قاتار كەلگەن ئىككى ياكى ئۈچ قىسقا بوغۇمنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى بىر ئۇزۇن بوغۇم بىلەن بىرىكىشىدىن پاسىل ھاسىل بولىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەب، ۋەتەد ۋە پاسىلنىڭ بىرىكىشىدىن رۇكىن ھاسىل بولىدۇ. رۇكىنلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن مىسرا ھاسىل بولىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر مىسرالىرى ئۈچ، تۆت ھەتتا بەش رۇكىندىن تەركىب تاپىدۇ. تەپئىلەلەر بويىچە رۇكىنلارنىڭ خىللىرى 30 غا يەتسىمۇ، ئاساسلىق رۇكىنلار تۆۋەندىكى سەككىز خىلدىن ئىبارەت:

| № | رۇكىن نامى | بوغۇم سانى | سخېمىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | فەئۇلۇن | ئۈچ | — — V |
| 2 | فائىلۇن | 〃 | — V — |
| 3 | مەفائىلۇن | تۆت | — — — V |
| 4 | فائىلاتۇن | 〃 | — — V — |
| 5 | مۇستەفئىلۇن | 〃 | — V — — |
| 6 | مەفئۇلاتۇ | 〃 | V — — — |
| 7 | مەفائىلاتۇن | بەش | — V V — V |
| 8 | مۇتەفائىلۇن | بەش | — V — V V |

1. بەھرلەر

بەھر — ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرىي ئۆلچەملەرنىڭ ئاساسىي تۈرى بولۇپ، رۇكنلارنىڭ ئەينەن ياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى بېيىتلاردا فەئۇلۇن رۇكنىنىڭ ئەي-نەن ياكى مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەكرارلىنىشىدىن مۇتەقارىب بەھرىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىغا ئوخشاش.

كۆكۈلنى بەغىر قانىدىن لالە قىلدىم،
كۆيۈپ داغ پەركالە-پەركالە قىلدىم.

(نەۋائى)

يەنى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆكۈلنى | بەغرقا | نىدىن لا | لە قىلدىم. |
| — — V | — — V | — — V | — — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن |
| كۆيۈپ دا | غ پەركا | لە پەركا | لە قىلدىم. |
| — — V | — — V | — — V | — — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن |

تۆۋەندىكى بېيىتتا فەئۇلۇن رۇكنى مەلۇم ئۆزگىرىش بىلەن تەكرارلانغان ۋە بۇنىڭدىن مۇتەقارىب بەھرىنىڭ باشقا بىر خىل ۋەزنى ھاسىل بولغان:

ئەگەر قىلمەسە ئەل ھىمايەت ساڭا،
ئۆزۈڭدىن كېرەكتۇر شىكايەت ساڭا.

(نەۋائى)

يەنى:

| ئەگەرقىل | مەسەئەل | ھىمايەت | ساقى |
| --- | --- | --- | --- |
| V – – | V – – | V – – | V – |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |
| ئۆزۈگىدىن | كېرەكتۇر | شىكايەت | ساقى |
| V – – | V – – | V – – | V – |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |

ئىمام ئەخمەت ئەنە شۇ قائىدە بويىچە، پۈتۈن ئەرەب شېئىرىيىتى بەھرىلىرىنى تۆۋەندىكى 15 خىلغا يەكۈنلىگەن:

1) تاۋىل بەھرى (بىر بېيىتتا تۆت قېتىم فەئۇلۇن – مەفائىلۇن)

2) مەدىد بەھرى (″ ″ ″ ″ فائىلاتۇن – فائىلۇن)

3) بەسىت بەھرى (″ ″ ″ ″ مۇستەفئىلۇن – فائىلۇن)

4) ۋافىر بەھرى (بىر بېيىتتا ئالتە قېتىم مەفائىلاتۇن)

5) كامىل بەھرى (″ ″ ″ ″ مۇتەفائىلۇن)

6) ھەزەج بەھرى (″ ″ ″ ″ مەفائىلۇن)

7) رەجەز بەھرى (″ ″ ″ ″ مۇستەفئىلۇن)

8) رەمەل بەھرى (″ ″ ″ ″ فائىلاتۇن)

9) سەرى بەھرى (″ ″ ئىككى قېتىم مۇستەفئىلۇن – مۇس- تەفئىلۇن – مەفئۇلات)

10) مۇنسەرىھ بەھرى (″ ″ ″ مۇستەفئىلۇن – مەفئۇلات – مۇستەفئىلۇن)

11) ھەفىف بەھرى (″ ″ ″ فائىلاتۇن – مۇستەفئىلۇن – فائىلاتۇن)

12) مۇزارى بەھرى (″ ″ ″ مەفائىلۇن – فائىلاتۇن – مەفائىلۇن)

13) مۇقتەزەب بەھرى (بىر بېيىتتا ئىككى قېتىم مەفئۇلات – مۇستەفئىلۇن – مۇستەفئىلۇن)

14) مۇجتەس بەھرى (بىر بېيىتتا ئىككى قېتىم مۇستەف‍ئىلۇن – فائىلاتۇن – فائىلاتۇن

15) مۇتەقارىپ بەھرى (بىر بېيىتتا سەككىز قېتىم فەئۇلۇن)

كېيىن ئەرەب ئالىملىرىدىن ئىمام ئەھفەش مۇتەدارىك دەپ ئاتالغان بىر بەھرىنى ئىشلەپ چىققان (بۇنىڭدا ھەربىر بېيىتتا فائىلۇن رۇكنى سەككىز قېتىم تەكرارلىنىدۇ).

ئاندىن كېيىن، پارس شائىرلىرى پارس تىلى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە، جەدىد، قەرىب، مۇشاكىل دەپ ئاتالغان ئۈچ بەھرىنى ئىجاد قىلدى.

1) جەدىد (غېرىب) بەھرى (بىر بېيىتتا ئىككى قېتىم فائىلاتۇن – فائىلاتۇن – مۇستەفئىلۇن)

2) قەرىپ بەھرى (بىر بېيىتتا ئىككى قېتىم مەفائىلۇن – مەفائىلۇن – فائىلاتۇن)

3) مۇشاكىل بەھرى (""" فائىلاتۇن – مەفائىلۇن – مەفائىلۇن)

شۇنداق قىلىپ، ئارۇز بەھرىلىرى 19 غا يېتىپ، بۇ 19 بەھرىدىن 138 ۋەزىن ھاسىل بولغان.

بۇ بەھرىلەردىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا دەسلەپ رەسمىي قوللىنىلغىنى مۇتەقارىپ بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەنە شۇ بەھرى ۋەزىنلىرىدە يېزىلغان. چاغاتاي ئەدەبىياتى (جۈملىدىن ئوسمانلى تۈرك شائىرلىرى) بۇ بەھرىلەردىن تۈركىي تىلىنىڭ گراممatikىسى ۋە فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى كەڭ تۈردە قوللىنىش بىلەن تۈركىي ئارۇز سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ۋاقىر، مەدىد شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركىي تىل فونېتىكىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى تاشلاپ، قالغان بەھرىلەرنى، بولۇپمۇ مۇتەقارىپ، مۇتەدارىك ھەزەج، رەمەل، رەجەز ۋە كامىل بەھرىلىرىنى كەڭ

قوللاندى. شەخسىن ئۆيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە بۇ بەھرىلەر تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

2. سالىم بەھرىلەر

رۇكنىلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بەھر سالىم (ساق، تولۇق، ئەسلى) بەھر دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

1) رۇكنىنىڭ ئەينەن تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سالىم بەھرىلەر. بۇ قائىدە بويىچە:

فەئۇلۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن مۇتەقارىپ بەھرى؛
فائىلۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن مۇتەدارىك بەھرى؛
مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھەزەج بەھرى؛
فائىلاتۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن رەمەل بەھرى؛
مۇستەفئىلۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن رەجەز بەھرى؛
مۇتەفائىلۇن رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن كامىل بەھرى ھاسىل بولىدۇ.

بىر بېيىتتا بۇ رۇكنىلار تۆت قېتىم تەكرارلانسا، «مۇرەببائى سالىم»، ئالتە قېتىم تەكرارلانسا، «مۇسەددەسى سالىم»، سەككىز قېتىم تەكرارلانسا، «مۇسەممەنى سالىم» دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

يەنە ھەجر ئارا زار بولدۇم،
فراقىڭدىن ئەفگار بولدۇم.

(نەۋائى)

يەنى:

| | | |
|---|---|---|
| یەنە ھەج | رەرا زا | ربولدۇم، |
| – – V | – – V | – – V |
| فراقىڭ | ددىنافىگا | ربولدۇم |
| – – V | – – V | – – V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن |

بۇ بېيىتتا فەئۇلۇن رۇكنى ئالتە قېتىم تەكرارلانغان. شۇڭا، مۇتەقارىبى مۇسەددىسى سالىم بولىدۇ.

بىر بېيىتتا فەئۇلۇن رۇكنى ئەينەن سەككىز قېتىم تەكرارلانسا، «مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم» دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

قادىڭ تەگ بودۇم ئەردى ئوقتەگ كۆنى تۇز،
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم، تۆگىتتىم.

(«قۇتادغۇبىلىك» تىن)

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكنلىرى مۇنداق بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| قادىك تەگ | بودوم ئەر | دى ئوقتەگ | كۆنى تۇز |
| — — V | — — V | — — V | — — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن |
| ياتەگ ئەگ | رى بولدى | ئەگىلدىم | تۆگىتتىم |
| — — V | — — V | — — V | — — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن |

تۆۋەندىكى بېيىتتا مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ بىرقانچە قېتىم ئەينەن تەكرارلىنىشىدىن ھەزەج بەھرىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرىمىز:

گۇلۇم غۇنچە، گۇلۇم غۇنچە، نېمە قايرىلىسەن بۇنچە،
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم، مېنىڭ كۆڭلۇم ئېچىلغۇنچە،
(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكنلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۈلۈم غۇنچە | گۈلۈم غۇنچە | نېمە قايرد.. | لمسەن بۇنچە |
| — — — V | — — — V | — — — V | — — — V |
| مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | مەفائىلۇن |
| قېشىدا تۇر | مىدىلىق بىردەم | مېنىڭ كۆڭلۈم | ئېچىلغۇنچە |
| — — — V | — — — V | — — — V | — — — V |

مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ مانا شۇنداق سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشىدىن ھەجەز بەھرىنىڭ «ھەزەج مۇسەممەنى سالىم» ۋەزنى ھاسىل بولىدۇ.

مىساللار:

بەلادەشتى ئارامەجنۇن مېنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەرزامان بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان.
(نەۋائى)

قاشىڭ كۆرگاچ نېچۈك ئايلانمايىنكىم، قىبلە گاھىمدۇر،
ئاياغىڭغە نېچۈك باش ئۇرمايىنكىم، سەجدە گاھىمدۇر.

(گۇمنام)

يامان كۆرمەڭ مېنى دوستلار ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇر، ۋەتەنىنىڭ گۆۋھەرىدۇرمەن.
(موللا بىلال نازىم)

تۆۋەندىكى بېيىتتا فائىلاتۇن رۇكنى سەككىز قېتىم تەكرارلىنىش بىلەن رەمەل بەھرىنىڭ «رەمەلى مۇسەممەنى سالىم» ۋەزنى ھاسىل بولغان:

كەلكى، ئىشقىڭدىن كۆڭۈلدە يوقتۇرۇر سەبرى قارارىم،
باشىمە يەتكۈر قەدەمكىم ھەددىن ئاشدى ئىنتىزارىم.
(نەۋائى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەلكى ئىشقىڭ | دىن كۆڭۈلدە | يۈقتۇرۇر سەبى | رى قارارىم |
| — — V — | — — V — | — — V — | — — V — |
| فائىلاتون | فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلاتۇن |
| باشىمە يەتى | كۆر قەدەمكىم | ھەددىن ئاشدى | ئىنتىزارىم |
| — — V — | — — V — | — — V — | — — V — |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلاتۇن |

دېمەك، بىر خىل رۇكىنىنىڭ بىر بېيىتتا ئەينەن ھالدا تۆت، ئالتە، سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشى مۇتەقارىپ، ھەزەج، رەجەز ۋە رەمەل بەھرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ ھالدا بۇ بېيىتلارنىڭ ھەممىسى سالىم بەھرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

2) ئىككى خىل رۇكنىدىنمۇ سالىم بەھرلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

بىرىنچى، بىردىن ئېلىنغان ئىككى خىل رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بەھرلەر، مەسىلەن بىر فەئۇلۇن، بىر مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن تاۋىل بەھرى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل ۋەزىنلىرى ھاسىل بولغانغا ئوخشاش، ئەگەر بۇ ئىككى رۇكنى:

فەئۇلۇن مەفائىلۇن
فەئۇلۇن مەفائىلۇن

تەرىزىدە تۆت قېتىم تەكرارلانسا، تاۋىل بەھرىنىڭ مۇرەببەئى سالىم ۋەزنى، ئالتە قېتىم تەكرارلانسا، تاۋىل بەھرىنىڭ مۇسەددەسى سالىم ۋەزنى، سەككىز قېتىم تەكرارلانسا، تاۋىل بەھرىنىڭ مۇسەممەنى سالىم ۋەزنى ھاسىل بولىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاسسەن، مۇزارى، ھەفىف، مۇجتەس، مۇنسەرىھ، مۇقتەزەپ، تاۋىل، مەدىد، بەست بەھرلىرىگە مەنسۇپ (ئەسكەرتىش: مۇقتەزەپ، مەدىد ۋە بەست بەھرلىرى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىدا يوق دېيەرلىكتۇر).

ئىككىنچى، ئىككىسى بىر خىل ۋە بىرى باشقا خىلدىكى

رۇكنىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بەھىرلەر. مەسىلەن: ئىككى مەفائىلۇن ۋە بىر فائىلاتۇن بىر بېيىتتا ئالتە قېتىم كۆرۈلسە، قەرىب بەھرىنىڭ «قەرىبى مۇسەددەسى سالىم» ۋەزنى ھاسىل بولىدۇ. بىر بېيىتتا بىر فائىلاتۇن ۋە ئىككى مەفائىلۇن ئالتە قېتىم تەكرارلانسا، مۇشاكىل بەھرىنىڭ «مۇشاكىلى مۇسەددەسى سالىم» ۋەزنى ھاسىل بولىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاسەن، قەرىب، مۇشاكىل، جەدىد (غەرىب)، سەرى بەھىرلىرىگە مەنسۇپ، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

### 3. زىھافلار

سەككىز ئاساسىي رۇكىن ھەمىشە ئەينەن قوللىنىلماي، كۆپ ھاللاردا بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بىلەن قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر بىرىنچىدىن، بەزى بوغۇملارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى قوشۇلۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇزۇن بوغۇمنىڭ قىسقا بوغۇمغا، قىسقا بوغۇمنىڭ ئۇزۇن بوغۇمغا ئايلاندۇرۇلۇشى، ئۈچىنچىدىن، يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى ئۆزگىرىشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىش ئارۇز ئىلمىدە «زىھاف» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداق زىھافلارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، بەزى رۇكنىلارنى پەرق ئېتىشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. ئارۇز ۋەزنى سىستېمىلىرىنى ئۆگىنىشتە ياكى ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشتا ئۇچرايدىغان ئاساسىي قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرى ئەنە شۇ.

رۇكنىلاردىكى مۇنداق ئۆزگىرىشلەردىن تارماق رۇكنىلار ھاسىل بولىدۇ. مۇنداق تارماق رۇكنىلار ۋە شۇ تارماق رۇكنىلاردىن ھاسىل بولغان ئاساسىي ۋەزىنلەر 138 گە يېتىدۇ.

| بەھرى نامىلىرى | قايسى رۇكنىدا تۈزۈلگەنلىكى | رۇكنىلارنىڭ مۇئەددىسى سالىم ھالىتىدە تەكرارلىنىشى |
|---|---|---|
| قەرىب | 2 مەفائىلۇن + فائىلاتۇن<br>— — V —   — — — V | مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائىلاتۇن<br>— — V — ، — — — V ، — — — V |
| مۇشاكىل | فائىلاتۇن + 2 مەفائىلۇن<br>— — — V   — — V — | فائىلاتۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن<br>— — — V — — — V — — V — |
| جەدىد (غەرىب) | 2 فائىلاتۇن + مۇستەفئىلۇن<br>— V — —   — — V — | فائىلاتۇن فائىلاتۇن مۇستەفئىلۇن<br>— V — — — — V — — — V — |
| سەرى | 2 مۇستەفئىلۇن + مەفئۇلاتۇ<br>— V —   — V — — | مۇستەفئىلۇن، مۇستەفئىلۇن مەفئۇلاتۇ<br>V — V — — V — — — V — — |

بىز پەقەت چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى كۆپرەك ئىشلەتكەن ۋە هازىرمۇ ئەدەبىي مىراس سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىرقانچە تارماق رۇكىنلار ۋە ئۇلاردىن هاسىل بولغان ئاساسىي ۋەزىنلەر ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

### مۇتەقارىپ بەھرى ۋەزىنلىرى

مۇتەقارىپ قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەڭ قوللىنىلغان بەھرىلەرنىڭ بىرى. چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە بۇ بەھىر ۋەزىنلىرىدە تېخىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

مۇتەقارىپ بەھرى ۋەزىنلىرى فەئۇلۇن رۇكنىنىڭ تارماقلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ خىل ۋەزىنلەرنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. مۇتەقارىپى مۇسەممەنى مەقسۇر

بۇ ۋەزىن فەئۇلۇن رۇكنىنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇن بوغۇمىنىڭ قىسقارتىلىپ ئېلىنىشى (فەئۇل) دىن هاسىل بولىدۇ. ۋە «قىسقارتىلغان» دېگەن مەنىدە «مەقسۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

فەئۇل تارماق رۇكنى ئادەتتە هەربىر مىسرانىڭ ئاخىرقى رۇكنىلىرى ئورنىدا كېلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي مەتنى ئەنە شۇ مۇتەقارىپى مۇسەممەنى مەقسۇر ۋەزنىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

بودوم ئوقتەگ ئەردى كۆگۈل ئەردى يا،
كۆگۈل قىلغۇ ئوقتەگ بودوم بولدى يا.
(«قۇتادغۇبىلىك» دىن)

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكنىلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇدۇم ئوق | تەگ ئەردى | كۆڭۈل ئەر | دى يا |
| — — V | — — V | — — V | — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |
| كۆڭۈل قىل | ئۇنۇقتەگ | بۇدۇم بول | دى يا. |
| — — V | — — V | — — V | — V |

يەنە بىر مىسال:

كۆڭۈل دورجى ئىچرە گۆھەر سۆز دۇرۇر،

بەشەر كۆلشەنىدە سەمەر سۆز دۇرۇر.

(نەۋائى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆڭۈل دۇر | جى ئىچرە | گۆھەر سۆز | دۇرۇر |
| — — V | — — V | — — V | — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |
| بەشەر گۆل | شەنىدە | سەمەر سۆز | دۇرۇر |
| — — V | — — V | — — V | — V |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇل |

2. مۇتەقارىپى مۇسەممەنى مەھزۇب

«مەھزۇب» تاشلانغان دېگەن مەنىدە بولۇپ «فەئۇل» رۇكنىدىن ھاسىل بولىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى «مۇتەقارىپى مۇسەممەنى مەقسۇر» بىلەن ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوتتۇرىدىكى پەرق شۇكى، فەئۇل رۇكنىدىكى «ئۇ» تاۋۇشى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنسا، فەئەل رۇكنىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى سەل قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

سىنىڭدەك بۇتەيوق تۇرۇر چىمەن ئارا،
بۇتى چىمەن سىنىڭ بەندەڭ ئايىن ئارا.

(نەۋائى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| سىنىڭدەك | بۇتە يوق | تۇرۇر چىمەن | ئارا |
| V — — | V — — | V — — | V — |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئەل |
| بۇتى چىمەن | سىنىڭ بەن | دەڭ ئايىن | ئارا |
| V — — | V — — | V — — | V — |
| فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئۇلۇن | فەئەل |

3. مۇتە قارىپى مۇسەممەنى ئەسلەم

مۇتەقارىپنىڭ بۇ تارماق ۋەزنىمۇ فەئۇلۇندىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر مىسرانىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى پاسىللىرىدا بۇ رۇكىن ئىككى بوغۇمغا قىسقارتىلىپ فەئلۇن (fəlun) شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

كۆرسەت، جامالىڭ مەستانەلەرگە،
ئىشقىڭدا كويگەن پەرۋانەلەرگە.

يەنى

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆرسەت | جامالىڭ | مەستا | نەلەرگە |
| — — | V — — | — — | V — — |
| فەئلۇن | فەئۇلۇن | فەئلۇن | فەئۇلۇن |
| ئىشقىڭ | دە كۆيگەن | پەرۋا | نەلەرگە |
| — — | V — — | — — | V — — |
| فەئلۇن | فەئۇلۇن | فەئلۇن | فەئۇلۇن |

مىساللار:

ئەي بەغرى قاتتىق رەھىم ئەيلەمەس سەن،
قىلغىل نەزارە بىچارەلەرگە.

مەشرەپ سېنى دەپ كەتتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانەلەرگە.

(مەشرەپ)

ئەرزىمنى ئايدىم بادى ساباغا،
يەتكۈزسە ھالىم ئول دىلرەباغا.

(ھۆۋەيدا)

### ھەزەج بەھرى ۋەزىنلىرى

ھەزەج بەھرى ۋەزىنلىرى مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ تارماقلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ خىل ۋەزىنلەرنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىدە ۋە ھازىرقى كۈندە كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ھەزەجى موسەددىسى مەھزۇپ

بۇ ۋەزىن مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى ۋە شۇ رۇكنىنىڭ مەھزۇپ (تاشلانغان) كۆرۈنۈشى فەئۇلۇننىڭ مىسرالار ئاخىرىدا كېلىشى بىلەن تەشكىل تاپىدۇ.
مەسىلەن:

ئەگەر سەن بولماساڭ گۈلدەك چىمەندە،
كىشى نىتكەي ئۇشال بەيتۇلھەزەندە.

(لۇتفى)

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكنلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ئەگەر سەن بول | ماساڭ گۈلدەك | چىمەندە |
| V — — — | V — — — | V — — |
| مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | فەئۇلۇن |
| كىشى نىتكەي | ئۇشال بەيتۇل | ھەزەندە |
| V — — — | V — — — | V — — |
| مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | فەئۇلۇن |

ئەلشىر نەۋائىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ ۋەزىندە يېزىلغان.

مەسىلەن:

دېدى: قايدىن سەن ئەي مەجنۇنى گۇمراھ؟
دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ،
دېدى نىدۇر ساڭا ئاللەددە پىشە؟
دېدى: ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە.

2. ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر

بۇ ۋەزىندىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا مەفائىلۇن رۇكنىنىڭ ھەر بېيىتتا تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى ۋە شۇر ۋكىنىنىڭ مەقسۇر (قىسقارتىلغان) كۆرۈنۈشى مەفائىلنىڭ مىسرالار ئاخىرىدا كېلىشى بىلەن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئىككى ۋەزىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى مەقسۇر (مەفائىل) كۆرۈنۈشىدە ئاخىرقى بوغۇم كۆپىنچە يېپىق بولۇپ، بىر يېرىم ئۇززۇن بوغۇم سۈپىتىدە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەھزۇپ (فەئۇلۇن) كۆرۈنۈشىدە بولسا ئاخىرقى بوغۇمنىڭ يېپىق بولۇشى ۋە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى شەرت ئەمەس.

مەسىلەن:

ئىشىتتى چۇن بۇ ئەپسۇنلەرنى فەرھاد،
بەغايەت بولدى ئاندىن خاتىرى شاد.

(نەۋائى)

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكنلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ئىشىتتى چۇن | بۇ ئەپسۇنلەر | نى بەرھاد |
| V — — — | V — — — | V — — |
| مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | مەفائىل |
| بەغايەت بول | دى ئاندىن خا | تىرى شاد |
| V — — — | V — — — | V — — |
| مەفائىلۇن | مەفائىلۇن | مەفائىل |

مىساللار:

ئېمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق.
كېرەك شىر ئالدىدە ھەم شىر جەڭگى،
ئەگەر شىر ئۆلمەسە بارى پەلەڭگى.

(نەۋائى)

ئۇيالما مەرىپەتنى ئۇرگەنۇردىن،
تانۇر جايىڭ بۇلۇر قالساڭ تانۇردىن.

(سوپى ئاللا يار)

3. ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەپ

تۆۋەندىكى شېئىرلارنىڭ ھەر بىر بېيىتى سەككىز رۇكنىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلاردا ئىككى ياكى تۆت رۇكىن مەفائىلۇننىڭ ئەخرەپ (خاراب قىلغان) كۆرۈنۈشىدىكى تارماق رۇكنى مەفئۇلۇدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئادەتتە مەفئۇلۇ رۇكنى مىسرانىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى رۇكنىدا زاھىر بولىدۇ. فۇرقەتنىڭ «سەيدىڭ قويەبىر سەيياد» ناملىق مەشھۇر مۇسەددىسى ئەنە شۇ ۋەزىندە يېزىلغان.

مەسىلەن:

سەيدىڭ قويەبىر سەيياد، سەييارە ئىكەن مېنىدىك
ئال دامىنى بويىندىن، بىچارە ئىكەن مېنىدىك.

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكنىلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەيدىڭ قو | يە بىر سەيياد | سەييارە | ئىكەن مېنىدىك |
| V — — | — — —V | V — — | — — — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن |
| ئال دامى- | نى بويىندىن | بىچارە | ئىكەن مىندىك |
| V — — | — — — V | V — — | — — — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن |

4. ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇب

ئۆزىنىڭ ئامىدىنىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ۋەزىن بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ھەرخىل تارماق رۇكنىلاردىن تەركىب تاپقان. يەنى: ئەخرەب (مەفئۇلۇ)، مەھزۇپ (فەئۇلۇن) تارماق رۇكنىلىرى بىلەن مەكفۇف (مەفائىلۇن) تارماق رۇكنىنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قوشۇلۇشىدىن بۇ ۋەزىن ھاسىل بولىدۇ (مەكفۇف «قايتۇرۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ ئادەتتە مىسرانىڭ ئوتتۇ-رىسىغا ئورۇنلىشىدۇ). بۇ ۋەزىن ھەزەجى مۇسەممەنى بولغاچقا بىر بېيىت سەككىز رۇكنىدىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى:

مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفائىلۇ فەئۇلۇن
مەفئۇلۇ مەفائىلۇ مەفائىلۇ فەئۇلۇن

— — V — — — V — — — V V — —

مەسىلەن:

كۆڭلۈمگە قىلاي چارە، دېدىڭىز نېچە بارە،
جان باردى سىنىڭ دەردىڭ ئىلە، ئەمدى نە چارە؟
(لۇتفى)

بۇ بېيىتنىڭ سىخېماۋە رۇكنىلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆڭلۈمگە | قىلاي چارە | دېدىڭىز نې- | چە بارە |
| V — — | — — — V | — — — V | — — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇ | مەفائىلۇ | فەئۇلۇن |
| جان باردى | سىنىڭ دەردىڭ | ئىلە ئەمدى | نە چارە |

بۇ ۋەزىن ئەڭ يېقىملىق ۋە جەزىبدار ۋەزىنلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ قوللىنىلغان.

مىساللار:

ئەي تۇرك، پەرى ئادەمىنىڭ جانىمىدۇرسەن،
يا ئىككى يارۇغ كۆزلى ئىنسانىمىدۇر سەن.
(لۇتفى)

يار باردى يۇ، كۆڭلۈمدە ئانىڭ نازى قالىپتۇر،

ئانداقكى، قۇلاغىم تولا ئاۋازى قالىپتۇر.
(نەۋائى)

تاكىيدى قىزىل ئۆزىنى زىبا قىلايىن دىپ.
ئوت ياقتى جاھان مۇلكىنە غەۋغا قىلايىن دىپ.
(مەشرەپ)

رەمەل بەھرى ۋەزىنلەرى

رەمەل بەھرى چاغاتاي ئەدەبياتىدا ھەممىدىن كۆپ قوللىنىلغان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بەھر. بولۇپمۇ بۇ بەھر غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس قاتارلىق لىرىك ئەسەرلەر بىلەن تۇيۇقلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ بەھرنىڭ كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبياتىمىزدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تارماق ۋەزىنلەرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇپ

بۇ ۋەزىندە فائىلاتۇن رۇكنىنىڭ تۆت قېتىم تەكراردىن كېيىن ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى رۇكىن (ئارۇز ۋەزەرىپ) لەرى فائىلۇندىن تەركىب تاپىدۇ (فائىلۇن، فائىلاتۇن رۇكنىنىڭ مەھزۇب كۆرۈنىشىدۇر). بۇ رۇكىن «— V —» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىرپىكىڭنى بىر-بىرىگە قاقىشىڭ،
تەڭ كېلۇر ئالەمگە ئوتلار ياقىشىڭ.

(زەلىلى)

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكىن كۆرۈنۈشلەرى مۇنداق:

| | | |
|---|---|---|
| كىرپىكىڭنى | بىر-بىرىگە | قاقىشىڭ |
| — — V — | — — V — | — V — |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلۇن |
| تەڭ كېلۇر ئا- | لەمگە ئوتلار | ياقىشىڭ |
| — — V — | — — V — | — V — |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلۇن |

يەنە بىر مىسال:

ساقىيا ھىجران تۈنىدۇر بادە تۇت،
ئۇل قوياش بىرلە بۇ شامىمنى يارۇت.

(نەۋائى)

2. رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇر

بۇ ۋەزىندە فائىلاتۇن رۇكنىنىڭ تۆت قېتىم تەكرارىدىن كېيىن ھەربىر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنىلىرى (ئارۇز ۋە زەربلىرى) فائىلان ياكى فائىلاتتىن تەركىب تاپىدۇ. فائىلان ياكى فائىلات رۇكنى فائىلاتۇننىڭ مەقسۇر كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى بوغۇمنىڭ بىر يېرىم ئۇزۇن بوغۇم بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەنى ئاخىرقى بوغۇمى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بەلگىسى «— V ~» دىن ئىبارەت.

مەسىلەن:

قىلماغىل زىنھار ئىزھار ئەھتىياج،
كىم ئەزىز ئەلنى قىلۇر خار ئەھتىياج.

(نادىرە)

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكىن كۆرۈنۈشلىرى مۇنداق:

| | | |
|---|---|---|
| قىلماغىل زىنـ | ھارى ئىزھار | ئەھتىياج |
| — V — — | — — V — | ~V — |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلان (فائىلات) |

| | | |
|---|---|---|
| كىم ئەزىز ئەلـ | نى قىلۇر خار | ئەھتىياج |
| — V — — | — V — — | V — |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلان (فائىلات) |

3. رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇپ

بۇ ۋەزىن رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇپنىڭ كېڭەيگەن شەكلى بولۇپ، ئالتە فائىلاتۇن ۋە ئىككى فائىلۇندىن تەركىب

تاپىدۇ، يەنى ھەر بېيىتتا فائىلاتۇن رۇكنىنى ئالتە قېتىم تەكرارلىنىپ، مىسرالار يەنىلا ئارۇز ۋە زەرب بىلەن ئاياغلىشىدۇ. مەسىلەن:

بىر قەدەھ مەي ئىچمىدىم سەرۋى گۇلەندامىم بىلە،
بىر نەپەس ئۆيرۇلمەدى دەۋران مىنىڭ كامىم بىلە.
(نەۋائى)

بۇ بېيىتنىڭ سىخېما ۋە رۇكىن كۆرۈنۈشلىرى مۇنداق:

بىر قەدەھ مەي ئىچمىدىم سەر ۋى گۇلەندا مىم بىلە
— V — — — V — — — V — — — V —
بىر نەپەس ئۆي رۇلمەدى دەۋ ران مىنىڭ كا مىم بىلە
— V — — — V — — — V — — — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

بۇ ۋەزىن ئۆزىنىڭ ئاھاڭدارلىقى، ئويناقلىقى، جەزىبىدارلىقى ۋە شائىرلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلەشكە قولايلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭا، ئومۇمەن چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرلىرى ئۇچۇن سۆيۈملۈك ۋەزىن ھېسابلىنىپ كەلگەن. بەزى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خازائىنۇل مەئانى» دېگەن كىتابىدىكى 3132 شېئىردىن 1156 سى، جۈملىدىن، 2600 غەزەلدىن 1089 ى ئەنە شۇ ۋەزىندە يېزىلغان.

مىساللار:

نەۋ باھار ئەييامى بولمىش مەن دىيارۇ يارسىز،
بۇلبۇل ئۇلغاندەك خازان پەسلى گۇلۇ، گۇلزارسىز،
(نەۋائى)

چەرخىنىڭ مەن كۆرمەگەن جەۋرۇ جاپاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمەگەن دەردۇ بەلاسى قالدىمۇ.
(بابۇر)

مەزرەئى لوتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مازارى كاشغەر.
(گۇمنام)

كىرمەگەيمەن جەننەتۇل مەئۋاغا دىلبەر بولماسا،
شىشەپۇشى تۇشمەگەي دەرياغا گەۋھەر بولماسا.
(زەلىلى)

يىغى ياشارماس، گۈل ئاچىلماس تۈشمى يامغۇر قامچىسى،
قايدىن ئالسىن شىھرى شائىر بولماسا ئىلھامچىسى.
(توقاي)

### 4. رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر

قىسقىچە ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىن رەمەلى مۇسەددىسى مەق-
سۇرنىڭ كېڭەيگەن شەكلى بولۇپ، ئالتە فائىلاتۇن ۋە ئىككى
فائىلاندىن تەركىب تاپىدۇ، يەنى ھەر بېيىتتا فائىلاتۇن
رۇكنى ئالتە قېتىم تەكرارلىنىپ، مىسرالار يەنىلا ئارۇز ۋە زەرپ
بىلەن ئاياغلىشىدۇ، بۇ ۋەزىن يۇقىرىدىكى رەمەلى مۇسەممەنى
مەھزۇبتىن پەقەت بىرلا نۇقتىدا پەرقلىنىدۇ. يەنى فائىلۇن
رۇكنى ئورنىغا فائىلان رۇكنى قوللىنىلىپ، ئارۇز ۋە زەرپىنىڭ
ئاخىرقى بوغۇمى بىرئاز سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق
تاۋۇشلۇق يېپىق بوغۇمدىن ياكى قوش ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن
تۈگەيدىغان يېپىق بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ.
مەسىلەن:

هەر كۈن ئۆتكەن كېچەدىن ئاشۇفتە كۆڭلۈم زارراق،
هەر تۈن ئۆتكەن كۈندىن ئەشكەفشان كۆزۈم خۇنبار راق.
(نەۋائى)

بۇ بېيىتنىڭ سخېما ۋە رۇكن كۆرۈنۈشلىرى مۇنداق بولىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| هەر كۈن ئۆتكەن | كېچەدىن ئا | شوفتە كوڭلۈم | زا - ر - راق |
| — — V — | — — V— | — — V— | — V ~ |
| فائىلاتۈن | فائىلاتۈن | فائىلاتۈن | فائىلان |

| | | |
|---|---|---|
| هەر تۈن ئۆتكەن | كۈندىن ئەشكەف | شان كۆزۈم خۇن- |

بارو - راق
(نەۋائى)

يەنە بىر مىسال:
يار كەلسە، بەس، مەھەلدۇركىم، ئىچىم قان ئەتتى شەۋق،
سەبرۇ ئارامىم بېرىپ، بەرباد، توغيان ئەتتى شەۋق.
(نەۋائى)

بۇ ۋەزىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان رەمەلى مەسەممەنى مەھزۇبقا شۇ قەدەر ئوخشايدۇكى، بىر پۈتۈن شېئىر - ياكى غەزەلنى ئالغاندا، قاپىيىلەنگۈچى مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنى فائىلان (—V~) بولۇشى شەرت. قالغان مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى رۇكنى فائىلۈن بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنچى مىسالدىكى شېئىرنىڭ داۋامىغا قارىساق قاپىيىلەنمەيدىغان مىسرالار-

نىڭ فائىلان شەكلىدە ئەمەس، فائىلاتۇن شەكلىدە يېزىلـ
غانلىقىنى كۆرىمىز.

يار كەلسە، بەس، مەھەلدۇركىم، ئىچىم قان ئەتتى شەۋق،
سەبرۇ ئارامىم بېرىپ بەرباد، توغيان ئەتتى شەۋق.
ئازۇ كۆپ ھەرنە دىدى قاسىد ۋىسالىڭ مۇژدەسىن،
سەبرىم ئازو ئىزتىرابىمنى فەراۋان ئەتتى شەۋق.

نەۋائىنىڭ رەمەل بەھرى توغرىسىدا «بۇ ۋەزىن ئۆز زامانىسىدا خەلق قوشاقلىرى كۈيلىنىدىغان ۋەزىن بولۇپ، كېيىن ئارۇزغا كىرگۈزۈلگەن» دېگەن سۆزىدىن رەمەل بەھرى ۋەزىنلىرىنىڭ قانچىلىك قەدىم ۋە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

رەجەز بەھرى ۋەزىنلىرى

ھەر بېيىتتا مۇستەفئىلۇن رۇكنىنىڭ ئەينەن ھالدا بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىشىدىن بۇ بەھرىنىڭ سالىم شەكلى ھاسىل بولىدۇ، مەسىلەن:

كۆزىدىن تۆكۈلدى قان ياشىم، مەن مۇپتىلا قەيغە باراي،
رەھىم ئەيلەمەس ئول مەھۋەشىم مەن مۇپتىلا قەيغە باراي.
(مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن) —
(—V— —   —V— —   —V— —   —V— —)
(مۇقىمى)

يەنە بىر مىسال:
بالىلار كىچىك قالدى يېتىم، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
مەن يىغلىسام يەتمەس ئۈنۈم، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.
(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

مۇستەفئىلۇن رۇكنىغا باشقا رۇكنىلارنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى بىلەن رەجەز بەھرىنىڭ تارماق ۋەزنىلىرى ھاسىل بولىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى، بىرىنچى ۋە ئۇچىنچى رۇكنى مۇستەفئىلۇندىن، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى رۇكنى فەئۇلۇندىن تۈزۈلگەن تارماق ۋەزنىدۇر. بۇ ۋەزىن چاغاتاي ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا قەدىمكى ۋە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

كەلسە قالى قاتىغلىق ئەرتورتىيۇ سەرىنگىل،

ئۆزلەك ئىشىن بىلىپ تۇر ئانچە، ئاڭا تەرىنگىل.

(«دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» تىن)

(كەلسە ئەگەر مۇشكۇللۇك ئۆتەرىدىبان سەۋرى قىل فەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر، ئاڭا كۆرە تەدبىر قىل)

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەرىنگىل | ئەرتۇرتىيۇ | قاتىغلىق | كەلسە قالى |
| — — V | — V— — | — — V | — V— — |
| فەئۇلۇن | مۇستەفئىلۇن | فەئۇلۇن | مۇستەفئىلۇن |
| تەرىنگىل | ئانچە، ئاڭا | بىلىپ تۇر | ئۆزلەك ئىشىن |
| — — V | — V— — | — — V | — V— — |
| فەئۇلۇن | مۇستەفئىلۇن | فەئۇلۇن | مۇستەفئىلۇن |

يەنە بىر مىسال:

ئىشىك ئالدى چىناردۇر، ئەگسەم شاخى سىنادۇر،
يار ئۈستىگە يار تۇتماق، قىز - يىگىتكە گۇناھدۇر.
(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

## رۇبائىي ۋەزىنلىرى

رۇبائىي مەنە (پىكىر) جەھەتتىن چوڭقۇرلۇقى (كۆپىرەك پەلسەپىلىك پىكىرلەر ئىپادىلىنىدىغانلىقى)، ھەر بىر كۇپلېت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل (يەنى تاماملانغان) بىر پىكىرنىڭ مۇجەسسەم گەۋدىسى بولغانلىقى، مىسرالارنىڭ تۆتتىن ئاشماي، AAAA ياكى AABA شەكلىدە تۈزۈلىدىغانلىقى، تىل جەھەتتىن ئىخچام ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن خاراكتېرلەنگەندىن تاشقىرى، ۋەزىن جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. رۇبائىيلار كۆپىنچە ھەزەج بەھرى تارماق ۋەزىنلىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممە مىسرالىرى بىر خىل ۋەزىندە كەلسە، رۇبائىيلاردا ھەر بىر مىسرانىڭ ئۆز ئالدىغا باشقا ۋەزىندە كېلىشى، يەنى تۆت مىسرانىڭ تۆت خىل ۋەزىندە كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇبائىينىڭ ۋەزنىنى ئېنىقلاش قىيىنىراق، ئەمما كۆپىنچە مۇفائىلۇن ۋە ئۇنىڭ تارماق رۇكنلىرىدا يېزىلىدۇ. بۇ تارماق رۇكنلارنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى: مەفئۇلۇ (— — V)، مەفئۇلۇن (— — —)، فائىلۇن (— V —)، مەفائىلۇن (V — V —)، فەئۇل (V ~)، فەئەل (V —)، فا (—) ۋە باشقىلار.

مەسىلەن:

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاغا شەفقۇمېھرىبان بولماس ئىمىش.

ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىلگۈل پۆتسە،
بۆلبۆلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.
(نەۋائى)

يەنى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| غۇربەتدە | غېرىپ شا | دىمان بولماس | ئىمىش |
| V — — | — V — V | V — — V | — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفائىلۇ | فەئەل |
| ئەل ئاگا | شەپقۇ مىھ | رىبان بولماس | ئىمىش |
| V — — | — V — V | V — — V | — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفائىلۇ | فەئەل |
| ئالتۇن قە | پەس ئىچرەگەر | قىزىل گۈل پۆت | ـە |
| V — — | — V — V | V — — V | — |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفائىلۇ | فا |
| بۆلبۆلغا | تىكەندەك ئا | شىيان بولماس | ئىمىش |
| V — — | — V — V | V — — V | — V |
| مەفئۇلۇ | مەفائىلۇن | مەفائىلۇ | پەئەل |

يۇقىرىدا ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە ئۇمۇمىي مەلۇمات ۋە بەزى بەھرلەرنىڭ سالىم ۋەزنى بىلەن تارماق ۋەزنلىرى قىسقىچە بايان قىلىندى. بۇ بايانلىرىمىز ئارۇز ئىلمىغا دائىر باشلانغۇچ ساۋاتتىنلا ئىبارەت.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە نەشرى)

② يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇرچە نەزمى يەشمىسى)

③ ئەلىشىر نەۋائى: «خازائىنۇل مەئانى» (1) 1959 - يىل تاشكەنت.

④ زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر: «بابۇرنامە»، 1989 - يىل، تاشكەنت.

⑤ م. فۇئاد كوپرۇلۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980- يىل ئىستانبۇل.

⑥ ئېلى كامال بىلاۋىرانلى: «ئارۇز ۋە ئاھاڭ»، 1980 - يىل ئىستانبۇل.

⑦ ئا. ھاجى ئەھمەدوف: «مەكتەپلەردە ئارۇز ۋەزنىنى ئۆگىنىش»، 1978 - يىل، تاشكەنت.

⑧ غ. سەدۋاقاسوف (تەھرىرلىكىدە): «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 - يىل، ئالمائاتا.

⑨ «ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيەسى»، 1 - توم، 1979 - يىل، ئەنقەرە.

⑩ «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيەسى» II - توم، ئارۇز ماددىسى، 1950 - يىل، ئەنقەرە.

⑪ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» (ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى)

⑫ ن. موللايوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1956 - يىل، تاشكەنت.

⑬ لى گوشياڭ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑭ خاتانى (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑮ «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت»، 1687 - يىل، تاشكەنت.

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى*

## 1

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تاتارلارنى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. تاتارلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە خېلى بۇرۇنلا، يەنى VI ئەسىردىن باشلاپ، بىرمۇنچە يازما خاتىرىلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. كۆك تۈرك خانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۆلۈنۈپ چىققان تاتار قەبىلىلىرى پەيدىنپەي روناق تېپىپ، تاكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىنغانغا قەدەر، كۈچلۈك بىر خەلق توپى سۈپىتىدە ئەتراپ قوشنىلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن قىتان ۋە جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە (يەنى X ئەسىردىن XIII - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) تاتار دېگەن نام موڭغۇللارغىمۇ ئورتاق قوللىنىلغان. بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخاندىن بۇرۇن موڭغۇللارمۇ ئۆزىنى شۇ نام بىلەن ئاتىغانلىقى مەلۇم. جۇڭگو تارىخچىلىرى بولسا، گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنى «قارا تاتار»لار، سەددىچىنگە ئەڭ يېقىن جايلاشقان (يەنى گوبىنىڭ جەنۇبىدىكى) موڭغۇللارنى «ئاق تاتار»لار دەپ ئاتىغان. ئومۇمەن، موڭغۇللارنى، ھەتتا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ،

---

* بۇ ماقالە 1987 - يىل 12 - ئاي ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تاتار تىلى - ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1988 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ھەممىسىنى تاتار دەپ ئاتاش خېلى كېيىنكى چاغلارغىچە، غەرب ۋە ئىسلام تارىخچىلىرىنىمۇ ئادەت بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار تاتارلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا تارىخ سەھنىسىگە چىققان قەدىمكى مىللەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان تەرىپىدىن تەسىس قىلىنىپ، غەربتە قارا دېڭىز، شەرقتە ئېرتىش دەرياسى، جەنۇبتا كاۋكاز تاغلىرى، شىمالدا ۋولگا (ئېدىل) دەرياسى دائىرىسىگە كېڭەيگەن «ئالتۇن ئوردا» خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، تاتار خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن يېڭى بىر دەۋر باشلاندى.

ئەسلىدە، ئارال — كاسپىي سەھرالىرىدىن قارا دېڭىزغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا بەزىدە ھەزەر، بەزىدە پەچەنەك، بەزىدە قىپچاق ياكى قۇمان، رۇس ۋەقىنامىلىرىدا «پولوۋېتسى»① دەپ ئاتىلىدىغان تۈركىي قەبىلىلەر ياشايتتى. XI ئەسىرگىچە شەرقىي روسىيە بىلەن ئېدىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە جەنۇبتا كاۋكاز تاغلىرى بىلەن شىمالدا ئورال تاغلىرىغىچە بولغان جايلاردا ھەزەر دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. بۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كۆپ زامانلار بۇرۇن كۆچمەنلىك ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، ئولتۇراقلىشىش باسقۇچىغا كىرىپ بولغانىدى. يېزا ئىگىلىكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - قاتناش زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلانغان ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدا شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ، چوڭ - چوڭ شەھەرلەر قەد كۆتۈرۈپ، خارەزم ۋە ھەزەر دىيارلىرى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايون-

لارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. ئەرەب - ئىسلام تارىخچىلىرىدىن
ئىستەخرى، ئەل - مەسئۇدى، ئىبىن خەۋكەللەرنىڭ مەلۇمات -
لىرىغا قارىغاندا، بۇ رايوندىكى ئىبدىل، بۇلغار شەھەرلىرى
VIII ئەسىردىن باشلاپلا ئەڭ ئاۋات شەھەرلەرگە ئايلىنىپ
بولغان. 1974 - 1975 - يىللىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك
تېپىلمىلارغا قارىغاندا، 1177 - يىلى بىنا قىلىنغان قازان
شەھىرى بۇ چاغلاردا مۇھىم ئىقتىسادىي مەركەزلەرنىڭ بىرى
بولۇپ قالغانىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە، قەدىمكى
مىللىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ
مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا، خارەزىم ۋە
ھەزەر شەھەرلىرىنى مەركەز قىلغان مىللىي ۋە ئىسلامىي بىر
يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كېلىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ مول مېۋىلىرى مەيدانغا كەلمەكتە ئىدى.

مۇشۇنداق چاغدا، يەنى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل
قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن يەنە بەزى تۈركىي
خەلقلەر شەرقىي ياۋروپا سەھنىسىگە چىقىپ، «ئالتۇن ئوردا»
خانلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بېشىدا تۇرغان
سۇلالە «قارا تاتار» دىن كېلىپ چىققانلىقى، موڭغۇل قوشۇنى
تەركىبىدە ئەسلى تاتارلاردىن باشقا تۈركىي خەلقلەر كۆپ بول-
سىمۇ، رەھبەرلىك «قارا تاتار» لارنىڭ قولىدا بولغانلىقى
تۈپەيلى «ئالتۇن ئوردا» تاتار دۆلىتى دەپ ئاتىلىش بىلەن
بىللە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى تۈركىي خەلقلەرمۇ «تاتار» ئاتىلىپ
قالغان. ئەمەلىيەتتە، بىر خەلقنىڭ باشقا بىر خەلق نامى بىلەن
ئاتىلىپ قېلىشى تارىختا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مۇنداق
ئەھۋاللار باشقا خەلقلەردىمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن: ھازىرقى
فرانسىيە خەلقىنىڭ قەدىمكى زاماندا «فرانك» ناملىق بىر
گېرمان قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ قالغانلىق مۇنا-

سىۋىتى بىلەن فرانسۇز ئاتىلىپ قالغىنىغا ياكى ھازىرقى «رۇس» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئىسكاندىناۋىيە ئارىلىدىكى نورمانلارنىڭ فىنىچە نامى بولۇپ، X ئەسىردە نورمانلارنىڭ روسىيىنى ئىستېلا قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن پراۋ سىلاۋيانلارنىڭ «رۇس» ئاتىلىپ قالغانلىقىغا ئوخشاش، بۇلغارىيىنىڭ ھازىرقى نامى قەدىمكى بۇلغار تۈركلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى. شۇنىڭ ئۈچۈن، موڭغۇللار قۇرغان «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىنىڭ «قىپچاق خانلىقى» دەپ ياكى ئۇ يەردىكى قىپچاق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ «تاتار» دەپ ئاتىلىشىمۇ چۈشىنىشلىك مەسىلە بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، موڭغۇللار قىپچاق سەھرالىرىغا ئېتنوگرافىيىلىك ئامىللارنى ئالماشتۇرارلىق بىر خەلق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي توپلانما سۈپىتىدىلا كەلگەن. ئۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىنىڭ تۈپ ئاھالىسىمۇ موڭغۇللار ئەمەس، قىپچاقلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىپچاق سەھرالىرىغا كەلگەن بەزى ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ «ئالتۇن ئوردا» نىڭ ئاممىۋى تىلى قىپچاق تىلى ئىدى دېيىشلىرىمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

قاتتىق يىمىرىش خاراكتېرىدىكى موڭغۇل ئىستېلاسى بۇ زېمىننى ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، خۇددى چوڭقۇر يىلتىزلىق ئۆسۈملۈكلەر قىش كېتىپ باھار كېلىش بىلەن قايتىدىن كۆكلىگەندەك، «ئالتۇن ئوردا» نىڭ بىر قەدەر تىنچ، يەنى ئىگىلىكنى تىكلەش مەزگىلىدە مەدەنىيەت قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. خۇددى چاغاتاي خان ئەۋلادىغا ئوخشاشلا باتۇخان ئەۋلادىنىڭمۇ پەيدىنپەي ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ، يەرلىشىش جەريانىدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە سىڭىپ كېتىشى «ئالتۇن ئوردا» مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى

مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاراخانىلار، سامانىلار، سەلجۇقىلار، غەزنەۋىلەر ۋە خارەزىم شاھلار دەۋرىدىكى مول يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن تۆمۈرىيلەر «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىنىڭ جەنۇب قوشنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا كۆپ تەرەپلىمە تەسىر كۆرسەت-كەندى. بولۇپمۇ «ئالتۇن ئوردا» ئاھالىسىنىڭ بىر ياقتىن «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن، يەنە بىر ياقتىن غەرب قوشنىلىرى ۋە ئىسلام ئەللىرى بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلەردە بولغانلىقى ئىگىلىك ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋرگە يەتكەندە، تاتار-لارنىڭ ئەدەبىي تىلى ۋە يازما ئەدەبىياتىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

## 2

تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن «ئالتۇن ئوردا» دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ تىلنى تەكشۈرۈشتە، قەدىمكى بۇلغارلاردىن قالغان قەبرە تاشلىرى ۋە 1303 - يىلى يېزىلىپ ۋېنىتسىيە شەھە-رىدىكى مۇقەددەس ماركوس ناملىق كەلىسە (چېركاۋ) نىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان مەشھۇر شائىر فرانچىسكو پىتىرار تەرىپىدىن ۋېنىتسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ھەدىيە قىلىنغان كىتابلار ئارىسىدىن تېپىلغان «كودىكس كۇمانىكۇس» (قۇمان مەجمۇ-ئەسى) دېگەن كىتابتىن سىرت، مۇھىمى «ئالتۇن ئوردا» خانلىرىنىڭ يارلىقلىرى، «نەھجۇل فەرادىس» كىتابى ۋە شائىر

خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سى قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئالتۇن ئوردا» خانلىرىنىڭ رۇس كىنەزلىرىگە يېزىلغان يارلىقلىرىدىن، ھازىر پەقەت رۇسچە تەرجىمىسىلا ساقلىنىپ قالغان يەتتە پارچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەسلى نۇسخىسى بويىچە، ساق قالغان ئۈچ پارچە، يارلىق شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسلىق دەلىلى ھېسابلانماقتا. بارتولىد ۋە فۇئاد كوپرۇلۇ قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، 1379 - يىلىدىن 1391 - يىلىغىچە، بولغان ئارىلىقتا، توختامىشخان بىلەن تۆمۈر قۇتلۇق خان تەرىپىدىن ئۆز تەۋەسىدىكى قارام خانلىقلارغا چىقىرىلغان بۇ ئۈچ پارچە يارلىقنىڭ بىرى ئەرەب يېزىقىدا، يەنە بىرى ھەم ئەرەب ھەم ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۈچىنچىسى تامامەن ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ يارلىقلارنىڭ تىلى مەسىلىسىگە كەلگەندە، شەرقشۇناسلاردىن بەزىلىرى: «بۇ يارلىقلار ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان» دېسە، ۋامبېرى «تۆمۈر قۇتلۇق» يارلىقىنىڭ يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ؛ رادلوف بولسا بۇ يارلىقلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاكامۇللاشقىنىدىن ئىبارەت بولغان ۋە كېيىنچە «چاغاتايچە» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەتئىي قىلىپ كۆرسىتىدۇ. 1397 - يىلى چىقىرىلغان تۆمۈر قۇتلۇق خان يارلىقى ئۈستىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئۆتكۈزگەن ئالىملار بۇ يارلىقنىڭ جەمئىي 156 تۈپ سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، بۇ 156 سۆز ئىچىدە ئومۇمىي تۈركىي سۆز 50، شىمال تۈركچىسى 28، غەرب تۈركچىسى 13، ئۇيغۇرچە 44، ئەرەبچە 14 ۋە يەرلىك (نوغاي) شىۋىسى يەتتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئۆتكەچ «ئالتۇن ئوردا» يارلىقلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن تىلدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بىر ياقتىن، ئۇيغۇر

تىلىنىڭ چىڭگىز ئۇردىلىرىدا ئىشلىتىلگەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر ياقتىن، بۇ تىلىنىڭ قىپچاق تىلىغا يېقىن تىل بولغانلىقىدۇر② دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

«نەجھۇل فەرادىس» (جەننەتلەرنىڭ ئوچۇق يولى) ئۆز نامىدىن بىلىنىپ تۇرغىنىدەك، بىر دىنىي ئەسەر بولۇپ، مىلادى 1357 - يىلى «ئالتۇن ئوردا» نىڭ پايتەختى ساراي شەھىرىدە يېزىلغان. ئاپتورى مەھمۇت بىننى ئىلى دېگەن كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ كىتاب ھەققىدە تۇنجى قېتىم تەتقىقات ئېلىپ بارغان تاتار ئالىمى شاھابىدىن مارجانى ۋە تۈركىيە ئالىمى فۇئاد كوپرۇلۇ ئۇنىڭ تىل نۇسخىسىدىن پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەسەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇنى پروفېسسور فۇئاد كوپرۇلۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن: «بۇ بۈيۈك ئەسەر يالغۇز فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئىچىدىكى سۆزلۈكلەر ئېتىبارى بىلەنمۇ، ناھايىتى باي ئەسەردۇر. «نەجھۇل فەرادىس» XIV ئەسىر ئەسناسىدا تۈركىي «خاقانىيە» ئەدەبىي تىلىدىن، چاغاتايچە، تۈركىي ئەدەبىي تىلىغا ئۆتۈشتىكى تاكامۇل سىلسىلەسىنىڭ مەھسۇللىرىدىن بىرى ۋە بەلكى تىل تارىخى نۇقتىسىدىن ئەڭ مۇھىمىدۇر.»③

«ئالتۇن ئوردا» دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن: قۇتبىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»ى، ھوسام كاتىپنىڭ «جۇمجۇمەنامە» سى ۋە باشقا شائىرلار يازغان غەزەللەرنىڭ تىل جەھەتتىن «چاغاتايچە» گە مەنسۇپلۇقى ئېنىقمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بولۇپمۇ، خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

پروفېسسور فۇئاد كوپرۇلۇنىڭ «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»

ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» ④ قاتارلىق ئەسەرلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خارەزمىنىڭ 1353 - (ھەجرى 754) يىلى يېزىلغان «مۇھەببەتنامە» سى مەسنەۋى شەكلىنىڭ «مەفائىلۇن، مەفائىلۇن، فەئۇلۇن» ۋەزنىدىكى 11 پارچە نامە-دىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ھەققىدە پروفېسسور فۇئاد كوپرۇلۇ مۇنداق دەيدۇ: «شائىرنىڭ ئۆزى خارەزىملىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسىرىدە قىپچاق تىلىنىڭ تەسىرى كۆرۈنمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، «مۇھەب-بەتنامە»، «ئالتۇن ئوردا» ئەسەرلىرى ئارىسىدا، XIV ئەسىر چاغاتايچىسىغا ئەڭ يېقىن، ھەتتا بەئەينى شۇنىڭ ئۆزىدەك بىر ئەسەردۇر.... خارەزىمىنىڭ ئۆزى بولسا، بۇ كونا كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ XIV ئەسىردىكى ئەڭ بۈيۈك شائىرىدۇر.» ⑤

بۇلاردىن تاشقىرى، «ئالتۇن ئوردا» دەۋرىگە مەنسۇپ مېتال پۇللارنىڭ ئۈستىگە «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن ئۇيغۇرچە ئىبارە يېزىلغانلىقى، ⑥ «ئالتۇن ئوردا» نىڭ سارايچىق شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان كوزىغا «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى:

ئۇقۇش كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز. ⑦

دېگەن بېيىتنىڭ نەقىش قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ «ئالتۇن ئوردا» دىكى تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلاردۇر.

چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تۆمۈر تۇغرىسىدا خەلق ئاغزىدا ساقلانغان قىسسە - رىۋايەتلەر ئاساسىدا، نامەلۇم بىر كىشى

تەرپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان ۋە 1819 - يىلى تاتار ئالىمى ئىبراھىم ھەلفى تەرپىدىن قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «داستان چىڭگىزخان ۋە ئاقساق تۆمۈر» ناملىق كىتاب (بۇ كىتابنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ باسما نۇسخىلىرى بار) «ئالتۇن ئوردا» دەۋرىدىكى تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە يازما ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىشتە مەئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە شۇ كىتابتىن كىچىككىنە بىر پارچىنى مىسال كەلتۈرىمىز.

«... بىلىڭلاركىم، ئۇيغار يۇرتىنىڭ نىشانى - بەلگىسى ئول تۇرۇر كىم ... ياۋ ئەلگە، يات نەۋكەرگە، سىرىن ئەيتماسلار، ئۇلۇغلىرىن تورگە كەچۇرۇر، كىچىكلىرىن خىزمەت قىلدۇرۇرلار. يەنە بىلىڭلاركىم، ئوغماس يۇرتنىڭ نىشانى - بەلگىسى ئول تۇرۇركىم، ئۆز يۇرتۇن ياماندار، كىشى يۇرتۇن ماختار، ئۆز ئاغاسىن ياماندار، كىشى ئاغاسىن ماختار، ئۆز ئۇرۇغىن ياماندار كىشى ئۇرۇغىن ماختار ... قوش چويمىگان قوش چويسا، قارغا بىرلان قاز ئالدۇرارمەن دېر، تەرە كۆتمىگان تەرە كۆتسا، كىشى ئىپتىن يېرمەن دېر، كۆن كورماگان كۆن كورسە، ئىتۆكىنى كىمان (كېمەيدەن) دېر، مال تاپمىغان مال تاپسا، كىشىنى كۆزگە ئىلمان (ئىلمايەن) دېر ...» ⑧

بۇنىڭدىن مەزكۇر ئەسەرنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن «چاغاتايچە» گە نەقەدەر يېقىنلىقىنى، بەدىئىي جەھەتتىن نەقەدەر پەسەئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «جامىئۇتتە-ۋارىخ» ⑨ نىڭ تاتارچە تەرجىمە نۇسخىسى ۋە تاتارلار ئارى-سىدا كەڭ تارقىلىپ، كۆپ ئوقۇلغان «تەۋارىخ بۇلغارىيە» ⑩ قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبى توغرىسىدىمۇ شۇنداق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

XIII ئەسىردىن ئېتىبارەن تاتار ئەدەبىياتىدا مۇھىم

سابىقى ئىگىلەشكە باشلىغان تەسەۋۋۇپچى شائىرلاردىن ئىلى چوقرى ئابدۇرېھىم ھەزرەت، ئوبۇلمىنە، ھەبىبۇللا ئىشان، شەمشىدىن سوپى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادى «ئالتۇن ئوردا» دەۋرىدە باشلانغان تاتار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولدى. تاتار ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋرىدە بولۇپمۇ شەمسىدىن سوپىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى بەكمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

1825 — 1865 - يىللىرى ياشىغان شەمسىدىن سوپى (يار ئەخمەت ئوغلى) تۇغما ئەما بولغىنىغا قارىماي، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىي مەدرىسىلىرىدە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇغان ۋە ئۆزىمۇ مەدرىسە ئېچىپ، شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇ، تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي، ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نىسبەتەن «مەن بۇ خەلقنىڭ رەسىم قائىدىسى بىلەن ئىش قىلمايمەن، شۇڭا مېنى دىۋانە دېيىشىمۇ مەيلى» دەپ، «بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىڭ- چىڭ دەسسەپ، يولدا ئۇچرىغان توسقۇنلۇقلارنى يىقىتىپ، ئۆز غايىسىگە ئىنتىلگەن بىر قەھرىمان ئىدى»[11] ... ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىجادى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن تەسەۋۋۇپچى شائىرلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىنكى تاتار تەسەۋۋۇپچى شائىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇللا توقايمۇ، ئۇنىڭ تالانتى ۋە ئىجادىي مىسرالىرىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى تەسەۋۋۇپچى شائىرلار تەسبىھ تىزمىسىنىڭ «مەرىيەم ئانىسى» دەپ ئاتىغان. مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزا ئەددىن بىننى پەخرىددىن ھەزرەت ئۇنى «ئاجايىپ بىر دۇنيا»[12] دەپ ئاتاپ، مەشھۇر ئەرەب شائىرى ئەبۇلئەلا مەئەررىگە تەڭلەشتۈرگەن.

بەزى تاتار ئالىملىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تاتار

ئەدەبىياتى ئۇ ئارقىلىق ئەخمەت يەسەۋى دەۋرىگىلا ئەمەس، ھەتتا چاغاتاي كلاسسىكلىرى ئەلشىر نەۋائىلەرگىمۇ ئۇلاندى. ئۇ تاتار-چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى.

ئۇنىڭدا چاغاتاي كلاسسىكلىرى تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى تۆۋەندىكى مىسرالىرىدىن كۆرىمىز:

ئىستەسەم ئالەمدە سەندەك يارى بولغاي بولمىغاي،
بولسا بولغاي سەن كەبى غەمخۇۋارى بولغاي بولمىغاي،

بۇ جاھانىڭ شەھىرىنىڭ بازارىنىڭ سوداسى كۆپ،
قىل بۇ سودانى يەنە بازارى بولغاي بولمىغاي.

ئات سىپىنىڭ ئاستىدادۇر، يۈرگىل بۇ يەرنىڭ ھەددىن ئال،
ناگىھان ئول ئات سىپىنىڭ ئاستىدە بولغاي بولمىغاي.

قارچىغا قولۇڭدادۇر، ئۇۋلا بۇ كوڭلۇڭ شەھىرىنى،
ناگىھان ئول قارچىغا ئۇندەۋگە، كەلگەي كەلمەگەي...

«ئالتۇن ئۇردا» دەۋرىدىن تارتىپ XIX ئەسىر ئاخىرلىرىغىچە تاتار ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە «چاغاتاي ئەدەبىياتى» تەسىرىنىڭ بۇ قەدەر چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ياكى ئەجەبلىنەرلىك ھال ئەمەس. چۈنكى XIV ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي قىپچاق دالاسىدا ياشىغۇچى بىرمۇنچە تۈركىي قەبىلىلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان تىل «چاغاتاي تىلى» ئىدى، مۇئەييەن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ

قالغان بۇ تىل، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن «خاقانىيە» تىلى (يەنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەشقەر تىلى) ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەمدە بۇ تىلغا ئۇيغۇر-قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى دىئالېكت ئاساسى بولۇپ بەرگەن. بىرمۇنچە تۈركولوگلارنىڭ ئەخمەت يەسەۋى تىلىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلىدىن تامامەن دېگۈدەك پەرقسىز، يەنى ئەدەبىي «خاقانىيە» تىلى ئىكەنلىكى، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىنى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنىڭ داۋامىغا كىرگۈزۈش تامامەن توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بۇنى ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بەرگەن. شۇنداقلا، «چاغاتاي تىلى» شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلىدىن خېلى پەرقلىق ئىكەنلىكى، بۇ تىل گەرچە ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوغۇز-قىپچاق تىللىرى ئامىللىرىنىڭ ساقلانغانلىقىمۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان پاكىتتۇر.

تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ تىل بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئەدەبىيات XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەكىللىنىشكە باشلاپ، XV ئەسىردە تاكامۇللىشىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈش بىلەن تارىم ۋە ماۋەرائۇننەھر ۋادىلىرىدىن ئېشىپ، قىپچاق سەھرالىرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن تاتارلارنىڭمۇ ئەدەبىياتى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاتار ئالىمى ئى. ئەزىزنىڭ «XIX ئەسىرگە قەدەر چاغاتايچە تىل بىزنىڭمۇ ئەدەبىي تىلىمىز، چاغاتاي ئەدەبىياتى بىزنىڭمۇ ئەدەبىياتىمىز بولۇپ كەلگەن»[13] دېيىشى ھەقلىق ئىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن، تاتار ئەدەبىياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بەزى تاتار

ئالىملىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاتار ئەدەبىي تىلىدا ئاناتولى — ئوسمانلى تۈرك تىلىنىڭ تەسىرى چاغاتايچىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر دەرىجىگە كېلىپ يەتتى. ھەتتا چاغاتاي تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا-ئاستا سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. بۇنى شۇ دەۋر تاتار چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولغان شەمسىددىن سوپىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

بەن بۇ خەلقىڭ رەسمىلە ئىش قىلمازىم،
شۇيلە سانۇرلەركى بۇ دىۋانەدىر.

نتە كۆڭۈل ۋېرەرىم بۇ دۇنياغا،
نەقەدەر ياپسام ھامان ۋەيرانەدىر.

بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن، رۇس ۋە بەزى ئىسلام ئەللىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تاتار مەدەنىيىتىدە ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تىل بىلەن يارىتىلغان تاتار ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە شاھابىددىن مارجانى، ئىبراھىم ھەلەفىن، رىزا ھەزرەت، ئىسمائىل غاسپىرىنسكى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرى باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ قازان، ئۇفا، قىرىم شەھەرلىرىدە تەسىس قىلغان بىر قاتار مەتبۇئات ۋە نەشرىيات مۇئەسسەسەلىرى چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ، 1905 - يىلىدىكى بىرىنچى رۇس ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سۇلتانلىق تۈزۈمىگە قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى تاتار يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەجىت غاپۇرى، فاتىخ ئەمىرخان، ئابدۇللا

توقاي، سەئىت رەمىيېف، غالىمجان ئىبراھىموۋ قاتارلىق بىر تۈر-
كۈم ئەدىب ۋە شائىرلار يېتىشىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىيا-
تىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغلاردىكى
تاتار ئەدەبىياتى روسىيە تاتارىستان دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆ-
تۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە خەلقلەر بىلەن شىنجاڭ
ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

بۇ جەھەتتە، قازان، قىرىم، ئۇفا شەھەرلىرىدە نەشىر قى-
لىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار، «شۇرا» مەجمۇئەسى بىلەن
«ۋاقىت» ۋە «تەرجىمان» ناملىق گېزىتلەرنىڭ رولى چوڭ
بولدى. بۇ مەتبۇئات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى
تاتار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئىمكانى-
يىتىگە ئېرىشكەندەك، تاتار خەلقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مول مەدە-
نىي مىراسلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ئىمكا-
نىيىتىگە ئېرىشتى. چۈنكى، بۇ مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە راب-
غۇزى، لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك ئۇي-
غۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللار ئېلان
قىلىناتتى. ھەتتا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدىب ۋە شائىرلىرى،
مەسىلەن: ئابدۇقادىر داموللا، نەزەر خوجا (ئۇيغۇر بالىسى)
نىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى «شۇرا» مەجمۇئەسىدە بېسىلىپ تۇ-
راتتى ۋە بەزى ئۇيغۇر ئەدىب - ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرى مەسى-
لەن: موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە»، موللا بىلالنىڭ
«غازات دەرمۈلك چىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى قازاندا نەشىر
قىلىنىپ، كەڭ تارقالغان. شىنجاڭ بىلەن تاتارىستان ئوتتۇرىسى-
دىكى سودا - تىجارەت ۋە مەدەنىي ئالاقىلەر، مەسىلەن: ئۇيغۇر
مەرىپەتچىسى مەقسۇت مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ تاتارىستانغا سەپەر-
لىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ يەردىن شىنجاڭغا كەلگەن تاتار
مائارىپچىلىرىمۇ چوڭ رول ئوينىدى.

يېڭى زامان تاتار ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ تاتار شېئىرىيىتىنىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە قوشنا ئەللەرگە تەسىرى ئالدى بىلەن ئابدۇللا توقاي، كېيىنچە، سوۋېت تاتار شائىرى ھادى تاختاش ئىجادىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

بولۇپمۇ ئابدۇللا توقاي-نىڭ تاتار مىللىي شېئىرىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى بىرەر مەۋجۇت ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. ئابدۇللا توقاي باھاردا چېقىلغان چاقماقتەك قىسقىغىنە ئۆمرىدە تاتار ئەدەبىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ، توغرىسى، پۈتۈن بىر دەۋرنى ياراتقان گېنىئال شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن تاتار پوئېزىيىسى ئاسمىنىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس پارلاق يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ ئۆمرى «شاھنامە»، «خەمسە نىزامى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «يېۋگېنى ئونېگىن»، «فائۇست» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شاھ ئەسەرلەرنى يارىتىشقا يار بەرمىگەن بولسىمۇ، ياكى ئۇنىڭ ئۆزى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى ۋە باشقا بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلارغا ئوخشاش زور پەلسەپىلىك پىكىرلەر دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، تاتار مىللىي تىلىدا نەق گۈزەل شېئىرلار يارىتىش مۇمكىنلىكىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلىپ، تاتار ئەدەبىي تىلىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى؛ تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئىلغار رومانتىزم مېتودىنى تۇنجى بولۇپ تاتار شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىرىپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سىياسىي لىرىكىلىرى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى؛ تاتار شېئىرىيىتىنى ئوتتۇرا ئەسىر قاتماللىقى بىلەن قېلىپبازلىقىدىن ئازاد قىلىپ، خەلقچىل، مىللىي شېئىرىي ئۇسلۇب ياراتتى؛ تاتار خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى شېئىرىي پىكىرلەرگە سىڭدۈرۈپ، شېئىرنىڭ ئىنسان قەلب-

نىڭ تارلىرىنى تىترىتەلەيدىغان مۆجىزە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. تاتار شېئىرىيىتىدىكى مەدھىيىچىلىك بىلەن مەرسىيىچىلىككە خاتىمە بېرىپ، رېئال تۇرمۇش كارتىنىسىنى شېئىر مىسرالىرىدا جىلۋىلەندۈرۈپ، تاتار جەمئىيىتىدىكى ئاچكۆز، بېخىل بايلار بىلەن مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ ھەجۋى تىپلىرىنى، تاتار مۇژىكى (دېھقىنى) بىلەن ھوقۇقسىز تاتار خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى ۋە نالە - پىغانلىرىنى، ھەتتا تاتار ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلب ئىنتىلىشلىرىنى گاھ بىر ئۇستا رەسسام، گاھ بىر مۇغەننى (مۇزىكانت) سۈپىتىدە شېئىرىيەت سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم يورۇتۇپ بەردى. توقاي ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى،

مەن تاتارمەن، مەن تاتارمەن،
تاتار ئۈچۈن جان ئاتارمەن.

دېگەن مىسرالارنى يازغان شائىر، ئەينى چاغدا ئۆز مىللىتى ئۈچۈن قانداق «جان ئېتىش» نىڭ پارلاق ئۈلگىسىنى، يەنى ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر شائىر مىللەتنىڭ پارلاق تەرىپىنىلا ئەمەس، قالاق تەرىپىنىمۇ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، ئۇنى مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ، مىللەت ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان نادانلىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەشتە دۈشمەنلىرىنىڭ «ئىتتىنىمۇ كۆپىيىپ كەتكىنى» گە قارىماي ئاخىرقى دېمىدە:

دوستلىرىم، قەرداشلىرىم، سىز موللىلارغا ئېيتىڭىز،
ئوقۇسۇن بۇ ئىككى قۇرنى مېنى كۆمگەچ قەبرىمە.

دەپ ۋەسىيەت پۈتكەنگە قەدەر قەلىمىنى توختاتمىدى. قىسقىسى، ئابدۇللا توقاي شۇ ۋاقىتتىكى پۈتۈن تاتار جەمئىيىتىنى

كىچىككىنە بىر پارچە ئەينەككە سىغدۇرۇپ، ئۇنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەينەكنى «تۇغان تىل» (ئانا تىل) دا زابانغا كەلتۈرۈپ، تاتار خەلقىنىڭ قەلب ساداسىنى ياڭرىتىپ بېرەلىگەن بۈيۈك رېئالىست سەنئەتكار.

پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تاتار خەلقىنىڭ زۇلۇم — ئىستىبدات، قۇللۇق - ئاسارەت، قالاقلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىيات، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە بېغىشلىغان ۋە ئاخىر بۇ شانلىق كۈرەش مەيدانىدا،

بىتتى كۈچ، سۇندى قىلىچ، قايتمادى ئۈچ، شۇل بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزۈم، دۇنيانى پاكلى ئالمادىم.

دەپ، چىركىن دۇنيانى پاكلىيالمىغانلىقىغا ھەسرەت قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئابدۇللا توقاي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى تاتار خەلقى ئۈچۈن قانداق سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئوبيېكتىپ ئامىللار تۈپەيلى ھەر بىر ساۋاتلىق ئۇيغۇرنىڭ ئابدۇللا توقاي بىلەن تەبىئىي تونۇش ۋە ئاشنالىقى بولغىنىدەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا توقاي تەسىرىنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىدى. ھېچ بولمىغاندا ئابدۇللا توقاينىڭ بىرەر كۇپلېت شېئىرىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر شائىرى يوق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتتا مەيلى قاچان ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزئارا ئالاقە ۋە تەسىر كۆرسىتىش تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە. بۇ ھال دەۋرنىڭ تەرەققى-

ياتقا ئەگىشىپ راۋاجلىندى. جاھان ئەدەبىياتىدا بۇنىڭغا مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، رابغۇزى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، نەۋائى ۋە باشقىلار ئۆز دەۋرىدە قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكىنىدەك، كېيىنكى زامانلاردا مەشرەپ، ھۇۋەيدا، مۇقىمى، فۇرقەت، ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي) قاتارلىق ئۆزبېك كلاسسىكلىرى بىلەن پۇشكىن، لېرمونتوۋ، تولستوي قاتارلىق رۇس كلاسسىكلىرى ۋە گوركى، ماياكوۋسكى، ھادى تاختاش، ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىق سوۋېت ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى بىلەن لۇشۇن، گومورو قاتارلىق ئىلغار خەنزۇ ئەدەبىياتى نامايەندىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

توقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن زاماندىش ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ جەھەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. مەيلى تېما ۋە مەزمۇن مەيلى تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن: ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا توقاي تەسىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاتار تىلىدا يازغان شېئىرىمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20-ۋە 30-يىللار شارائىتىدا قاتمۇ قات جەبىر-زۇلۇم ئاستىدا ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان، جاھالەت ھەم خۇراپات قۇربانى بولۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى، تەڭلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، قالاقلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، يەر شارىدىكى باشقا

ئازاد مىللەتلەر قاتارىدا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىي ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، شۇ يولدا «ئاتاپ قويدۇم ئۆزۈمنى، مەيلى بولسامۇ مىڭ پارە» دەپ، ئاخىرقى دېمىغىچە كۈرەش قىلىپ، دۈشمەن قىلىچىدا پارە-پارە قىلىنغان ئوت يۈرەك شائىر ئىدى. ئۇمۇ توقايغا ئوخشاش قىسقىغىنە ئىجادىي ھاياتىدا مەزمۇن، شەكىل، تىل، ئۇسلۇب ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تامامەن يېڭى بىر دەۋر ياراتتى. ۋاقىت ۋە سەھىپە چەكلىمىسى ۋەجىدىن، شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختالماي، پەقەت بىرلا نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە:

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭ گاھ غەم-قايغۇ، ھەسرەتلىك كىنايە، ئاچچىق غەزەپ، كۈچلۈك نەپرەتلەر بىلەن، گاھ قاتتىق نىدا، ئوتلۇق خىتابلار بىلەن تولغان لىرىكىلىرى، ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال جەمئىيەت ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئامىللارنى پاش قىلغان ئۆتكۈر ساتىرا-ھەجۋىلىرى بۇ پىكىرنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. شائىر تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، زۇلۇم-ئىستىبداتقا قارشى «قىلىچنى قان بىلەن بوياپ» مىللەتنى ماددىي كىشەنلەردىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپلا قالماي، بەلكى مىللەتنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان ۋە كېيىن يۇقتۇرۇۋالغان كېسەللىكلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىنمۇ ئازاد قىلىشقا تىرىشقان، نىيىتى ئاق، دورىسى ئاچچىق خالىسكار تېۋىپ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، بۇ جەھەتتىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇشۈن، ئاباي ۋە ئابدۇللا توقايغا ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇللا توقايغا ھەممىدىن كۆپرەك ئوخشاپلا قالماستىن، بەلكى بىرمۇنچە جەھەتلەر-

دە ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەسىرلەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن، توقاينىڭ «بىزنى ئورۇنسىز يامانلىسىلار» (يامانلايدۇ) دېگەن شېئىرى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «باردۇر» دېگەن شېئىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كۇپايە (سەھىپە چەكلىمىسى ۋەجىدىن، ھەر ئىككى شېئىرىدىن پەقەت بىر نەچچە مىسرانىلا مىسال كەلتۈرىمىز):

سادائەت بىزدە يوقمىش، بولماسا يالغانىمىز باردۇر،
نىفاق ۋىستافكاسىندا* كۆپ مېدال ئالغانىمىز باردۇر.
نازافەتكە رىئايەت يوق ئىمىش بىزدە، نە بوھتاندۇر،
ئانىڭ چۈن يۇرت سايىن بىزنىڭ بىرەر قومغانىمىز باردۇر.
سائائەت يوق، ھۈنەر يوق دېپ يامانلىلار ئورۇنسىزغا،
يەھۇددىدىن جىگەل مال ئاپقۇچى ئىشانىمىز باردۇر.
خۇدىۋژىنكلار ۋە رەسسامىلەردە باردۇر، يوق دىيالماسلار،
مەدىنە، مەككەدە تۆرلى بويىاۋ ساتقانىمىز باردۇر.
تاغىن بىزدە غىلىم ــ پەن ئەھلى ــ زىيالىيلار يوق دىلەر،
ئوتۇز يىللاپ بۇخار ــ قارغاسىدا تۇرغانىمىز باردۇر.
ــ ئابدۇللا توقاي

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۇل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بىرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
ئومۇمنىڭ پايدىسىنى يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا، ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە، بىرىپ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.

* ئىمتىياقسىزلىق كۆرگەزمىسىدە.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي، بىرگە ئۇنى ئېيتىپ قاتقانىمىز باردۇر.
بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت، جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋۇلۇغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەلباغلىغانلارغا تۈرلۈك تۈمەن بوھتانىمىز باردۇر.
— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

مۇنداق مىساللارنى نامايىتى كۆپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە توقاي تەسىرىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە توقاي ئىجادىيىتىنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك مەرىپەتچىسى بولۇش جەھەتتىن قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابايدىنمۇ تەسىرلەنگەنلىكى ئېنىق. بىراق، ئۇ يالغۇز مەرىپەتچىلا ئەمەس، ئىزچىل دېموكرات ئىنقىلابچى بولغانلىقى جەھەتتىن قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىسى ئابايدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە ئۆز ئانا تىلىدا مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ دەردىنى كۈيلەپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىن ئازاد قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان مىللىي ۋە مەرىپەتچى شائىر بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايغا ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئىنقىلابچى ئۈمىدۋار شائىر بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايدىنمۇ كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاباي، ئابدۇللا توقاي ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدەك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدى-

يەتتىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيى مىراسلىرىنى تەپسىلىرەك تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭدا چاغاتاي، رۇس كلاسسىكلىرى ۋە ئابدۇللا توقاي تەسىرى بىلەن بىللە سوۋېت شائىرلىرى تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلابىي دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن «4-ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئىلغار خەنزۇ ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ 1916-يىلىدىن ئېتىبارەن، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بىرقانچە قېتىم بېرىپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغانلىقى ۋە مەتبۇئات ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابىي پىكىر ئېقىملىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

تارىختىن بۇيان، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تەسىرلىنىش مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز ياشناپ گۈللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان يېقىن مۇناسىۋەت ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ ھال، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىزاھلار:

① قىپچاقلارنى ياۋروپالىقلار «قومان»، رۇسلار «پولوۋېتسى» دەپ ئاتايتتى. ھاممىر «پولوۋېتسى» دېگەن سۆزنىڭ رۇسچە «ЦОЛЕ» (دالا) دېگەن سۆز بىلەن «ئوغۇز» دېگەن سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئالغا سۈرىدۇ (ھاممىر: «ئالتۇن ئوردا تا-

رىخى» 22 - بەت).

② «تاتار ئەدەبىياتى تارىخى»، قازان، 38 - بەت.

③ م. فۇئاد كوپرۇلۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980 - يىل ئىستانبۇل نەشرى، 294 - بەت.

④ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركىيە نەشرى 282 - بەت.

⑤⑥ م. فۇئاد كوپرۇلۇ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» تۈركىيە، ئىستانبۇل 1980 - يىل نەشرى، 306 -، 229 - بەت.

⑦ 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشىر قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنىڭ 274 - بېتىگە قارالسۇن.

⑧ «تاتار ئەدەبىياتى تارىخى»، 93 - بەت.

⑨ بۇ كىتاب مەشھۇر تارىخچى ئەردەشىر ئىمادۇت دەۋلە ئوبۇلخەيرى تەرىپىدىن 1310 - 1311 - يىللىرى پارس تىلىدا يېزىلغان، پارچە يېزىشنى ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن موڭغۇل نەسلىدىكى خانلاردىن ئازادخان ئۇنىڭغا تاپشۇرغان.

⑩ بۇ كىتاب 1551 - 1582 - يىللىرى مۇسلىمى دىگەن كىشى تەرىپىدىن تەسنىپ قىلىنغان.

⑪ «تاتار ئەدەبىياتى تارىخى»، 189 - بەت.

⑫ يۇقىرىدىكى ئەسەر، 47 - بەت.

⑬ يۇقىرىدىكى ئەسەر، 73 - بەت.

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتى*

1

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىمكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20-، 30-يىللار شارائىتىدا ياشىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي دېموكرات ۋە ئەركىنلىك، مەرىپەت ھەم تەرەققىياتنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى ئىدى.

شائىر شۇنداق بىر زاماندا ياشىدىكى، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ: مەنچىڭ خانىدانلىقى غۇلاپ، ھەممە خوش ۋە پۇت-قولى بوش بولغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئۆلكىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان مىلىتارىستلار جۇڭگونى يىگىرمە ئىككى پارچىغا بۆلۈۋەتكەن، جۈملىدىن، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا جاڭجۈن بولۇۋېلىپ، بۇ يەرنى بۆرە پاخلان تېپىۋالغاندەك، يۇتقۇدەكلا يەۋاتقان، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان جىن شۇرېن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھەممىنى قۇلۇم دەپ، ھايۋاندەك زۇلۇم قىلىپ، دەپسەندە قىلىۋاتقان، زۇلۇم ۋە جاھالەت ھامىيلىرى بولغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ قازى-موللىلار ئۇلارنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ، دەپ پەتىۋا بېرىۋاتقان، ھاكىممۇتلەقلىق تەختىگە مىنگەن يەتتە

---

* بۇ ماقالە 1987-يىل 5-ئايدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە بېغىشلىنىپ، تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە شۇ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 8-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

اشلىق يالماۋۇزلار يىلان ـ چايانداك ھەممە يەركە يامراپ،
خەلقنىڭ قېنىنى شوراش ھېسابىغا توڭگۇزدەك سەمرىۋاتقان،
زۇلۇمى ھەججاجدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن زالىملار دەستىدىن ئەم-
گەكچى خەلق كۆزىنى ئېچىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۇي-
دەك قۇلدىنمۇ بەتتەر ھالدا قۇرۇق جېنى بىلەن قېلىۋاتقان،
قىسقىسى، ھۆسن ـ جامالدا جەننەتتى فىردەۋسىمۇ تەڭ كېلەلمەي-
دىغان بۇ گۈزەل ماكان كۈندۈزى كۈن تۈگۈل، ھەتتا كېچە-
لەردە ئايىنىڭ دىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان دوزاخقا ئاي-
لانغان زامان ئىدى. يەنە شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، جاھا-
لەت ۋە نادانلىق بۇلۇتى مەرىپەت قۇياشىنىڭ يۈزىنى توسۇپ،
نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىك بىر سەنئەت ھېسابلانغان، پەلەك
شۇ ئەقىلسىز ـ نادانلىقنى ئاسرىغاچقا، جاھىللار كۈچ ـ قۇۋۋەت
تېپىپ، ئەقىل ـ پەزىلەت ئەھلى خار بولغان، زامانە زورۇ-
زومبۇنىڭ، تاماشا كورىنىڭ بولۇپ، ھەقىقەت تۆھمەتخورلىرى-
نىڭ مېلى خېرىدار تاپقان، كىمكى مەرىپەتتىن گەپ ئاچسا،
«كاپىر ـ جەددى» دەپ تىل ـ ھاقارەت، تەنە ـ دەشنام ئاستىدا
قارغىشقا قالدىغان، بۇلبۇل ئورنىغا ھەربىر شاختا قاغىلار قونۇ-
ۋالغان زۇلمەتلىك زامان، تىكەنلىك زامان، قارىغۇ زامان، ھاردۇقى
يوق، تېۋىپى يوق دەردلىك زامان ئىدى.

XI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، بوۋىمىز
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى زۇلمەت ـ جاھالەت
دەستىدىن:

«ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن ـ تۈن ئىچۈك يۈك يۇدەي مەن،
چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايىسىنى ئۇراي مەن!»

دەپ زارلانغان بولسا. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ:

«ئازغىنە بىر ئىستىراھەتنى تىلاي ھاسىل دېسەم،
ھېچ ئارام بەرمەس ماڭا تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ.
گاھى ئوخشارمەن مۇھىت ئاتلاسىدا بىر كېمىگە،

تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب.»

دېگەن مىسرالار بىلەن ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك زامان دەستىدىن نە ھالدا قالغانلىقىنى ئەرز ئەتكەنىدى. بىراق ئۇ ھېچقاچان ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى:

«قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر، ساچۇر نۇرىن داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ؟»

دەپ كېلەچەككە ئۈمىدۋار قاردى. چۈنكى شائىرنىڭ ھايات ۋە ئىجادىي پائالىيىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنداق بىر دەۋرگە توغرا كەلدىكى، بۇ چاغلاردا شىنخەي ئىنقىلابى ئۆزۈلكېسىل غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش غايىسى جۇڭگو ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى بولۇپ قالغان، روسىيىدىكى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسى ئارقىسىدا، جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى تېپىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئاتلانغانىدى. 1919 - يىلدىكى «4 - ماي» ھەرىكىتى ئۇنىڭ تۇنجى سىگنالى بولۇپ، بۇ سىگنال ئۆزۈن ئۆتمەي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ قوزغىغا ئاتلاندى. شىنجاڭنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە چېگرىداش ۋە يېقىن بولۇشى ۋە بۇ رېسپۇبلىكىلار خەلقلىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوخشاشلا تۈركىي تىل سىستېمىسىدا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، چارپادىشاھلىقى دەۋرىدىن تارتىپلا، شىنجاڭ بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا سودا-تىجارەت، ئۆزئارا زىيارەت ئالاقىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، جۈملىدىن، قەشقەر، ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردىن ھەر يىلى دېگۈدەك نۇرغۇنلىغان «يېتىمچىلەر» نىڭ روسىيە تۇپرىقىغا مەدىكارلىققا بېرىپ تۇرۇشلىرى، ئاندىن قالسا ھەج تاۋاب، تىجارەت ۋە

سایاھەت سەۋەبلرى بلەن مەلۇم ساندكى كشلەرنڭ شن-
جاڭدن بەزى ئسلام ئەللرگە بېرپ - كېلشلرى — مانا
شۇنداق ئاملار خەلق ئاممسنڭ مەملكەت ۋە دۇنيادكى
ھەرخل يېڭلقلاردن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ،
مللي ئازادلق، تەڭلك، دېموكراتيە ۋە تەرەققيات تەلەپ-
لرنڭ ئۆسۈشگە تۈرتكە بولدى، مۇستەبت ياڭ زېڭشن ۋە
جن شۇرېن ھۆكۈمەتلرى ئۆز ھۆكۈمرانلقنڭ ئۆمرنى
ئۇزارتش ئۈچۈن، ئچكى ئۆلكەلەر ۋە قوشنا ئەللەردن ھەر-
قانداق بر يېڭلقنڭ، بولۇپمۇ، ئلغار پكر ئېقملرنڭ
شنجاڭغا كرشنى قاتتق تەقپ قلغان بولسمۇ، جەمئيەت
تارخنڭ بۇ ئوبيېكتپ تەرەققياتنى توسۇشقا قادر ئەمەس
ئدى. خەلق ئاممسنى تېخمۇ ئويغتپ، كۈرەشكە ئاتلاندۇ-
رۇشتا خەنزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس ۋە باشقا تللاردكى
كتاب - ژۇرنال، گېزت قاتارلق ئجازەتسز سایاھەت قلندى-
غان مەنۋى قورالارنڭ ۋە بۇ قورالاردن بۋاستە پايدلن-
ئالايدغان زيالىلارنڭ رولى ئالاھدە بولدى.

شائر ئابدۇخالق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق زيالىلارنڭ
ئالدنقى قاتاردا تۇردغانلارنڭ بري ئدى. ئۇ جۇڭگونڭ
ئنقلابي ۋەزيېتدن ئوبدان خەۋەردار بولغاننڭ ئۈستگە،
شەخسەن ئۆزى سوۋېت ئتتپاقغا بېرقانچە قېتم بېرش ۋە ئۇ
يەردە مەلۇم يللار ئستقامەت قلپ، ئلغار پكرلەر ئېقمى
بلەن تونۇشۇش ھەم سوۋېت جەمئيەتدكى رېئال ھاياتنى
كۆزتش نەتجسدە ھاسل قلغان نەزەريۋى بلملرنى
شنجاڭ ئەمەليتگە تەتبق قلش ئارقسدا پەيدنپەي
يېڭچە دۇنياقاراشقا ئگە بولدى. زۇلۇم - ئاسارەت، جاھالەت
ۋە خۇراپات تۇمانلرى قاپلاپ كەتكەن ماكاندا كۈن - تۈنى
ئويقۇدن بدار، ئچى پۇشۇپ، كۆڭلى يېرم بولۇپ:

«ئەي پەلەك، بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىها بىزارمەن،
ئىستەدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارى مەن.»

دەپ زارلىنىپ، گاھ ئوت بولۇپ يانغان، گاھ دەۋر جەبرىدىن ئاھۇ-پىغانلار چېكىپ، چىقىش يولىنى تاپالماي، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، بېلىق كەبى ھەريان شۇڭغىغان شائىر ئاخىر «لېنىننىڭ گۈلباغىدىن» ئۆز يولىنى تاپتى. بۇ زۇلۇم ۋە ئاسارەتكە قارشى كۈرەش قىلىش، يەنى ئىنقىلاب يولى ئىدى. ئۇ ئەمدى:

«ئابدۇخالىق، ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.»

دەپ، «بەلباغنى ئالماپ ئىككى چېكىپ» مەيدانغا چۈشتى. ھەتتا:

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.»

دەپ قەسەمياد قىلىپ، جاللات قىلىچى بېشىدا ئويناپ تۇرغان ئاخىرقى مىنۇتلاردىمۇ، شۇ قەسىمى بىلەن «ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم!» دەپ مەردلەرچە قۇربان بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىنجاڭدا، بىر تەرەپتىن، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش ئەۋجىگە چىققان، ھەتتا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەت نامىمۇ يوقىتىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك-ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشىش ھەمدە جاھالەت، خۇراپات، قالاقلىق ۋە قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇش تەلەپلىرى كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان بىر تارىخىي دەۋردە ياشىدى ھەم ئىجاد قىلدى (شائىرنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى). ئاخىردا شۇ ھەق-

قانى تەلپۈنەر بىلەن 1931 - يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقان-لار قوزغىلىڭىغا ۋاسىتىلىك ۋە بىۋاسىتە ھالدا قاتنىشىپ، قوز-غىلاڭ كۈنلىرى شەرەپ بىلەن شېھىت بولدى. شۇڭا شائىر-نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى جەڭگىۋار ئورىگىناللىققا ئىگە. شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئۇ ھايات چاغدىلا، ھېچقانداق مەت-بۇئات ۋە نەشرىيات ۋاسىتىلىرى بولمىغان شارائىتتا، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى سۈپىتىدە تارىخ سەھىپىسىدىن مۇئەييەن ئورۇن ئېلىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

2

بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ يەنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر-لىرى نېمە ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن بەزى شائىرلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۇنتۇلۇپ كەتمەي، 60 نەچچە يىلدىن بېرى ياشاپ كەلدى ۋە مۇندىن كېيىنمۇ ياشاپ قالىدۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەك ھەم ئاسان، ھەم تەس بولسا كېرەك. ئاسان جاۋابتا «چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ياخشى يېزىلغان» دېيىش بىلەن كۇپايىلىنىش مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ-دىن يەنە «قانداق ۋە قايسى تەرىپتىن ياخشى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى شائىرنىڭ ھايات ۋە ئىجادىي پائالىيىتىدىن، يەنى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شائىرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىللار، ئېھتىمال، مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن:

بىرىنچى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى 20 -، 30 - يىللار شارا-ئىتىدا قاتمۇ - قات جەبر - زۇلۇم ئاستىدا ئىنسانىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان، جاھالەت ھەم خۇراپات قۇربانى بولىۋاتقان

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقى، تەڭلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇقى
ئۈچۈن، شۇنىڭدەك قالاقلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، يەر
شارىدىكى باشقا ئازاد مىللەتلەر قاتارىدا ئىجتىمائىي تەرەققىيات
ۋە مەدەنىي ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان ۋە بۇ يولدا
«ئاتاپ قويدۇم ئۆزۈمنى، مەيلى بولسامmu مىڭ پارە» دەپ،
ئاخىرقى دېمىگىچە كۈرەش قىلغان ئوت يۈرەك جەڭچى ئىدى.
ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى
ۋە ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرغان يالقۇن-
لۇق ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كېلىپ
چىقىشى جەھەتتىن مەنسۇپ بولغان سىنىپى ئۈچۈن ئەمەس،
مۇتلەق كۆپچىلىك سانىنى تەشكىل قىلغان ئەمگەكچى خەلق
ئۈچۈن ۋە ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ياشىدى ھەم كۈرەش قىلدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن، ۋەتەننىڭ
تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشى مەلۇم ۋەزىنگە سېلىنغان قانداق-
تۇر قاپىيىلىك سۆز تىزمىلىرىنىڭ دەبدەبىلىك ئاۋازىنى ئەمەس،
XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب سادا-
سىنى، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئاڭلايدۇ. بۇ
شېئىرلاردىن شائىرنىڭ زاماندىشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەكس
ساداسىنى ئاڭلىغان بولسا، XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى-
دىن باشلاپ تەڭلىك ۋە ئىنسانىي ھوقۇققا ئېرىشىپ، ئازاد
مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈگۈنكى زامان ئۇي-
غۇرلىرى ۋە باشقا خەلقلەر زۇلمەتلىك ئۆتمۈشنىڭ قەبىھ
مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئەسلەيدۇ ۋە بۈگۈنكى كۈننى تېخىمۇ
قەدىرلەش تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ.

شائىرنى مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن تۈپ

ئامىل ئۇنىڭ نېمىنى يېزىش، كىم ئۈچۈن يېزىش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە تاللىۋالغان تېمىلىرىنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ۋە ھەر بىر كونكرېت مەسىلىدە بايرىقىنىڭ روشەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن. چۈنكى سەنئەتكارنىڭ قانداق تېمىنى تاللاپ ئۇنى قانداق ھەل قىلىشى، ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۈپ مەقسىتىگە، مەيدان ۋە دۇنيا قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز دەۋرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنىڭ جىددىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان رېئال تېمىلارنى تاللىۋالغان ۋە ئۇنى ئىنقىلابىي دېموكرات شائىرغا خاس ئىرادە، مەقسەت، كۈچ ۋە ماھارەت بىلەن توغرا ھەل قىلغان.

ئىككىنچى، شائىرنىڭ قىممىتى شېئىرىدا، شېئىرنىڭ قىممىتى بولسا، ئۇنىڭدىكى پىكىر، يەنى مەنە ۋە ئېستېتىك ئامىللاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا شېئىر يازغان ياكى شېئىر بىلەن شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنغان شائىر ئەمەس، بەلكى ئالىيجاناب غايىلەر بىلەن ئۇتتەك يېلىنجاپ كۆيگەن ھەقىقىي شائىر ئىدى. چىنىدىن يىغلىسا سوقۇر كۆزدىنمۇ ياش چىققىنىدەك، شائىردىكى سەممىي ئىشق (كۆيۈك) ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تۈپ ماھىيەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى خۇددى مەجنۇننىڭ لەيلىگە ياكى پەرھادنىڭ شىرىنگە يازغان خەتلىرىدەك قايناق كۆز ياشلىرى بىلەن، ئۇرغۇپ تېشىۋاتقان ئىسسىق يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغان ھەقىقىي شېئىر، ھەقىقىي ئاشىقنىڭ يالقۇنلۇق

نىداسى ئىدى.

ئەلشىر نەۋائى شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى شائىرلار باركى، بۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن شاد ۋە خۇرسەن، رازى ۋە بەھرىمەندۇرلەر، ئۇلار يۈز مۇشەققەت بىلەن بىر بېيىت توقۇيالسا، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات پەلەكتىنمۇ ئاشۇرۇپ تاشلايدۇ، سۆزلىرىدە نە ھەقىقەتتىن ۋە نە مەرىپەت بالىدىن (ھەسەلىدىن) لەززەت، يازغان نەزمىلىرىدە نە شەۋق ۋە نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت بولسۇن، نە شائىرانە تەركىبلەردىن گۈزەللىك ۋە نە ئاشقانە كۆيۈش - يېنىشلىرىدا يالقۇن مەۋجۇت بولسۇن. ئەگەر بەزىلىرىدە گاھ بىرەر ياخشى بېيىت ھاسىل بولۇپ قالسا، ئونلارچە ئورۇنسىز داۋا بىلەن ھەممە ياققا جار سېلىپ، ئۇ بېيىتنىمۇ زايە قىلىدۇ، بۇلاردىن بەزىلىرى بىرەر يېقىملىق، مەنىلىك نەرسە توقۇپ قالسا، ئونلارچە يېقىمسىز داۋايۇ - مەنمەنلىك بىلەن ئۇنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ، گويا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىرى زور، ئۆزى ياراتقان سۆزلىرىگە ئېتىقادلىرى مۇستەھكەم. قىزىقى شۇكى، مۇنداق شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئازراق ۋە شائىرلىق داۋالىرى كۆپرەكتۇر.» («مەھبۇبۇل قۇلۇب»، 27 - بەت، تاشكەنت، 1983 - يىل نەشرى)

ئەبۇ ناسىر فارابى مۇنداق دەيدۇ: «بەزىدە شۇنداق ھاللارمۇ يۈز بېرىدۇكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىرمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، ئاجايىپ شېئىر يېزىۋېتىشى، ھەتتا بۇ ساھەنىڭ داڭدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان شېئىر يارىتالماسلىقى مۇمكىن. بىراق، بەزىدە ئامەت ۋە تاسادىپىنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇنداق ئادەم بۇ شېئىرى بىلەن مۇلاھىزىكار شائىر دېگەن نامغا ئېرىشەلمەي-

دۇ.» («فارابى شېئىر سەنئىتى توغرىسىدا»، 33 ـ بەت)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ھايانى كۆچىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلاردا مۇستەقىل پىكىر (مەنە) ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ھەر زامان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر يالىڭاچ ئېيتىلماي، شائىرانە ماھارەت بىلەن يۈكسەك بەدىئىيلىككە كۆتۈرۈلىدۇ، يەنى مەنتىقى تەپەككۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرغا، پىكىر تىلى تەسەۋۋۇر تىلىغا يۈكسىلىدۇ، نەتىجىدە، «جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا» (زەلىلى) دېگەندەك، شېئىردىكى مەنە، يەنى ھەقىقەت مەجاز ئارقىلىق جىلۋىگە كىرىپ، سەنئەت ئۈنچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ھەتتا قوشاق شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلىرىدىمۇ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان، يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل سادا ياڭراپ تۇرىدۇكى، كىتابخان قانداقتۇر قوشاقنى ئەمەس، يالقۇنلۇق بىر نىدانى ئاڭلىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لەرزىگە كېلىدۇ («ئاچىل»، «ئىنتىزارلىق»، «يەجۈجى ـ مەجۈجى»، «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» ۋە باشقىلار). ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەنە بىلەن شائىرانە ئىستېداد (خىيال ـ تەسەۋۋۇر بايلىقى) نىڭ گۈش بىلەن تېرىدەك ھەملىشىپ كېتىشى، نەتىجىدە سوۋېت شائىرى مىخائىل سۋېتلوفنىڭ ئېيتقىنىدەك، سۆزلەرنىڭ ئاھاڭغا كىرىپ، يۈگۈرىدىغان، سەيرىلىدىغان، پەرۋاز قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئېرىشتۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئۈچىنچى، ئۇسلۇبىتىكى ئاددىيلىق، تىلىدىكى خەلقچىللىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى. شائىر «سەنئەت ـــ سەنئەت ئۈچۈن» ئەمەس، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، يەنى ئۇنىڭ شېئىر يېزىش-

تىن مەقسىتى، خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيەلەش، ئىنقىلاب يولى
بىلەن قوزغىتىش بولغانچقا، تىل ۋە ئۇسلۇبتا خەلققە يېقىن-
لىقنى ئۆزىگە مۇھىم بىر پرىنسىپ قىلىپ، پۈتۈن ئىجادىيەت
پائالىيىتىدە بۇ پرىنسىپقا ئىزچىل ئەمەل قىلغان.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدۇر. بىراق ئەدەبى-
ياتنىڭ شېئىرىيەت ژانىرى شائىردىن ئۆزىنىڭ ھېس-تۇي-
غۇلىرىنى لۇغەتتىن تېپىلغان سۆزلەر بىلەن خاتىرىلەپ قو-
يۇشنى ئەمەس، ئوبرازلىق تىل بىلەن يارىتىپ بېرىشنى، يەنى
ئوبرازلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ تىل ئۇس-
لۇبى قانچىكى ئاددىي ۋە خەلقچىل بولسا، ئۇنىڭ ھېس-تۇي-
غۇلىرى خەلققە شۇنچە ئاسان ئۆتۈپ، چوڭقۇر سىڭىدۇ. ئاب-
دۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ تاتار خەلقىنىڭ ئارىسىغا شۇنچە كەڭ
تارقىلىپ، ئاسان سىڭىپ كېتىشى تەبىئىي ھادىسە بولغىنىدەك،
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭمۇ شۇنداق ھاياتىي كۈچكە
ئىگە بولغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەستۇر، چۈنكى بۇ
شائىرلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخان
(ئامما) ئوتتۇرىسىدا بىرەر تام-توساق بولۇپ قېلىشتىن قات-
تىق ساقلانغان. ئۇلار خۇددى بالىنىڭ تىلىنى ئانا قانداق
ئاسان چۈشىنىدىغان بولسا، شائىر تىلىنى خەلقنىڭ شۇنداق
چۈشىنىدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى ۋە ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە
شۇنداق قىلىشقا تىرىشتى. ئەرەب-پارس تىللىرىنى ئوبدان
بىلىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20-، 30-يىللاردا يازغان
شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، 80-يىللاردىكى بىر قىسىم شائىر-
لىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا خەلق چۈشەنمەيدىغان ئەرەب-پارس
سۆزلىرىنىڭ پات-پات ئۇچراپ تۇرۇشى ھەممىمىزنىڭ دىققى-
تىنى قوزغاشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسا كېرەك.

تىل مەسىلىسىدىن باشقا ئۇسلۇب جەھەتتە، ئابدۇخالىق

ئۇيغۇر ئەسەرلىرى خەلقچىللىق، پىششىقلىق ياكى يېقىن بولغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرى قانداقتۇر غەلىتە سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تولغان چۈشىنىكسىز تېپىشماق ئەمەس، ئەكسىچە، ھەرقانداق چوڭقۇر پىكىر ۋە ئاجايىپ لىرىك ھېسسىياتلىرىمۇ ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ، شائىرنىڭ كىتابخانغا نەقەدەر سەمىمىي ئىكەنلىكىنى، يەنى قانداقتۇر سۆز نەيرەڭلىرى بىلەن كىتابخاننى ئالدىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بەزى شائىرلار شېئىر قانچە مۇجمەل (چۈشىنىكسىز) ۋە سىرلىق يېزىلسا، ئۇنىڭ قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۆزى يازغان شېئىرنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەسلىكنى بىر خىل «سەنئەت» دەپ ئويلايدۇ. دۇرۇس، شېئىر ئۇدۇل ئېيتىلىدىغان نەسرىي ئەسەر ئەمەس، ئۇ مەنىنى مۇمكىن قەدەر يالىڭاچ ئېيتماي، تۈرلۈك مەجازى (مېتافورىك) ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى. لېكىن شېئىر ھەرقانچە مەجازلاشتۇرۇلغان (يەنى مەنە، يوشۇرۇن بېرىلگەن) تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى كىتابخان چۈشىنەلەيدىغان، ھېچ بولمىغاندا، ھېس قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. مۇبادا ئۇنى ھېچكىم چۈشىنەلمىسە، بۇنى ياسالما تېپىشماق دېيىشتىن بۆلەك چارە يوق. ھالبۇكى، دۇنيادا تېپىلمايدىغان تېپىشماقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ياسالما تېپىشماقلارنى يېزىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلانغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، شائىرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن بولغان بارماق ۋە ئارۇز ۋەزنىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى گارمونىك ئاھاڭدارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇرغۇن-

لغان شېئىرلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى بولىدىغان دەرىجىگە كۆتۈردى، بۇلا ئەمەس، شائىرنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر ئارۇزى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، تېخىمۇ بېيىدى. ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازماق قىيىن ياكى ئارۇز ۋەزنىدە شائىرنىڭ پىكرى چەكلىنىپ قالىدۇ، دېگەن گەپلەرگە تېگىشلىك جاۋاب بېرىلدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئاجايىپ مۆجىزىلەر ئالەمىگە كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، ھېچكىم كونا ئەنئەنىلەرگە قاتتىق يېپىشىۋېلىشنى خالىمايدۇ، ئەنئەنىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوقۇنۇش لازىم بولغان تەقدىردە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھېلىمۇ ئەلمىساقتىكى ھالىتىدە قالغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەنئەنىگە تەنقىدىي قاراپ، ئىسلاھات روھى بىلەن يېڭىلىق ۋە بۆسۈش يارىتىش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ جىددىي تەقەززاسى. «مېنىڭ ئىز باسارلىرىم، — دەيدۇ ئى. ۋ. مىچۇرىن، — مەندىن ئۆتۈپ كېتىشلىرى، ماڭا قارشى چىقىشلىرى، ھەتتا ئىشلىرىمنى بەرباد قىلغان ھالدا، ئەينى چاغدا ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشلىرى لازىم، مانا شۇنداق ئىزچىل يىمىرىش ئىشلىرى نەتىجىسىدىلا تەرەققىيات ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.»

ئەدەبىياتتىمۇ شۇنداق، بولۇپمۇ، ئۇسلۇب مەسىلىسىدە ئەنئەنىگە چوقۇنماي، يېڭىلىق يارىتىش بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئاكتۇئال تەلىپى. پارتىيە تەشەببۇس قىلغان «ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش» فاڭجېنى ئەدەبىيات-سەنئەتتە تۈرلۈك ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا كاپالەت بېرىدۇ. ئەمما، مېنىڭچە، ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئىسلاھات ۋە بۆسۈش ئەنئەنىلەرنى قارىغۇيۇق ھالدا تۈپتىن ئىنكار

قىلىپ تاشلاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىلەرگە ھۆر-
مەت قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىۋى ئامىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش
بىلەن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن،
قەدىمكى كۈتەك ھارۋا بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى ئاپتوموبىل-
لارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئەقىلگە سىغمىغان بولاتتى. ئەگەر
مۇستەسنا ئىنكارچىلىق قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئاپ-
تومىبىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇقلۇق قاتناش قوراللىرى-
نىمۇ چاقسىز ياساشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، مۇنداق
قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەممىسىدە، ھەتتا ئايروپىلاننىڭ يەردىن
كۆتۈرۈلۈشى ياكى يەرگە قونۇشى ئۈچۈنمۇ قايسى شەكىلدە
بولمىسۇن چاق بولۇشى شەرت.

بىزنىڭ ئېلىمىزدە بارلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مىللىي
مەدەنىيىتىنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ۋە
بۇ ھوقۇق قانۇن بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلگەن بۈگۈنكى كۈندە،
ئەدەبىيات-سەنئەت ئۇسلۇبىنى مىللىي ئەنئەنىلەرگە ھۆرمەت
قىلىش ئاساسىدا كەڭ-كۆشادە يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئۈچۈنمۇ كەڭ زېمىن يارىتىلدى. بۇ ھېچقاچان دۇنيانىڭ يېڭى-
لىقلىرىنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى تەقەززا
قىلىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خۇددى شۇنداق قىلغان، ئۇ
مىللىي ئەنئەنىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا
ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، ئۆز
شېئىرلىرىنى خەلقچە يېڭى ئۇسلۇبقا ئىگە قىلدى. بۇنى ئۇ-
نىڭ شېئىرلىرىدىكى تېما ۋە مەزمۇن يېڭىلىقلىرى، قويۇق
تۇرمۇش چىنلىقىدىن تاشقىرى شېئىر شەكىللىرى، ۋەزىن ئۆل-
چەملىرى، قاپىيە، تۇراق ۋە باشقا جەھەتلەردە ياراتقان يېڭى-
لىقلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شائىرنىڭ ئىجادىيەت مېتودى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە. مەلۇمكى، يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىپادىلەشتە ئەمەل قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپى ۋە مېتودى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېتودى دېيىلىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي مېتود مەۋجۇت. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ھەم رېئالىزم، ھەم رومانتىزم مېتودىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن رېئالىست شائىر بولسا، رېئاللىقنى غايەۋى ئىستەك - ئارزۇلار ۋە قاينام - تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى جەھەتتىن رومانتىك شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە رېئالىزم (ياكى تەنقىدىي رېئالىزم) بىلەن رومانتىزم چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. شائىرنىڭ ئۆزى شۇ دەۋردىكى تىپىك شارائىتتا يېتىشكەن تىپىك قەھرىمان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ لىرىك تەسەۋۋۇرلىرى يۇقىرى غايىۋىلىككە كۆتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، شائىر رومانتىزمى ئىنقىلابىي رومانتىزم پەللىسىگە يۈكسىلىپ، ئۇ جەمئىيەتنى پاش قىلىشلا ئەمەس، ئۆزگەرتىش، يەنى ئىنقىلاب قىلىش مەقسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان، ۋاستىگە ئايلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدىي رېئالىزم مېتودى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن باشلانغان دېسەك خاتا بولمايدۇ. ئۇنىڭ گاھ غەم - قايغۇ، ھەسرەتلىك كىنايە، ئاچچىق غەزەپ ۋە كۈچلۈك نەپرەتلەر بىلەن،

گاھ قاتتىق نىدا (ھايقىرىق) ۋە ئوتلۇق خىتاب (چاقىرىق) لار بىلەن تولغان مىسرالىرى، ئۇنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەجەللىك ئىللەتلەر ۋە بۇ ئىللەتلەرنى پەيدا قىلغان ئامىللارنى رەھىمسىز پاش قىلغان ئۆتكۈر ساتىرىلىرى بۇ پىكىرنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى بويىچە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە زۇلۇم، ئىستىبداتقا قارشى «قىلىچىنى قان بىلەن بوياپ»، مىللەتنى ماددىي كىشەنلەردىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپلا قالماي، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «ئاتا-بوۋىلاردىن مىراس قالغان كونا كېسەللىك»لەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىنمۇ ئازاد قىلىشقا تىرىشقان نىيىتى ئاق، دەۋرىسى ئاچچىق خالاسكار تېبىپ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۇن، ئاباي ۋە ئابدۇللا توقايغا ئوخشايدۇ («باردۇر»، «ھار»، «غەزەپ ۋە زار» غا ئوخشاش شېئىرلىرىغا قاراڭ). بىراق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يالغۇز مەرىپەتچىلا ئەمەس، ئىزچىل دېموكرات ئىنقىلابچى بولغانلىقى جەھەتتىن قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىسى بولغان ئابايدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە ئۆز ئانا تىلىدا مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ دەردىنى كۈيلەپ، ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىن ئازاد قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشقان مىللىي ۋە مەرىپەتچى شائىر بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايغا ئوخشىمۇ (ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدا ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرى كۆپ ئىدى)، ئەمما ئىنقىلابچى ئۈمىدۋار شائىر بولغانلىقى جەھەتتىن ئابدۇللا توقايدىنمۇ كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئاباي، ئابدۇللا توقاي ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدەك ئوبيېكتىپ مەۋجۇد-

يەتتىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز زامانىسىدىلا مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئاسارەت كىشەنلىرىدىن خالاس قىلىشنىڭ تېخى كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مەنىۋى كىشەنلەردىنمۇ خالاس قىلىش لازىملىقىنى، يەنى ئىللەت تۈزەلسە، مىللەت تۈزۈلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بارلىق جاھالەت، خۇراپات، نادانلىق قالاقلىقلارغا، مىللەتنىڭ پسىخىك جەھەتتىكى بۇزۇلۇشلىرىغا ۋە مۇنداق چۈشكۈنلۈكلەرگە سەۋەب بولغان ئامىللارغا قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن ئوت ئاچتى. بۇ، ئۆز مىللىتىنى خورلىغانلىق ئەمەس، بەلكى چىن قەلبىدىن سۆيگەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، يەنى «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ھېكمەتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. لۇشۈن ئەپەندى بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز مىللىتىگە قانداق كۆيۈمچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئاچچىق ساتىرا ۋە يۇمۇرلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىگە كۆيۈنۈپ، ئۇنى مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا قاتتىق تىرىشقانىدى.

ھازىرقى زاماندا ياشاپ تۇرۇقلۇق، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرنى دادىل ئېچىپ تاشلاشقا ئۈنچىلىك جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بىزلەرگە سېلىشتۇرغاندا 20-، 30-يىللار شارائىتىدا ياشىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ باپتىكى جۈرئەت ۋە شىجائىتى ھەقىقەتەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مىللەتنىڭ مەنىۋى

قىياپىتىنىڭ تېخىمۇ تېز كامال تېپىشىغا قانداق پائال تۈرتكە بولۇش مەسىلىسى، يەنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار مەرىپەتچىلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىش يولى بىلەن ئۇنى تۈزىتىشكە باشلامچىلىق قىلىش مەسىلىسى بۈگۈنكى ئاكتۇ-ئال ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چۈنكى «تەرەققىيات-نىڭ ھەقىقىي بەلگىسى ماددىي بايلىقلار ئەمەس، بەلكى شۇ جەمئىيەتتە تەربىيىلىنىۋاتقان ئىنسان قىياپىتىدۇر». شۇ جەھەت-تىن قارىغاندىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت مېتودىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

3

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پاك ياشاپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان تالانتلىق ۋە يېتۈك شائىرلا بولۇپ قالماستىن، ئۆزى-نىڭ بارلىقىنى ۋەتەن ۋە خەلق مەنپەئەتىگە بېغىشلىغان ھەقى-قىي ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىي پائالىيىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر، ھەقىقىي ئىنسان، بۈيۈك ئىنساندۇر، بۇ نۇقتىدا بەزى ئۇلۇغلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرمەي تۇرالمايمىز:

«ئادەمگە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە نېمە» دېيىشى ياكى نېمە ئويلىشىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى قىلىۋاتقان ئىشىغا قا-راپ باھا بېرىلىدۇ». (ۋ. ئى. لېنىن)

«كىمنىڭ قەلبى ھەممە، ئۈچۈن تېپىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر.» (رومىن روللان)

«ھەيكەلنى كۆرۈنۈشى، ئادەمنى بولسا، قىلغان ئىشلىرى بېزەيدۇ.» (پىفاگور)

«ئادەمگە تۇغۇلغان جايىغا قاراپ ئەمەس، قايسى يۇرتلۇقلىقىغا قاراپ ئەمەس، قانداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ياشىشىغا جەزم قىلىغ-ىنىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ.» (ئاپولېيى)

«ھەربىر رۇس كىشىسىنىڭ تارىختىكى ئورنىنى ئۇنىڭ ۋەتەنگە قىلغان خىزمىتى بىلەن، ئادىمىيلىك دەرىجىسى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.»

(ن. چېرنىشېۋسكى)

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۆسۈش تارىخىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مىللىي ئۇسلۇب ۋە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنىڭ تەتبىق قىلىنىش جەريانىنى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىپ تاكامۇللىشىش ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىرقانچە ئەسىرلەر داۋام قىلغان «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كاج پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بىزگە قېلىن - قېلىن كىتابلارنى قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسىمۇ، قىسقىغىنە ئۆمرىدە يازغان ئاز، ئەمما ساز شېئىرلىرى بىلەن مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، مېتود ۋە تىل جەھەتتىن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ئېقىم ياراتتى. بولۇپمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نامايەندىلىرىنىڭ جانلىق خەلق تىلىدىن خېلىلا يىراق بولغان «كىتابىي» تىلىنىڭ ئورنىغا ئاددىي خەلق ئاممىسى بىۋاستە چۈشىنەلەيدىغان ئەدەبىي تىل يارىتىشتا، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇشتا شائىرنىڭ خىزمىتى تولىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ يەنە ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز

يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ۋە دۇنيا ئەللىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئۆگىنىپ، مىللىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا چەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى جانلىق قوبۇل قىلىشىنىڭ بۈگۈن-كى كۈن ئۈچۈن نەقەدەر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە خەنزۇ، رۇس، تاتار، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ قانداق مۇھىم رول ئوينىغان-لىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت-تا ئۆسۈپ، بېيىپ گۈللىنىشىدە چوڭ رول ئوينىغان ناماياندە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەت-لىك ئەدەبىي مىراسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شائىرنىڭ ئۆزى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ۋە مۇھىم ئاساسچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ياشاۋېرىدۇ.

ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق پرىنسىپلار ۋە ۋ. ئى. لېنىن-نىڭ «تارىخىي ئەربابلارنىڭ خىزمىتىگە (ياكى رولىغا) باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى بەرمىگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا نىسبەتەن نېمىلەرنى بەرگەنلىكىگە قارىلىدۇ» دېگەن كۆرسەتمىسى بويىچە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋام قىلىپ، يېڭى ئۇتۇقلار قولغا كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن. «ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىغا

باھا بېرىشتە، غەرب مەملىكەتلىرى ئەدەبىياتى ياكى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلماي، شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراش لازىم.» («ۋېنيىباۋ» گېزىتىنىڭ 1987 ـ يىل 7 ـ فېۋرال سانىدىن) دېگەن قاراش بويىچە، بۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يورۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى ھەقلىق يوسۇندا يەنىمۇ يۈكسىلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

# رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى*

رۇبائىي — ئۆزىگە خاس بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن پەرقلەنگەن ھالدا، ئايرىم بىر شېئىرىي ژانىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ژانىرنىڭ دەسلەپكى نامەيەندىلىرى پارسلاردا ئۆمەر ھەييام، تۈركىي خەلقلەر (مۇھىمى ئۇيغۇرلار)دا يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر، بولۇپمۇ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيچىلىقىنىڭ پىرى سۈپىتىدە جاھانغا مەشھۇر.

رۇبائىي — لۇغەت مەنىسى بويىچە «تۆتلىك» ياكى «تۆت مىسرالىق مۇستەقىل شېئىر» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ، لېكىن، تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىرلارنىڭ ھەممىسىلا رۇبائىي بولىۋەرمەيدۇ. ھەتتا، مۇستەقىل بىر پىكىرنى ئۇقتۇرىدىغان كىچىك شېئىر ژانىرى «قىتئە» نىڭ تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەنلىرىمۇ رۇبائىي ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى «قىتئە» ئالماش قاپىيىلىك بولىدۇ. رۇبائىيدا بولسا، تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى، ياكى بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالار قاپىيىداش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

نى تەلەيدۇركى، ھەركىمنى دېسەم يار،
ماڭا ئۇل ئاقىۋەت بولۇر بەد ئەندىش.
بىراۋدۇر گەر ئۇنى دېسەم كوزۇمسەن،
چېكەر مۇژگان كەبى قەستىمگە يۈز نېش.

---

*بۇ ماقالە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل، 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

گۈل ۋاقتى مۇيەسسەر بولسا گۈلفام قەدەھ،
ئاندىن سوڭ تۇتسا بىر گۈلئەندام قەدەھ.
مەنئى ئەيلەسە بارچە ئەھلى ئىسلام قەدەھ،
كافىرمەن ئەگەر قىلمەسام ئاشام قەدەھ.

— نەۋائى

رۇبائىي قاپىيە جەھەتتىلا ئەمەس، ۋەزىن جەھەتتىمۇ باشقا شېئىر تۈرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە، بىر شېئىرىي ئەسەرنىڭ ھەممە مىسرالىرى بىر خىل ۋەزىندە كەلسە، رۇبائىيدا ھەر بىر مىسرانىڭ ئۆز ئالدىغا باشقا ۋەزىندە كېلىشى، يەنى تۆت مىسرانىڭ تۆت خىل ۋەزىندە كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇبائىينىڭ ۋەزىنلىرىنى ئېنىقلاش قىيىنىراق، لېكىن رۇبائىيلار كۆپىنچە ھەزەج بەھرىنىڭ مەفائىلۇن ۋەزنى بىلەن ئۇنىڭ تارماق رۇكنلىرىدا يېزىلىدۇ. بۇ تارماق رۇكنلارنىڭ كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى: «مەفئۇلۇ»، «مەفئۇلۇن»، «مەفائىلۇن»، «فەئۇل»، «فەئەل»، «فە» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر رۇبائىيسى «مەفئۇلۇ»، «مەفائىلۇن»، «مەفائىلۇ»، «فەئەل» ۋە «فە» تارماق رۇكنلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېزىلغان:

غۇربەتتە غېرىب شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ئاڭا شەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىلگۈل بىتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار رۇبائىينىڭ پەقەت شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىنلا ئىبارەت. ماھىيەت جەھەتتە ئۇستازلاردىن قالغان قىممەتلىك مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، رۇ-

بائىيىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن دەپ ئويلايمەن:

ئالدى بىلەن، ھەربىر رۇبائىي يىغىنچاق يېزىلغان مۇستەقىل بىر شېئىر، ئۇ قىسقا-قىسقا تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقىنىغا قارىماي، چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدىغان پىكىرلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. كامالەتكە يەتكەن بىر رۇبائىيدا ئىپادىلەنگەن مەنە شۇ قەدەر تولغان بولىدۇكى، ئۇ ئارتۇقچە ئىزاھاتنى تەلەپ قىلمايدۇ. مەسىلەن:

قارا يەر قەئرىدىن تا ئەرشى زۇھەل،
كائىنات سىرلىرىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۇل تۈگۈننى يەشتىم، چۈشەندىم،
يېشىلمەي قالغىنى بىرگىنە ئەجەل.

—ئىبن سىنا

بۇ رۇبائىينى ئوقۇساق ئۇنىڭدىن تۇغۇلماق، سوڭرە ئۆلمەكلىكتىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق قانۇنىيەت ھەققىدە يېزىلغان چوڭ بىر كىتابنىڭ ۋەزنىگە باراۋەر مەنىنى چۈشىنىمىز ۋە ئالىمنىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرىنىڭ نەقەدەر ئاجايىپلىقىغا ئىختىيارسىز باش ئېگىمىز.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەر ھەييامغا نىشاپۇر دىيارىنىڭ ھاكىملىقىنى تەكلىپ قىلغان، ئۆمەر ھەييام ئۇنىڭغا: «مەن ئادەملەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندىكى رۇبائىينى يازغان:

كىمنىڭ بار بولسا بىر بۇردا نانى،
ئۆزىگە يارىشا ئۆي - ئاشىيانى،

نە بىراۋ ئاڭا قۇل، نە ئۇ بىراۋغا،
ئەيت، شاد ياشاۋەرسۇن، خۇشتۇر زامانى.

تۆت قۇرلۇق بىر شېئىرغا مۇجەسسەملەنگەن مۇنداق ئۆتكۈر ۋە قۇياش نۇرىدەك روشەن پىكىرنى يەنە نېمە دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن؟ شۇ تۆت قۇرنىڭ ئۆزى كىشىنىڭ ئەركى، ھوقۇقى، قەدىر-قىممىتى ھەققىدە يېزىلغان چوڭ بىر كىتابقا تەڭ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ «ياخشى يېزىلغان بىر رۇبائىي بىر داستانغا تەڭ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

ئىككىنچى، كلاسسىكلارنىڭ رۇبائىيلىرىدا سۆيگۈ-مۇھەببەت ھەققىدىكى نازۇك تۇيغۇلاردىن تاشقىرى، كۆپىنچە تەبىئەت (كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا، ئالەم ۋە كائىنات) سىرلىرى، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بىر مۇنچە نازۇك مەسىلىلەر، كىشىلىك ھاياتىغا دائىر پەلسەپىلىك قاراشلار، ئىنسان ئەخلاقىغا دائىر دىداكتىك پرىنسىپلار ماۋزۇ قىلىنغانچقا، رۇبائىينى «ھىكمەت» ياكى «ئەقلىيە شېئىرى» دەپ ئاتاشمۇ مەۋجۇت.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

تارىخىي ماتېرىياللار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئالىم ئۆمەر ھەييام ھېچقاچان شائىرلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك رۇبائىيلىرىنى پەقەت ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەسەرلىرى، مەسىلەن: «كائىنات ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى»، «مەۋجۇدات ھەققىدە رىسالە»، «مەۋجۇدات ئومۇملۇقى ھەققىدە رىسالە» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھاشىيەسىگە ياكى قويۇن دەپتىرىگە يېزىپ قويغان، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ رۇبائىيلار ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ماتېماتىكا،

ئاسترونومىيە ۋە پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتلىرىدىكى لىرىك تۇيغۇلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. نەتىجىدە «ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن ئەمەس، نادىر شېئىرىي ئەسەرلىرى — رۇبائىياتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولدى .... XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە، ئۆمەر ھەييام جاھان كلاسسىكلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەنىدى، پەقەت XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىنگلىز شائىرى گېرالد فىتسجرالد ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدىن بىر قىسمىنى ئەركىن تەرجىمە قىلىپ نەشىردىن چىقاردى. بۇ كىچىككىنە كىتابچە نەشىردىن چىقىش بىلەنلا، رۇبائىيلاردىكى پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق ۋە ھاياتلىق غەرب ۋە شەرق كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە تارتىۋالدى.» ①

«ئۆمەر ھەييام بەدىئىي ئىجادىي شۆھرىتىنىڭ سىرى نېمىدە؟ بۇنىڭ سىرى شۇنىڭدىكى، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىدا شائىر كىشى قەلبىنى، ئۇنىڭ نازاكىتىنى، كىشىنىڭ مەنىۋى سەرگۈزەشتلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە كەيپىياتلىرىنى، ھايات مەنتىقىسىنى، ئىنسان قەلبى بىلەن رېئال ھايات ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتىنى ئاجايىپ ئوبرازلاردا ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن.» ②

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋاسى ئەلشىر نەۋائىي رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىمۇ ئەنە شۇنداق ھېكمەت نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. نەۋائىيمۇ مەي ياكى مەيخانا ئوبرازى ئارقىلىق ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىرلەرنى

---

① ② «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، تاشكەنت 1981-يىل نەشرى، 5-، 6- ۋە 8- بەتلەرگە قاراڭ.

باyان قىلىپ، كىشىنى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ (مىساللار قىسقارتىلدى).

كلاسسىكلار قەلىمىدىكى مەي تەلقىنى توغرۇلۇق شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مېنىڭچە، مەي تەلقىنى پەقەت بىر خىل بەدىئىي ئوبراز، يەنى پوئېتىك ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلسا كېرەك، ئۇنى ئاددىيلا قىلىپ، مەينىڭ ئەينەن ئۆزى دەپ چۈشىنىشكە بولماس.

مەسىلەن:

مەن ئۆلسەم، مەي بىلەن يۇيۇشنى كۆزلەڭ،
يوقلاشتا جام بىلەن شارابتىن سۆزلەڭ.
قىيامەت كۈنىدە تاپماق بولسىڭىز،
مەيخانا تۇپرىقى تۈۋىدىن ئىزلەڭ.

—ئۆمەر ھەييام

زاھىت، ساڭا ھۇرۇ، ماڭا جانانە كېرەك،
جەننەت ساڭا بولسۇن، ماڭا مەيخانا كېرەك
مەيخانە ئارا ساقىيۇ پەيمانە كېرەك،
پەيمانە نېچە بولسا تولا يەنە كېرەك.

—نەۋائى

بۇ رۇبائىيلارغا قاراپ، ئۆمەر ھەييام بىلەن ئەلشىر نەۋائىنى قالتىس مەيپەرەست شائىرلار ئىكەن دەپ چۈشىنىش مۇمكىنمۇ؟

ئۈچىنچى، رۇبائىي باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا شائىردىن تېخىمۇ يۈكسەك تىل ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى سۆزلەرنىڭ ناھايىتى ئىخچام، پىششىق، ئوبرازلىق بولۇشى رۇبائىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى دېيىش مۇمكىن. باشقا شېئىر ژانىرلىرىغا ئوخشاش رۇبائىيدىمۇ مەنتىقىي تەپەككۇر قانچە كۆپ ئوبرازلاشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ بەدىئىي كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ.

ئەمما، رۇبائىي باشقا شېئىر ژانىرلىرىغا قارىغاندا قىسقا (ئىخچام)، پەقەت بىرلا كۇپلېت يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا پىكىر تەلەپ قىلمايدىغان بىرمۇ سۆز سىغمايدۇ ۋە زورلاپ سىغدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياخشى يېزىلغان رۇبائىيدا مەنتىقىي تەپەككۇر ھېچقاچان يالڭاچ بېرىلمەسلىكى، خۇددى ھەقىقىي شېئىرغا ئوخشاش شائىرانە تەسەۋۋۇر يالقۇنى گۈررۈلدەپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پەقەت تۆت قۇردىن تۈزۈلگەن بىر كىچىك شېئىردا مۇئەييەن مەنتىقىي پىكىرنى شائىرانە تەسەۋۋۇرغا باي تىل بىلەن ئىپادىلەش ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، يىگىتلىك مەۋسۇمى بىتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى قىش كېلىپ يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان ئۇ سۆيۈنچ قۇشى،
بىلمىدىم، قاچاندۇر كەلدىيۇ، كەتتى.

— ئۆمەر ھەييام

شائىرنىڭ يىگىتلىك (ياشلىق) مەۋسۇمىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە بولغان قاتتىق ئېچىنىشى ئەگەر «كۆكلەم» بىلەن «قىش» نىڭ سېلىشتۇرمىسى ۋە خۇددى بىر «خۇشاللىق قۇشى» نىڭ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى بىلەن جانلاندۇرۇلمىغان بولسا، بۇ رۇبائىي كىشى قەلبىدە ھېچقانچە ھاياجان قوزغىتالمىغان بولاتتى.

رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، كلاسسىكلارنىڭ رۇبائىيلىرىدىن بىر قانچە نەمۇنە كۆرسىتىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن يەنە ئۈچ نەمۇنە:

دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرى ھەم بىز،
ئەقىل كۆزىنىڭ قاراسى، جەۋھىرى ھەم بىز.

توگەرەك جاھاننى ئۆزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى - گۆھىرى ھەم بىز.

بىزلەر قورچاقتۇرمىز، پەلەك قورچاقباز،
بۇ سۆزۈم چىن سۆزدۇر، ئەمەستۇر مەجاز.
يوقلۇق ساندۇقىغا بىر - بىر چۈشىمىز،
ۋۇجۇد پالاسىدا ئوينىغاچ بىر ئاز.

كۆپلەر دانىشمەند دەپ بىلىدىلەر ئۆزىنى،
خۇدانىڭ زاتىدىن ئاچتىلەر سۆزدىنى.
ھېچبىرى بىلەلمەي ئەزەل سىرلىدىنى،
ئالجىراپ - ۋالجىراپ يۇمدىلەر كۆزىنى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرىدىن:

ئەسلىسى:
نەگۇ ئەر بولۇر، كۈر، مىگەر دۇشمانى،
مىگەر سوزلەمەسە كۈنىگە ئانى.
بۈرىمۇ بولۇر كورگىل ئىتتە قايار،
ئۇدۇلا ئىشتىسە مىڭ ئىتلەر ئۇنى.

يەشمىسى:
نېچۈك ئەر سانالۇر مىگەر دۈشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەركۈنى.
كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

ئەسلىسى:
قۇت ئۇل بەگ، بودۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قوتادسا بۇدۇن قارنى تودغۇ كەرەك،
بۇ بەگلەر تېگىمىز ئۇل تۇپى يىنچۇلۇگ،
تېگىمىزكە ياغۇقلى بايۇغۇ كەرەك.

يەشمىسى:

بەگدۇر قوت، ئەلگە قوت بەخش قىلماق كېرەك،
قوت بەرسە، ئەل قارنىن تويدۇرماق كېرەك.
بۇ بەگلەر دېڭىزدۇر تۇۋى ئۈنچىلىك،
دېڭىزگە يېقىنلار بېيىماق كېرەك.

خارەزملىق پەھلىۋان مەھمۇت (مىلادى 1326-1240-يىللار) رۇبائىيلىرىدىن:

گۈركۈرىگەن ئالاۋ — دىلىم يولدىشى،
دولقۇنلىغان دەريا — كۆزلىرىم يېشى،
كوزىگەرلەر ياساۋاتقان ھەر كوزا—
كونا دوستلار خاكى، كۆلى يا بېشى.

ئۇل قادىركى ئەرزۇ- ئەفلاك ياراتتى،
كۆڭۈلدە داغ، دىلنى غەمناك ياراتتى،
مۇشكىن زۇلفلەرنى ۋە ياقۇت لەبلەرنى.
يەرگە تىقىپ، ئاخىرىدا خاك ياراتتى.

دەۋراندا كوپ كوزنى مەن گەريان كۆردۇم،
نېمىكى بەلا بولسا، بىئامان كوردۇم.
نوھقۇ مىڭ يىل ياشاپ كوردى بىر توفان،
مەن نوھ بولمىسامۇ مىڭ توفان كۆردۇم.
ھەيفاكى①، باھادا ئۇتۇن بىرلە ئۇد ② بىر،
ھەم مەرتەبەدە خېلىل بىرلە نەمرۇد ③ بىر.

---

① ھەيفاكى —«ھەي - ھەي»، «ھەيھات» دېگەن مەنىلەردە.

② ئۇد — بىر خىل ئېسىل ياغاچ، ئۇنىڭدىن قىممەتلىك بۇيۇملار ياسىلىدۇ.

③ خېلىل — ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ تەخەللۇسى؛ نەمرۇد— ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن زاماندىش ئۆتكەن زالىم ۋە جاھىل پادشاھ يامانلار سەمۇۋلى.

دولەتتىن مەست بولغان ئاڭقاۋ نەزدىدە
ئىشەك ئاۋازىيۇ — كۈيى داۋۇد① بىر.

دېدىم: ئەيت، ئۆمۈرنىڭ مەناسى نېمە؟
دېدى: چاقماق، ياكى شام، ياكى پەرۋانە.
دېدىم: بۇ دۇنياغا بىنا قويغان كىم؟
دېدى: ياگۇل، يا مەست، ياكى دىۋانە.

تۈن - ئىككى قات خوتۇن، نە تۇغارىكەن،
زامانە ھۆكمىدىن نە ياغارىكەن!
ئۆمۈر ئاۋۋالدا نە كەلدى كوردۇك،
كۆرىمىز ئاخىرى نە بولارىكەن!

ئەلشىر نەۋائىي رۇبائىيلىرىدىن:
كۆكسۈمنى جاپا تىغى بىلە يارە قىلىڭ،
كۆڭلۈمنى چىقارىڭ داغى يۈز پارە قىلىڭ.
ھەر پارەسىنى بىر سارى ئاۋارە قىلىڭ،
ئىشقىم ئوتىغا بۇ نەۋ ئىلە چارە قىلىڭ.

كىم كوردى ئىكەن جاھاندا ئايا خۇشلۇق،
تا بىركىشى ئەيلەگەي تەمەننا خۇشلۇق.
يۈز يىلدا ئەگەر بىر ئولسا پەيدا خۇشلۇق،
ئامادە دۇرۇر ② ياندا يۈز ناخۇشلۇق.

يۈز مېھنەتۇ غەم كۆڭلۈمغە يەتكۈردى فىراق،
جانىمغە بەلايۇ دەرد ئوقىن ئۇردى فىراق.

① كۈيى داۋۇد — داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ساز بىلەن ئورۇنلىغان ناخشىسى.
② ئامادە— ئامەت؛ ئامادە دۇرۇر — ئامەت قازىنىدۇ.

چەمەننى فەنا ئوتىغا كۆيدۈردى فىراق،
چۈن كۈيدى، كۈلىنى كۆككە ساۋۇردى فىراق.

يىللار تۇتۇبان شەيخ مەتالاتىغا گۇش ①،
نە كۆڭلۈمگە زەۋق يەتتى، نە جانىمغا خۇش،
جانىمغە نەۋا سالدىيۇ، كۆڭلۈمگە خۇرۇش،
بىر جۇرئە ② بىلە مۇغبەچەئى ③ بادە فۇرۇش ④

بابۇر رۇبائىيلىرىدىن:

دۇشمەننى بۇ دەھر زەبەردەست قىلۇر،
نەخۋەت ⑤ مېيىدىن بىر نېچە كۈن مەست قىلۇر،
غەم يېمەكى، يەتكۈزسە باشىنى كۆككە.
ئاخىر يەنە يەر كەبى ئۇنى پەست قىلۇر،

دەۋران مېنى ئۇتكەزدى سەرۋى رەۋانىمدىن،
ئايىردى مېنى بىر يولى خانۇ - مانىمدىن.
گاھ باشىمە تاج، گاھ بەلايۇ - تەنە،
نەلەر كەلمەدى باشىمە دەۋرانىمدىن.

تەلەي يوقى جانىمە بەلالىق بولدى،
ھەر ئىشنىكى قىلدىم، خاتالىق بولدى.
ئۆز يۇرتنى قويۇپ ھىند تەرەپ يۈزلەندىم،
يارەب، نەقىلاي، نەيۈز قارالىق بولدى.

كۆپتىن بېرى يارۇ دىيارىم يوقتۇر،
بىرلەھزە ۋە بىر نەپەس قارارىم يوقتۇر.
كەلدىم بۇ دىيار سارى ئىختىيارىم ئىلە،
لېكىن كېتۇرگە ھېچ ئىختىيارىم يوقتۇر.

---

① شەيخنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ.

② جۇرئە — يۇر تۇم؛ ③ مۇغبەچە — چايخانا خادىمى، چايچى؛ ④ بادە فۇرۇش — مەي ساتقۇچى؛ ⑤ نەخۋەت — كىبىر، غۇرۇر.

* *

بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئرىيىتى گۈلستانىدا رۇبائىي ژانىرى خۇددى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان بىر تۈپ قىزىلگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولماقتا. كلاسسىكلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى بىرمۇنچە يېڭىلىقلار بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىتىدىغانلىقى ياكى بېيىتىۋاتقانلىقى كىشىگە زور خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «يېڭى رۇبائىيلار» ناملىق رىسالىگە كىرگۈزۈلگەن 46 شائىرنىڭ 300 گە يېقىن رۇبائىيسى بۇنىڭ ئۇچۇق دەلىلى، بۇ ئۇتۇقلارغا قاراپ، يېڭى ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقباللىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە. جۈملىدىن، ئۇيغۇر يېڭى رۇبائىيچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇتۇقلارنى شائىرلىرىمىزنىڭ كلاسسىكلاردىن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، مانا بۇ روھنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم. مەسىلەن: كلاسسىكلارنىڭ رۇبائىيلىرى (تەرجىمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، رۇبائىي ۋەزىنلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ رۇبائىي چوقۇم ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىشى لازىم دەپ تەكىتلەشنىڭ ھاجىتى بولماس. بارماق ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بولغاچقا، رۇبائىينى ھەر ئىككى ۋەزىندە يېزىش مۇمكىن، ھازىرقى ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق بولماقتا.

## ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتى *

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايتا ئۆيلىنىشقا جۈرئەت قىلغان، قايتا ئۆيلىنىشقا ماھىر بولغان مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى بولىدۇ، ئۇ مىللەت يېڭىلىق يارىتىشقا غەيرەت ۋە پۇرسەت تاپالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە شەرت - شارائىت يارىتالايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ مىللەت ئاسانلا ئۆزىگە ئۆزى مەپتۇن بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن كېيىن قالىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكىدىن ئىبارەت. بۇنداق كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. مەلۇمكى، تارىختا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى كونا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ، ئىنسانلار ياشىغان ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بالدۇر مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ رايوندا

---

* بۇماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«يىپەك يولى» * پەيدا بولغان (مىلادىدىن بۇرۇنقى II، IV ئەسىرلەردە قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى بۈگۈنكى خوتەن دىيارىنى «يىپەك مەملىكىتى» دەپ ئاتىغانىدى). سودا ۋە دىن مەدەنىيەت تارقاتقۇچى ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، تۆت قەدىمىي مەدەنىيەت، يەنى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى، شۇنىڭدەك خرىستىئان، مانىي، زەردوش، بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ زېمىندىن تارقىلىشقا باشلاپ، بۇرايون قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان «تۆت كوچا» غا ئايلانغان. مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشى نەتىجىسىدە، بۇ زېمىندا ياشىغۇچى ئاھالىلەر ھىندى-ياۋروپا ۋە خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسىدىكى تىللاردىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، شۇنداق قىلىپ، بۇ زېمىن ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى، يەنى ئالتاي — ئورال، ھىندى — ياۋروپا ۋە خەنزۇ — تىبەت تىل سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قوشۇلغان ماكانى بولۇپ قالغان. مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىزى بۇ زېمىننىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ بۇ يەردە

---

① «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ XIX ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا نېمىس سەيياھى رىچىت خوفېن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئالدىدا «برونزا يولى»، «شاھرايى ئەبرىشىم»، «كارۋان بۈيۈك» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە ۋەلىنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985- يىل 11- ئۆكتەبىردىكى سانىغا بېسىلغان «يىپەك يولى، قۇرۇقچىبەگ ۋە باشقىلار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن. ھالبۇكى، ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيە-
تىنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئىدى. چۈنكى، مىـ
لادى V ۋە IV ئەسىر ئارىلىقىدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى گېـ
رمان قەۋملىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن تارمار بولۇپ، ياۋروپا
زېمىنى تەھلىكە ئىچىدە قالغاندا، قەدىمكى رىمنىڭ پەن ۋە
سەنئىتى ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق تەرجىمانلارنىڭ ئەمگىكى
بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋارىسلىقىغا ئۆتتى. ئەرەب ئىمپې-
رىيەسى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان غەيرىي ئەرەب (جۈملىدىن
ئوتتۇرا ئاسىيا) مىللەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمپېرىيە
بولغاچقا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئىس-
لام مەدەنىيىتى شەكىللەندى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلى-
شىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى مۇھىم
ئورۇننى ئىگىلىدى، مۇشۇ خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشكەن
مۇساخارەزمى، ئەھمەت پەرغانى، فارابى، ئىبىن سىنا، ئابۇرەي-
ھان بىرۇنى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتار-
لىق ئالىم ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە نادىر
ئەمگەكلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلان-
دۇرۇپ، ئۇنى جاھان سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ،
غەربتە باغدات شەھىرى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركە-
زىگە ئايلانغان بولسا، شەرقتە قەشقەر شەھىرىمۇ ئىلىم - پەن
ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر مەركىزى بولۇپ قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىش-
كەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، مۇيان بۇقاتېكىن، ئاپرىنچۇر
تېكىن قاتارلىق ئالىم، شائىر ۋە تەرجىمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-
پەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نادىر ئەمگەكلىرى بىلەن ئى-
دىقۇت دىيارىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى.
قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى مۇسۇلمان

ئۇيغۇرلار بىلەن ئىدىقۇت بۇددىست ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دىنىي ئېتىقاد ئىختىلاپلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەتتە ھامان بىرلىك ساقلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ئەلۋەتتە.

تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىن باشقا، مىللىي تەركىبنىڭ مۇرەككەپلىكىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن شەرتلەرنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ ھەر خىل مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان زېمىن ئىدى. تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن تاشقىرى، باشقا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەرمۇ بۇ زېمىندا ئۇزاق ياشىغان ۋە بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن بىرى قەدىمكى ئىران مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان سوغدىلار ئىدى. سوغدىلار غەربتىن جۇڭگوغا كېلىدىغان كارۋان يولىنىڭ بېشىغا جايلاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا-تىجارەتكە ماھىرلىقى سەۋەبىدىن، «يىپەك يولى» ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار بۇ سودا يولى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشقا باشلىغانىدى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى بايانلارغا قارىغاندا، مىلادى IX ئەسىردە بىر قىسىم سوغدىلار بالاساغۇنغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، تۈركىي تىلىنى ئۆگەنگەنىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادى VIII ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە نۇرغۇنلىغان سوغدىلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. («يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» گە قاراڭ). سوغدىلار سودا-تىجارەت، تېرىقچىلىق

ۋە سۇغدىش ئىشلىرىغا ماھىر بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان. كۇچا، تۇرپان، دۇنخۇاڭ، كىرورەن قاتارلىق جايلاردىكى خارابىلەردىن سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا، مانىي، نېستورىئان يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى، يەنە ئالايلۇق، قەدىمكى تۈركلەر ئىشلەتكەن ئۇرقۇن يېزىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر (خۇيگۇ) يېزىقىمۇ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن يېزىق ئىدى. بۇلا ئەمەس، ھەتتا قەدىمكى تۈركچە (جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى) دە بىر مۇنچە سوغدى سۆزلۈكلىرىمۇ بار. بىراق، بۇ سوغدىلار تۈركلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان جايلاردا ئاستا-ئاستا تۈركلىشىپ، ئۇيغۇرلىشىپ، ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن سوغدى مەدەنىيىتىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئىدىقۇت تەزكىرىسى» بىلەن «سۇينامە. غەربىي يۇرت ۋە ئىدىقۇت تەزكىرىسى» ناملىق خەنزۇچە كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادى ٧ ئەسىردىن ئېتىبارەن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەر ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغان، بىر مۇنچە خەلق ۋە مىللەتلەر پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن، ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلارمۇ ئۇيغۇرچە كىيىنىدىغان، ئۇيغۇرچە چاچ قويىدىغان، نىكاھ ئىشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى قوللىنىدىغان بولغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز كىتابلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا باشلىغان. بۇنداق ئەھۋالدا، سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. قارلۇق،

باسمىل، چىگىل، توخسى، ياغما قاتارلىق قېرىنداش قەۋملەرنىڭ ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەنلىكىگە تېخىمۇ گەپ سىغمايدۇ.

دېمەك، ئالاھىدە تارىخىي شارائىت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مىللىي تەركىب قاتارلىق شەرتلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ مەنبەلىك خاراكتېرى دىنىي ئېتىقاد، ئەخلاقىي چۈشەنچە، تىل-يېزىق، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ساھەلەردە تولىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئىچكى-تاشقى جەھەتتە كەڭ قوبۇل قىلىش، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش — ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى. تىل-يېزىق مەسىلىسىنى ئالساق، دۇنيادا ساپ مىللەت بولمىغىنىدەك، ساپ تىلمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بىر قەدەر ساپ تىل دەپ ئاتالغان ئەرەب تىلىدىمۇ بىرمۇنچە ئىبرانىي لۇغەتلىرىنىڭ بارلىقى ھەممىگە مەلۇم. سابىق سوۋېت تىلشۇناسى ئۇشاكوۋنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى زامان رۇس تىلى لېكسىكىسىنىڭ 48 پىرسەنتى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەر ئىكەن. ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا نەزەر سالساق، بۇنداق ھادىسىنىڭ شۇچاغلاردىلا يۈز بەرگەنلىكىنى، مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىن «سانغۇن» (جياڭجۈن)، «قونجۇي» (گۇڭجۇ، يەنى مەلىكە)، سوغدى تىلىدىن «ئاژۇن» (دۇنيا، ئالەم)، سانسكرىت تىلىدىن «چېرىگ» (قوشۇن، ئەسكەر) قاتارلىق بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب-پارس سۆزلۈكلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ئىزاھ تەلەپ قىلمايدىغان مەسىلە، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەرەب-پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەرنى ھازىر ھېچكىم چەتتىن كىرگەن دەپ ئولتۇرمايدۇ، ھەتتا ئەرەب ياكى

پارسلارنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق سۆزلۈكلەرنى پەرق ئېتەلمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى، بۇ سۆزلۈكلەر ئۇزاق زامانلىق ئۆزگىرىش جەريانىدا تىل قانۇنىيىتى بويىچە ئاللىقاچان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتتى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ باي ۋە گۈزەل ئەدەبىي تىل بولۇپ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسەرلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلالىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر يېزىقى-نىڭ تەرەققىيات جەريانىمۇ شۇنداق. لېكىن، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەجدادلىرىمىز هەر قېتىم مەلۇم بىر يېزىقنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلمەستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇش قانۇنىيىتى بويىچە، ئۇنى مىللىي تە-لىنىڭ ئەمەلىي ئېهتىياجىغا ماسلاشتۇرغان. مەسىلەن: هازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كې-يىن ئەرەبلەردىن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن زامانلىق كۆپ ئۆزگەرتىشلەردىن كېيىن، هازىرقى ئەرەب يېزىقىدىن پەرقلىنىدىغان بىر خىل يېزىققا ئايلاندى.

دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر پاكىت شۇكى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى بولغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى غەربىي يۇرت خەلقلىرى ئىچىدە هەممىدىن بۇرۇن ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى داۋام-لىق هالدا غەرب دۇنياسىغا تارقاتقانلار ئۇيغۇرلاردۇر. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، خەنزۇ يېزىقىغىلا مۇناسىپ كېلىدىغان بۇ خىل مەت-بەئە تېخنىكىسىنى ئېلىپبەلىك مىخ مەتبەئەگە ئۆزگەرتكەن ۋە ئۇنى «يىپەك يولى» بويلاپ غەرب دۇنياسىغا تارقاتقان، يېقىن-قى يىللاردىن بۇيان، دۇنخۇاڭ، تۇرپان ئويمانلىقى ۋەتارىم ۋادىسى، خېشى كارىدورىدىكى بىرمۇنچە جايلاردىن تېپىلغان

تۇرغۇن مىقداردىكى باسما بۇيۇملار ۋە مىخ مەتبەئە جاھازلىرى بۇنىڭ دەلىلى. ھالبۇكى، ياۋروپادا ئۇيغۇرلاردىن تەخمىنەن 400 يىل كېيىن، يەنى XV ئەسىرلەردىلا تۇنجى مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرى پەيدا بولغان. بۇ پاكىتلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىدا نەقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولغانلىقىنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى.

مەدەنىي مىراسلارنىڭ مول ۋە كۆپ خىللىقىمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن قالغان بىرمۇنچە مەڭگۈ تاشلار، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى (جۈملىدىن ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، پالچىلىق، مۇنەججىملىك، مېدىتسىنا، قانۇنشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر ۋە بۇددا، مانىي، خىرىستىئان دىنلىرى كىتابلىرىنىڭ تەرجىملىرى)، قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلەر ۋە ئىلىم - پەن، ئەدەبىياتقا دائىر باشقا كىتابلار؛ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىڭئۆيلەردە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك تۈمەن تام رەسىملىرى سەنئىتى؛ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان «ئون ئىككى مۇقام» (بۇ، ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى كۇچا مۇزىكىسى، سۇلى قەشقەر مۇزىكىسى، ئىدىقۇت مۇزىكىسى، ئېۋىرغۇل، يەنى قۇمۇل مۇزىكىسى، قۇدۇن، يەنى خوتەن مۇزىكىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى). شۇنىڭدەك مول ۋە خىلمۇ خىل فولكلور ھەم XV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە «چاغاتاي» تىلىدا يېزىلغان مەزمۇنى باي، شەكلى خىلمۇ خىل ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق

ئەمگىكى، ئىسسىق يۈرەك قانلىرى بىلەن بىزگىچە قالدۇرغان، تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى نادىر مىراسلىرى بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق بايلىقى.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇسۇسىيەتلىرى، ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل مىجەز-خۇلقىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن ئىپادىسى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە شۇنداق مول ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇشقا قادىر بولالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي شارائىت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مىللىي تەركىب شەرتلىرىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، مۇھىمى، جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، ياخشىسىنى ئېلىپ، يامىنىنى تاشلاش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە ئىدى. بۇ، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە (جۈملىدىن مەدەنىيەت مىراسلىرىغا) قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى، ئەمەلىيەتتە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى، يەنى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قانداق تەتبىق قىلىش مەسىلىسى. ھەم ۋارىسلىق قىلىش ھەم راۋاجلاندۇرۇش، مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلاش — پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا (جۈملىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە) قاراتقان ۋە ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىزچىل فاڭجېنى. مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا مۇناسىپ

كېلىدىغانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىرىنى دادىللىق بىلەن شاللىۋېتىش لازىم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەرىپەت ئېقىمىنىڭ بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بۇ ساھەدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، XV ئەسىردىكى ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلشىر نەۋائى قاتارلىق بۈيۈك نامايەندىلەر ئۆزلىرى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىللەتلەرنى (مەسىلەن، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئەخلاق ۋە مىجەز - خۇلىق جەھەتلەردىكى نامۇۋاپىقلىقلارنى) پاش قىلىپ، قاتتىق قامچىلىغان؛ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەرىپەتچى ئالىم ۋە شائىرلار ئۇيغۇرلار مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان نادانلىق، جاھالەت، غاپىللىق، ھورۇنلۇق، تەييارتاپلىق، بىكارتەلەپلىك، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەت - خۇراپاتلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىپ، رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، مىللەتنى قالاق ھالەتتە قالدۇرغان سەۋەبلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ تاشلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەكسىيەتچىلەر ھەر ئىككىلەننى پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلغان. ئەپسۇسكى، XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياشاۋاتقان بىزلەر ئۇلارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي رېئاللىققا دادىل كۆز سېلىپ، ئۆزىمىز ئۈستىدىن قايتا ئويلىنىشقا، جەمئىيەت ۋە مىللەت ۋۇجۇدىدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى، مىللەتنىڭ قالاقلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنى دادىل پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئەجدادلىرىمىز تارىختا شۇنداق پارلاق مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى يارىتالىغان ئىكەن، بىز

نېمشقا ئۇنداق قىلالمايۋاتىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ هازىرقى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، دۆلەت بايرىمىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا تيەنئەنمېن مەيدانىدىن ئۆتكەن سەنئەتچىلەر سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى دۆلەت بايرىمىنىڭ 35 يىللىقىدا نېمە ئۈچۈن يەتتىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى؟ هازىرقى كۈندە ياشانغان كىشىلەر چەتتىن كىرگەن زامانىۋى ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ياراتمىغاندەك، ياش بوغۇنلار ئەنئەنىۋى مىللىي ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ياراتمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىزگە بوپا بولۇپ قالدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شۇكى، بىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەر ئاساسىدا، يامىنىنى تاشلاپ، ياخشىسىنى دادىل جارى قىلدۇرۇش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش جەھەتلەردە قىلىۋاتقان ئەمگىكىمىز تولىمۇ يېتەرسىز بولماقتا.

ئاخىرىدا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «تېۋۇسپ بىلەن بالا»، «ئېيىق بىلەن ئوتۇنچى بوۋاي» دېگەن ئىككى مەسەلنى بۇ ماقالىنىڭ خاتىمىسى قىلماقچىمەن:

ئاتلىق كېتىۋاتقان تېۋۇسپ يول ياقىسىدا ئۇخلاپ قالغان بالىنىڭ بۇرنىغا بىر يىلان بالىسىنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، بالىنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ، بالا قېچىپتۇ، تېۋۇسپ ئۇنى قوغلاپ، بىر ئالمىلىق باغقا ھەيدەپ كىرىپتۇ ـ دە، سېسىغان ئالمىنى تويغۇچە يېيىشكە زورلاپتۇ. بالا ئالمىنى يەۋېرىپ ئاخىر قۇسۇپ تاشلاپتۇ، ھېلىقى يىلان بالىسىمۇ قۇسۇق بىلەن تەڭ چىقىپ كېتىپ، بالىنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ.

يەنە بىر مەسەلدە ئېيتىلىشىچە، بىر ئوتۇنچى بوۋاي بوپتىكەن. تاغدا ئوتۇن كېسىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە،

بىر ئېيىقنىڭ ئالىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئېيىقنىڭ پۇتىنى قارىغاي تىسىپ ئالغانىكەن. بوۋاينىڭ رەھمىسى كېلىپ، ئېيىقنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئېيىق شۇ كۈندىن باشلاپ، بوۋاينىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئوتۇن تېرىشىپ بېرىدىغان بوپتۇ. بوۋاينىڭ ھال-ئوقىتىمۇ ياخشىلىنىپ، ئېيىقنىڭ دوستلۇقىدىن مىننەتدار بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي قارىغاي تۈۋىدە سايىداپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىراق، پاشا-چىۋىنلەر بوۋايغا ئارام بەرمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېيىق ھېلىقى پاشا-چىۋىنلەرنى قولى بىلەن قورۇپ بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، غەزەپلەنگەن ئېيىق پاشا-چىۋىنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئاتقانىكەن، پاشا-چىۋىنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بوۋاينىڭ بېشى مىجىلىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئاقىل تېۋىپنىڭ قامچىسىنى يېيىشكە رازىكى، نادان ئېيىقنىڭ دوستلۇق ئىلتىپاتىنى كۆرۈشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

## «ئون ئىككى مۇقام» غا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزىلەر *

1

ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەرەبلەردىن كەلگەن، ئۇ ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى» دەيدىغان سەپسەتىلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىي ھەقدارلىق مەسىلىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىراق، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» غا بولغان تەسىرى مەسىلىسىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قاراش تېخى يېتەرلىك بولمىغاچقا، بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى قۇتۇپقا سەكرەپ، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك

* بۇ ماقالە «ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ‹ئون ئىككى مۇقام› غا بولغان تەسىرى مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 4 - سانى بىلەن «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. كېيىن، 1992 - يىل 8 - ئايدا يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ‹ئون ئىككى مۇقام› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بىلەن 1992 - يىل 11 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ھازىرقى تېمىدا سۆزلەنگەن.

ئىنكار قىلىش خاھىشى پەيدا بولماقتا. بۇ خاھىش «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسىتىلىۋاتقان تىرىشچانلىقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي ئۆلچەم بىلەن ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. چۈنكى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىغا باراۋەرلىك ئالامىتى سىزىش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» غا بولغان تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىيلىككە خىلاپ بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر.

مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق «ساپ مىللەت» بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالى مۇتلەق «ساپ مەدەنىيەت» مۇ بولغان ئەمەس. مۇتلەق «ساپ مىللەت» ۋە «ساپ مەدەنىيەت» نۇقتىئىنەزىرى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۈچ چوڭ ئىگىلىك (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا)، ئۈچ قەدىمىي مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى)، ئۈچ بۈيۈك دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي-ئورال تىل سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى) بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن زېمىندا، ئۆز دەۋرىنىڭ دۇنياۋى قاتناش لىنىيىسى «يىپەك يولى» تۈگۈنىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇزۇن تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بەزى قەدىمىي مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش كۆپ مەنبەلىك، كۆپ

ئاتلاملىق مەدەنىيەتتۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەمما، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان كۆپ مەنبە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشىغان مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر داشقازان ئۇمىچى ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا، مىللىي ئېستېتىك زوقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا، ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بۈگۈنكى كۈندە قانداق مۇھىم رول ئويناۋاتقان بولسا، تارىختىمۇ شۇنداق مۇھىم رول ئوينىغان بىر خىل ئىلغارلىق ئىدى. قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ھال «ئون ئىككى مۇقام» دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ قەدىمكى كۆسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىسى، كېيىنرەك دولان مۇقام كۈيلىرى ئاساسىدا بىخلىنىپ، يىلتىز يېيىش بىلەن قېلىپلاشقان بىر مۇزىكا سىستېمىسىغا ئايلىنىش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ تېخىمۇ بېيىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق سىرتقى ئامىللار ئىچىدە

ئەسىرى تولاراق بولغىنى ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بولغاچقا بۇ توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىمۇ تەبىئىي.

2

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بىرمۇنچە ئەللەردە خېلىدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى، شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى بۇ تېمىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، نەتىجىدە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى دەپ تونۇلماقتا، شۇ جۈملىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «جاھىلىيەت» دەۋرىدىلا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدىكى ناخشا-قوشاق ۋە ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. مىلادى ٥-٦ ئەسىرلەردىن ئېتىبارەن، سودا كارۋانلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، كارۋان قوشاقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان، بەگلىك ياكى كىچىك-كىچىك خانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئوردا-سارايلاردا كەسپىي سازەندە ۋە مۇغەننىيە (ئايال ناخشىچى) لار، داپ بىلەن ناخشا ئېيتىدىغان ھاپىزلار مەيدانغا كېلىشكە باشلاپ، ٧-٨ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەسىدىخان شائىرلارمۇ پەيدا بولغان، ئىبىن ئابۇدا، رابىيە قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، «مىزخەر»، «باربۇد»، «ئۇد»، «تابىل» دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ پەيدا بولغان. ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ھازىرقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەمبۇرمۇ بار ئىكەن. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ھەممىدىن مەشھۇرراقى «ئۇد» دەپ ئاتالغان بىر خىل ساز بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن «ئۇد» دېيىلگەن («ئۇد» ئەرەبچىدە ياغاچ دېمەكتۇر).

قەدىمكى ئەرەب چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى دەپ تونۇلغان

باربۇد توغرىسىدا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بىر مۇنچە ئالىملار (مەسىلەن، ياپون ئالىمى ياسۇخو-تورى نارىشو) باربۇدنى پارسلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دېسە، گېرمانىيە ئالىمى، دوكتور كۇرت ساكس باربۇدنى سانسكرىت تىلىدىكى baharbu دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. باربۇدنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى «پىپا» بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى (Ⅱ ئەسىر) دا ياشىغان مەشھۇر تىلشۇناس ليۇشى ئۆزىنىڭ «ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھاتى. چالغۇ ئەسۋابلىرى قىسمى» ناملىق كىتابىدا باربۇدنىڭ ئەسلى ۋەتىنى «غۇزلار» (قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىدە ياشىغان مىللەتلەر) دىيارى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چالغىلى بولىدىغان بىر خىل ساز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتكەن. يەنە بىر مۇنچە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا باربۇدنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅱ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «غەربىي يۇرت» تىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلىغانلىقى، سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە (مىلادى Ⅵ ئەسىردە) كۇسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە كەڭ تارقالغانلىقى قەيت قىلىنىغان، بۇ پاكىتلار باربۇدنىڭ ئەرەبلەرگە ھازىرقى شىنجاڭ ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىلادى VI، VII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بەيرەمەلى ۋىلايىتىگە يېقىن مەرۋە شەھىرىدە باربەد ناملىق بىر مۇزىكانت ياشىغان، ئۇ كىشى ھەم كومپوزىتور، ھەم ھاپىز، ھەم شائىر ئىكەن. باربەد ئۆز ھاياتىدا ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىگە نىسبەت بېرىپ، يەتتە خىل ئاھاڭ توپلىمى، ئاينىڭ 30 كۈنىگە قىياسلاپ 30 كۈي، يىلنىڭ 360 كۈنىگە بېغىشلاپ شۇنچە كۆپ تەرانە (ئاھاڭ - كۈي) ئىشلىگەن، بۇ كۈيلەرنىڭ ھەممىسى باربۇد

بىلەن ئورۇندىغان. ئۇ ئىشلىگەن تەرانەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، ئۆزبېك «شەش مۇقامى» (ئالتە مۇقام) سىلسىلەسىدىكى «زەرەفكەندە»، «خۇسرەۋانى»، «نەۋرۇزى بۇزرۇك»، «نەۋرۇزى ئەجەم»، «نەۋرۇزى خارا» مۇقام يوللىرىدا باربەد ئىجادىنىڭ ئەنئەنىلىرى بەۋاستە داۋام قىلماقتا. فارابى، ئىبىن سىنا ۋە ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق زاتلار باربەدنىڭ مۇزىكا ئىستېدادىغا يۈكسەك باھا بەرگەن.

بۇ پاكىتمۇ باربۇدنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئۆز مىللىي سازى بولماستىن، پارسلاردىن كىرگەنلىكىنى، پارسلارغا بولسا ھىندىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋرىگە دائىر ماتېرىياللار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا قەدىمكى مېسوپوتامىيە مۇزىكا ئەنئەنىسى بىلەن پارس مۇزىكا ئەنئەنىلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغان، ئۇلار يەنە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي ساھىلى (قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرى) نى بويلاپ، شىمالدىن جەنۇبقا كۆچكەن يەھۇدىلار ئارقىلىق ئىبرانى مۇزىكىسىنىڭمۇ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا، يۇنان، ئىران، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇردى.

XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئەرەب مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن سالۋادور دانىيال، ئېرلانگېر بارون، كۇرت ساكس، گېئورگى فارمېر، ياسۇخوتورى نارىئو ۋە فەن تيەن قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى گۈللىنىش مەنزىرىسى تەخمىنەن مۇنۇ جەھەتلەردە نامايان بولىدۇ:

دەسلەپكى تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن، مىلادى 662 - يىلى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، يۈز يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۆمەييە خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇزىكا سەنئىتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئەركىن راۋاجلىنىشقا ئېرىشتى. مۇزىكانتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى، مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىش قۇللارنىڭلا كەسپى بولۇپ قالماستىن، «ئەركىن» كىشىلەردىنمۇ مۇزىكانتلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا مۇزىكا ئەھلىنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى جەمئىيەتلىرى مەيدانغا كەلدى، مۇزىكا نومۇرلىرى ئوردا - سارايلاردىلا ئورۇندىلىپ قالماي، جەمئىيەتكىمۇ كۆرسىتىلىدىغان بولدى. شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر غەزەلخانى جەمىلە (ۋاپاتى مىلادى 720 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) مەدىنە ۋە مەككىدىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن مەشق ئورۇنلىرى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئايال مۇزىكانتلارنىڭ ھەج قىلىش ئۈمىكى مەككىدە زور مۇزىكا مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئىبىن مەسجىخ ۋە ئىبىن سەلىج قاتارلىق مەشھۇر ھاپىزلارمۇ شۇ دەۋردە يېتىشكەن. سەلىج ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغان تۈركىي تىللىق بىر قۇلنىڭ ئوغلى بولۇپ، «ئۇد پارسى» دېگەن سازنى ئەرەبلەر ئارىسىدا تارقاتقانىدى. بۇ دەۋردە يۇنانلىقلارنىڭ مۇزىكىغا دائىر ئەسەرلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشقا باشلاپ، ئەرەبلەر يۇنانلىقلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇزىكا ئىلمىغا دائىر ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى. يۇنۇس ئەل - كاتىپ، ئىبىن ئەل قەلبى قاتارلىق ئالىملارنىڭ «كىتاب تەرانە»، «كىتاب مۇغەننىيە» ناملىق كىتابلىرى مەيدانغا كەلدى. X ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس ئالىمى ئىسفەھانىنىڭ «قامۇسۇلغىنا» (ناخشا - كۈي قامۇسى) ناملىق ئەسىرىمۇ شۇلارنىڭ ئاساسىدا

يېزىلغان دېگەن مەلۇمات بار.
ئەرەب مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۇ دەۋردە راۋاج تېپىشىنى
ئۇمەييە خەلىپىلىرىنىڭ پەن ـ سەنئەتكە تۇتقان پوزىتسىيە-
دىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، خەلىپە مۇئاۋىيە-
شەخسەن پەن ۋە سەنئەتنىڭ ھامىيسى ئىدى، ئىككىنچى خەلىپە
ۋەلىد I مۇزىكا خۇشتارى بولۇپ، «مۇسۇلمان ئوردا ـ سارايـ
لىرىنى دىنسىزلاشتۇرۇۋەتتى» دېگەن سۆزلەرگىمۇ قالغان؛
ئۈچىنچى خەلىپە ۋەلىد II دەۋرىدە مۇزىكا ئەڭ گۈللەنگەن
بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناخشا ئېيتىش، ساز چېلىش، شېئىر
يېزىش ۋە ئاھاڭ ئىشلەش بويىچە شۇ زامانىنىڭ ماھىرلىرىدىن
ھېسابلىناتتى. پايتەختنىڭ مەدىنىدىن دەمەشققە كۆچۈرۈلگەن-
لىكى تۈپەيلى، بۇ دەۋردىكى ئەرەب مۇزىكىسىدا سۈرىيىنىڭ
يەرلىك پۇرىقى ئالاھىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى.
مىلادى 750 ـ يىلى ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ،
شەرقتە باغداتنى پايتەخت قىلغان ئابباسىلار خەلىپىلىكى،
غەربتە (ئىسپانىيىدە) كوردوۋانى پايتەخت قىلغان كېيىنكى
ئۇمەييە ياكى غەربىي خەلىپىلىك قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرەب
مۇزىكىسى تېخىمۇ يۈكسەلدى. ئابباسىلار ئەڭ كۈچەيگەن
دەۋردە، خەلىپىلىكنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە ئىران ۋە
خوراساندىن ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، غەربتە جەنۇبىي
ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا ۋە شىمالىي ئافرىقىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئەرەب مۇزىكىسى باشقا مىللەتلەر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ
مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە
تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېرىشتى. بۇ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەرەب
مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تەخمىنەن مۇنداق جەھەتلەر-
دە ئىپادىلىنىدۇ:
يۇنانلىقلارنىڭ ئىلمىي مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش

ئاساسىدا، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئىسلامغا كىرگەن باشقا خەلقلەر ئىچىدىن خاككام ۋادى، ئىبراھىم مەۋسىلى، ئىبن جامى، زالزال، زەرياب، ئەل ـ كىندى، ئىبن قۇردابى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىسفىخانى، ئىبن سىنا قاتارلىق كاتتا ئالىم ۋە مۇزىكا پىرلىرى مەيدانغا كېلىپ، مۇزىكا ئىلمى، مۇزىكا تارىخى، كۈي ۋە رەقس (ئۇسسۇل) نەزەرىيىسى، مۇزىكا پېداگوگىكىسى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىسلاھاتى قاتارلىق باي مەزمۇنلارنى ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. بولۇپمۇ ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان بىزنىڭ فارابىمىز نۇرغۇن پەنلەر قاتارىدا مۇزىكا ئىلمىغا دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەر (مەسىلەن، «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» ۋە باشقىلار) نى يازغاندىن تاشقىرى، يۇنان كىتابلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. ئۇلۇغ ئالىم ئىبن سىنا كۈي ـ ئاھاڭلارنى شەكىللىرى بويىچە تەشكىللەش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇن ئىككى خىل ئاساسىي كۈي (ئانا كۈي) شەكىلىگە مۇجەسسەملەشنى تەشەببۇس قىلدى. XIII ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ ئاساسىي (ئانا) كۈيلەرنىڭ ھەر بىرى بىر «مۇقام» دەپ تۆۋەندىكىچە ئاتىلىدىغان بولدى:

ئۇشاق، ناۋا، رۇست، زەنگولا، ئىراق، ئابۇ، راھاۋى، بۇزرۇك، سەلىك، ھىزاجى، زىرەفكەند، ھۈسەينى.

غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەبۇ نەسىر فارابى بىلەن ئىبن سىنانى ئەرەب مۇزىكا تارىخىدىكى ئەڭ زور نەزەرىيىچى ئەللامىلار دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشقان ھەسسىلىرى توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار يازغانلىقىمۇ (مەسىلەن، ئېرلانگىربارونىنىڭ «ئەرەب

مۇزىكىسى» ناملىق بەش توملۇق كىتابىنىڭ I ۋە II توملىرى
قاتارلىقلار) ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

ساز جەھەتتە قەدىمكىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىرىنى
يارىتىش ۋە چەتتىن قوبۇل قىلىش ھېسابىغا ئۇد، قالۇن، تەم-
بۇر، راۋاب، نەي، سۇناي، ناغرا، داپ، كامانچا، ساتار، قوبۇز،
ئەۋزان قاتارلىقلار بىر قەدەر ئومۇملاشتى.بىراق، بۇ سازلارنىڭ
بەزىلىرى نامى جەھەتتىن ھازىرقىغا ئوخشىسىمۇ، ماھىيەتتە
باشقىچە ئىدى. مەسىلەن، ئۇ چاغلاردىكى تەمبۇرنىڭ يۈزىگە
ياغاچ ئەمەس، تېرە تارتىلاتتى. شۇڭا، ئاۋازىمۇ داراڭلاپ
چىقاتتى. راۋاب غىجەككە ئوخشاش كامانچا بىلەن چېلىناتتى.
بەزى سازلار بولسا تۇغرىدىن-تۇغرا چەتتىن كىرگەنىدى.
مەسىلەن، قالۇن ئەسلىدە مىسىر-سۈرىيىلىكلەردىن، ناغرا
بىلەن دۇمباقمۇ مىسىرلىقلاردىن، نەي، تەمبۇر ۋە راۋاب
پارسلاردىن، قوبۇز بىلەن ئەۋزان تۇغرىدىن تۇغرا ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن كىرگەن دېگەن مەلۇ-
ماتلار بار.

ياپون ئالىمى ياسۇخوتورى نارىئونىڭ «ئۇ چاغدىكى باغدات
ئۇز زاماندىشى بولغان چاڭئەن (تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى،
ھازىرقى شىئەن) نىڭ ئاۋادانلىقى بىلەن ھۆسنى تالىشالايدى-
غان ھالەتكە يەتكەن؛ ئەدەبىيات سەنئەت، پەن، پەلسەپە قاتارلىق
مەدەنىيەت ساھەلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھىمايىگە ۋە قەدىرلەشكە
ئېرىشكەن؛ ئوردا-سارايلار مەخسۇس مۇزىكانتلار بىلەن غەزەل-
خان قىزلار توپلىنىدىغان دەرگاھقا ئايلانغان» دېگەن سۆزلىرى-
مۇ ئاببasılar خەلىپىلىكى دەۋرىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە ئەرەب
مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ. بىراق، بىرەر يۈز يىلدىن كېيىن، ئاببasılar خەلىپى-
لىكىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە خاتىمە بېرىلىشكە باشلاپ، مۇزىكا

تەرەققىياتىدىمۇ تۇرغۇنلۇق ھالىتى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئاندولۇتسىيە (ئەندەلۇس) رايونىدىكى كوردوۋانى پايتەخت قىلغان غەربىي خەلىپىلىك دائىرىسىدە مۇزىكا سەنئىتى يەنىلا يۈكسىلىش دەۋرىدە تۇراتتى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زەرياب قاتارلىق مۇزىكىشۇناسلارنىڭ پائالىيىتى كەڭ ئەۋج ئالدى، غەربىي خەلىپىلىكتە مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتى تاكى مىلادى 1492-يىلى ئەرەبلەر ئىسپانىيىدىن قوغلانغانغاقەدەر داۋام قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. مۇزىكا سەنئىتى جەھەتتە ھەر ئىككى خەلىپىلىك دەۋرىدە ئوخشاشلىق كۆپ بولغاچقا، غەربىي خەلىپىلىكتىكى ئەھۋال توغرىسىدا كۆپ توختالماي، شۇنى ئەسكەرتىشنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇركى، شەرقىي خەلىپىلىك، يەنى ئابباسىلار گۈللەنگەن دەۋردە ئۇنىڭ پايتەختى باغدات شەھىرى چاڭئەن بىلەن «ھۆسن تالىشالايدىغان» دەرىجىگە يەتكەن بولسا، غەربىي خەلىپىلىك گۈللەنگەن دەۋردە، ئۇنىڭ پايتەختى كوردوۋا مەدەنىي ھايات جەھەتتە ۋىزانتىيە پايتەختى قوستانتىنىيە (يەنى كونستانتىنوپول) دىن قالسىلا ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئاۋات شەھەر بولۇپ قالغانىدى.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، چىڭگىز ئەۋلادى بىلەن سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن، باغدادنىڭ ئاۋادانلىقى تۈگىگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ بىر تۇتاش گۈللىنىش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى، مۇزىكىنىڭ بەزى دىنىي ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، يۇنانلىقلارنىڭ ئىلىم-پەنى بىلەن ئىران ۋە جۇڭگونىڭ «غەربىي يۇرت» مۇزىكا سەنئىتى تەسىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە «غەربىي يۇرت» مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسىنى كېيىنكى بابقا قال-

دۇرۇپ، كېزى كەلگىنى ئۈچۈن ئىسلام دىنى بىلەن مۇزىكىنىڭ
مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

3

بەزى ئادەملەر ئېيتقاندەك، ئىسلام دىنى مۇزىكىغا قارشىمۇ؟
ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلىدىن كېيىن مەلۇم زامان
تەرەققىي قىلالماسلىقىغا ئىسلام دىنى سەۋەب بولغانمۇ؟ بۇ
مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تارىخىي پاكىتلاردىن ئىزدەش لازىم.

دەرۋەقە، ئىسلام دىنىدا خرىستىئان ياكى بۇددا دىنلى-
رىدىكىدەك دىنىي مۇراسىملاردا ئورۇندىلىدىغان خاس دىنىي
مۇزىكا (مەسىلەن، ناخشا ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن
ئورۇندىلىدىغان نومۇرلار) بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئىبادەت، ئۆلۈم
ئۇزىتىش، ماتەم ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملاردا ناخشا ئېيتىش
ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش مەنئى قىلىنغان. ئەمما، ئىس-
لام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان» ئايەتلى-
رىنىڭ ھېچبىرىدە مۇزىكىغا قارشى گەپ يوق، ئەكسىچە
«قۇرئان» ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا «جەننەتتە خۇش ئاۋاز
بۇلبۇللار ئاجايىپ ياخشى غەزەل ۋە نەغمە-ناۋا بىلەن مەش-
غۇل، ھۆرى-غىلمانلار غەزەلخانلىق قىلىدۇ» دەپ تەسۋىرلەن-
گەن. ياسۇخوتورى نارىئۇنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا،
ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇزىكىنى ئىنسان
تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى دەپ بىلەتتى
ۋە شۇ دەۋرنىڭ قەسىدىخان شائىرى ھەسەننىڭ غەزەلخان
قىزى سەفىيەنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خوتۇن-
لىرىنىڭ بىرى قىلىپ جاكارلىغان. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى،
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئاشكارا جاكارلاشنى
«ئەزەن» بىلەن باشلىغان. «ئەزەن» ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ۋە
رىتىم بىلەن مۇكەممەل بىر مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئاللىقا-

چان نوتىغا ئېلىنغان، ھەتتا بەزى ئەللەردە «ئەزەن» مېلودى-يىسى دراما ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. مۇھەممەت ئەلەيھىس-سالامدىن كېيىن، خۇلاپايى راشىدىن (دەسلەپكى تۆت خەلىپە)دىن ئابۇبەكرى دەۋرىدە، ئىبادەتكە دەخىل يەتمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، ئويۇن - تاماشا «مەكروھ»، يەنى تەشەببۇس قىلىنمايدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئابۇبەكرىنىڭ دەۋرىدىن كېيىن، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى زامانلىرىدا، مۇزىكا پائالىيەتلىرى ئۇنچىلىك چەكلەنمىگەن، ئۆمەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىمۇ مۇزىكا خۇمار ئىدى. ئوسماننىڭ زامانىدا، ئىران، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەچكە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا گۈللىنىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كېلىپ، مۇزىكا سەنئىتى قايتا جانلىنىشقا باشلىدى. خەلىپە ئېلىنىڭ ئۆزى شائىر بولغاچقا، پەن، ئەدەبىيات، سەنئەتنى توغرا ئىش دەپ تونۇپ، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن. بۇ پاكىتلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولمىغانلىقى، بەلكى باشتىن تارتىپلا ئىجابىي پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاپايى راشىدىن دەۋرىدىن كېيىن، ئۆمەييە خەلىپىلىكى (جۇملىدىن غەربىي خەلىپىلىك) دەۋرىدە، ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ماقالىمىزنىڭ 2 - قىسمىدا بىر قۇر بايان قىلغانىدۇق . ئابباسىلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە بولسا، مۇزىكا سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىياتنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت ھامىيسى بولغانلىقى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئىسلام مۇزىكىسى» ناملىق كىتابتىن نەقىل قىلىپ تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىش كۇپايە: ئابباسىلارنىڭ 3 - خەلىپىسى مەبۇت-

نىڭ ئۆزى مۇزىكا خۇمار بولۇپلا قالماي، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئىبراھىم مەۋسىلى، خاككام ۋادى باشلىق نۇرغۇنلىغان مۇزىكشۇناسلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلغان، ئىبراھىم مەۋسىلى بىرلا قېتىمدا بىر يۈز ئەللىك مىڭ دىنارلىق تارتۇققا ئېرىشكەن دېگەن مەلۇمات بار. 5-خەلىپە ھارۇن رېشىت دەۋرىدە باغدات شەھىرى پەن ۋە سەنئەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ئىستىلىستىكا، شېئىرىيەت، تارىخ، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەت قاتارلىق پەنلەر بىلەن بىللە مۇزىكىمۇ ئۇنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن. 6-خەلىپە ئەمىنىنىڭ بىر قېتىملىق ئوردا زىياپىتىدە يۈز نەپەر غەزەلخان قىزغا ئويۇن قويدۇرغانلىقى كېيىنكى زامانلارغىچە ھېكايە قىلىنىپ كەلگەن. بۇ پاكىتلار ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ دىن بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمىغانلىقىنى، ئوردا-سارايلاردىكى ئەيش-ئىشرەت تەقاززاسىدىن بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى دىنىنىڭ ھامىيسى دەپ ئاتىغان خەلىپىلەرنىڭ ئەينى چاغدا مۇزىكىنىڭمۇ ھامىيسى بولغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجادى بولغان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ شۇلارنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام تارىخىدا بىر قىسىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە قارشى چىققانلىقىمۇ بىر پاكىت. خۇددى سۇلتان ئابدۇرشىتخان زامانىدا، ئۇستاز قىدىرخان ياركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىسانىڭ «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەش پائالىيىتىگە بىر ئوچۇم سوپى-ئىشانلارنىڭ قارشى چىققىنىغا ئوخشاش، ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ شۇنداق قارشىلىقلار بولغان. ئابۇبەكرى زامانىدا ئويۇن-تاماشا ۋە مۇزىكىغا «مەكرۇ» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىكى

بۇ مۇتەئەسسىپلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ۋە مۇزىكا ئەھلىگە قارشى چىقىشتىكى زاھىرىي باھانىسى بولسىمۇ، ماھىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەقەززاسىدىن كېلىپ چىققان ئىغۋاگەرچىلىك ئىدى. بۇ خۇددى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ھوزۇرىدا قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ، سىياسىي مەۋقەسى مۇستەھكەملەنگەنسېرى، سوپى-ئىشانلار ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى تەھلىكىگە ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىپ، دەھشەتلىك ھەسەت ئوتىدا كۆيگىنىچە، «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ رەتلىنىشىگە قارشى چىقىش يولى بىلەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئەمەلىيەتتە بولسا ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن چاغدىن باشلاپلا، بىر مۇنچە دىنىي پائالىيەتلەر مۇزىكا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، مەسىلەن، ئەزەن ۋە تەكبىر ئېيتىش، قىرائەت قىلىش، مەۋلۇد ئوقۇش ۋە باشقىلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 622-يىل 9-ئايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە بارغاندا، ئابۇ ئايۇپ ئەنسارى دېگەن ساھابە يۈزدىن ئوشۇق ئۆسمۈر باللارغا مەۋلۇد بېيىتلىرىنى گۈزەل بىر ئاھاڭدا ئوقۇتۇپ ئىستىقبالغا چىققان، پەيغەمبەر بۇنىڭدىن خۇشال بولغان.

سوپى-ئىشانلارنىڭ زىكرى-تەلقىنى ياكى ھالقا ساماسىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مۇزىكىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ھالقا ساما بولغاندا، ئالدى بىلەن ئىشان ياكى خەلپە باشلامچىلىقىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ خەتمە قىلىنىدۇ؛ ئاندىن ھاپىزلار ئەركىن ئۇدارلىق مۇقام شەكلىدە ھۆكمەت ئوقۇيدۇ؛ بۇ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مۇقىم ئۇدارلىق ھۆكمەت باشلىنىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن رىتىملىق جەھرە قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا جەھرىنىڭ سۈرئىتى

ۋە ئۇدار تاكتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىپ ھەممىلەن ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ، ھالقىسمان بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
ھەرىكەتكە كېلىپ، ساماغا چۈشىدۇ. ھالقا سامادا ئوقۇلىدىغان
ھىكمەتلەرنىڭ ئاھاڭلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلى-
رىنىڭ، ھەتتا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاھاڭلىرىغا ئوخشاپ
كېتىدۇ. مۇزىكا لۇغىتى بويىچە، تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئاھاڭلار
2/4 لىك ياكى 3/4 ۋە 7/8 لىك ئۇدار سىستېمىسىغا چۈشى-
دۇ. مۇنداق ئاھاڭلار مۇڭلۇق ۋە رىتىملىق بولۇپ، كىشىنى
قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ساما شەكلىنىڭ ئۆزى بولسا ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرى تىپىغا كىرىدۇ.

باخشى (پېرىخون) لىقنىمۇ مۇزىكىلىق قىسمىتى جەھەتتىن
بىر خىل مۇزىكا سەنئىتى دېيىشكە بولىدۇ. باخشىلىق ئەسلىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بولغان شامان
دىنىدىن قالغان خۇراپىي ئادەت. ئىسلامىيەتتىن كېيىن باخشىلار
ئۇنىڭغا بەزى غەلىتە ئەرەبچە، ياكى پارسچە ئىبارىلەرنى قوشۇپ
چۈشىنىكسىز دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن ئۇنى تېخىمۇ خۇراپىي
دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈۋالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، باخشىلىق بىلەن
ئىسلام دىنىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بەلكى ئىسلام دىنىدا
بۇ خىل ئىشلار بىدئەت دەپ مەنئى قىلىنغان. ئەمما، باخشىلار
تۇغ باغلاپ، خەنجەر ئويىنىتىپ، كېسەل «داۋالاش»قا كىرىش-
كەندە، يوغان داپلار بىلەن ناخشا-غەزەللەرنى ئوقۇيدۇ،
ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەنەم، سەلىقە قاتارلىق ئاھاڭلارنى
تولۇق ئىجرا قىلىدۇ. دېمەك، باخشىلىقمۇ سۈنئىي ھالدا
دىنىي تۈسكە كىرگۈزۈۋېلىنغان بىر خىل مۇزىكا پائالىيىتى
ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىنقى بابلاردا ئىسلام ئېتىقادىدىكى مۇزىكىشۇناسلاردىن
ناملىرى زىكىر قىلىنغان زاتلار ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇزىكا

پەرلىرى بولۇش بىلەن بىللە، ئەينى چاغدا تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن نىزامىي گەنجىۋى، شەيخ سەئىدى، ئابدۇراخمان جامى، ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائىي كەبى گېنىئال ئەدىبلەرمۇ ئۆز ئېتىقادلىرى بويىچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىققان ئۇلۇغ نامايەندىلەر ئىدى، ھالبۇكى، ئالدىنقىلارنىڭ تەقۋادارلىقى ئۇلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىگە توسقۇن بولمىغىنىدەك، كېيىنكىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مۆجىزىلىك ئەمگەكلىرى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقىغا دەخىل يەتكۈزگەن ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ زاتلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، جالالىددىن رومى) ھەتتا تەسەۋۋۇپچىلىقتا مايىل بولۇشىغا قارىماي، مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆزى سازەندە ھەم بەستىكار (كومپوزىتور) بولغاننىڭ ئۈستىگە، «شائىر ئۇچۇن نەغمە ئۇنىڭ ئىجادىنىڭ بىر قىسمى» دەپ، شائىرلارنى مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلاتتى.

يېقىنقى ئۇيغۇر تارىخىنى ۋاراقلىساق، بىرمۇنچە ئۇچۇق پىكىرلىك دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ساز بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا (بەزىلەرنىڭ دۇتار، تەمبۇر، بەزىلىرىنىڭ غىجەك چالدىغانلىقىغا)، ھەتتا ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ناغرا - سۇناي بىلەن ئوينىلىدىغان ئاممىۋى ساما ئۇسۇلىنى ئالدى بىلەن ئۆلىمالار دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، ئۆزى باشلاپ بېرىدىغانلىقىغا دائىر مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. بۇ پاكىتلارمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكىغا قارشى ئەمەسلىكىنى، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئۆتمۈشتە مەلۇم تۇرغۇنلۇقتا قېلىپ تەرەققىي قىلالماسلىقىغا ئىسلام ئەقىدىلىرى ئەمەس، بەلكى بىرمۇنچە

سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللار قاتارىدا بىر قىسىم مۇتەـ ئەسسىپ كۈچلەرنىڭ 1400 نەچچە يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ھېلىقى «مەكرۇھ» دېگەن پەتىۋانى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» غا تەسىر كۆرسىتىشىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، بولۇپـ مۇ بۇ ئىككى خىل مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۇقام سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالدىنقى بابلاردا ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ تارىخىغا دائىر بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئەرەب مۇزىكىسى مىلادى IV ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە قوشاقـ لارنى ئاددىي سازلار بىلەن ئورۇنداش، يەنى يەككە ئاۋاز سىستېمىدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىدى. ئۇلاردا تېخى ھېچقانداق مۇزىكا نەزەرىيىسى بارلىققا كەلگەن ئەمەس. ھالبۇـ كى، بۇ مەزگىللەردە ھازىرقى شىنجاڭ ئاللىقاچان «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» غا مۇناسىپ ھالغا يېتىپ ئۆز شۆھرىتىنى ئەتراپقا يېيىشقا باشلىغانىدى، بۇنىڭ ئېنىق نامايەندىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ، كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى مىلادى IV ئەسىردىن VII ئەسىرگىچە بولغان ئارىـ لىقتا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە ئېرىشكەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، جۇجىنباۋنىڭ «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدىن بەزى مىساللارنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە:

كۇسەن مۇزىكىسى دېگەندە، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى كۇچا دىيارىدا تارالغان مۇزىكىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى

دەۋردىكى راھىب شۆئەنزاڭنىڭ بايانى بويىچە يېزىلغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت» دېگەن ئەسەردە كۇسەن مۇزىكىسى ھەققىدە سۆزلىنىپ، «يەللىك ۋە تارلىق سازلارنى ئورۇنداش ماھىرلىقى بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەر ئارا داڭقى چىققان» دېيىلىدۇ. «شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا ۋە «سۇينامە» دە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مىلادى IV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە (ھازىرقى ئىچكى ئۆلكىلەرگە) تارقىلىپ كىرگەنلىكى يېزىلغان، كۇسەن مۇزىكىسى باشلىنىش نەغمىسى، بايان نەغمىسى ۋە ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. روشەنكى ئۇ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن چوڭ نەغمە ئىدى. شەكىل جەھەتتىن «چوغ»، «ھاردۇق»، «شوخ» بولۇپ تۈزۈلگەن. «چوغ» ناخشىغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمىسى» نى بىلدۈرىدۇ، «ھاردۇق» بايان نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «داستانى» نى بىلدۈرىدۇ، «شوخ» ئۇسسۇللۇق سەنەم نەغمىسى بولۇپ، مۇقامنىڭ «مەشرەپى» نى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كۇسەن مۇزىكىسى مۇكەممەل كۈي شەكلى نەزەرىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۈچ بۆلەكلىك يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمە شەكلىنى ئالغانىدى. چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ 16 خىلغا يەتكەن. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى «بەش تار» ھازىرقى ئۇيغۇر راۋابىغا تارىخىي مەنبە بولغان. كۇسەن مۇزىكىسىدا قوللىنىلغان نەي ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. كۇسەن تام سۈرەتلىرى يادىكارلىقىدا ساقلىنىپ قالغان داپنىڭ شەكلى ھازىرقى داپقا ئوخشايدۇ. كۇسەن مۇزىكىسىدىكى «بىبلى» ھازىر ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان بالامانىڭ ئۆزى. ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىكى مۇقام بىلەن كۇسەن مۇزىكىسى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ... مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا كۇسەن مۇزىكىسىنى مۇقام دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مۇقام-

نى كۆسەن مۇزىكىسىنىڭ ئەل ئۆزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىكى ئورتاقلىقتىن قارىغاندا، كۆسەن مۇزىكىسى مۇقامنى تارىخىي ئەنئەنە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ مۇقامنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۆشۈكى، شۇنداقلا مۇقامنىڭ پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان تۇنجى مەركەزلىك ماكانىدۇر.

مىسىرلىق ئەھمەت شەفىق ئەبۇ ئەۋۋاھىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەرەبلەردە مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش XIII ۋە XIV ئەسىرلەردە باشلانغان» دېيىلگەن. كۆسەن مۇزىكىسىغا كەلسەك، تاڭ دەۋرىدىلا (يەنى VII ئەسىردىلا) ئۇنىڭ نوتا كىتابلىرى بولغانىدى. كۆسەن مۇزىكىسىدىكى بايان نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمە - كۈيلەر ئىنستىرومېنتاللىق (يەنى چالغۇ ئەسۋابلىرى ياردىمى بىلەن ئورۇندىلىدىغان) مۇزىكا ئىدى. ئەرەب مۇزىكىسى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئاندىن پارس ۋە تۈركلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنستىرومېنتاللىق مۇزىكىلارغا ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ كۆسەن مۇزىكىسىغا قارىغاندا، بىرنەچچە ئەسىر كېيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ پاكىتلار ئەرەب مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي قۇرۇلما باسقۇچىدا تۇرغان ئەسىرلەردە ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۇكسەك سەۋىيىگە يېتىپ (گەرچە ئۇ چاغلاردا تېخى «مۇقام» دېگەن سۆز قوللىنىلمىغان بولسىمۇ)، قۇرۇلما جەھەتتە مۇقام بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ پاكىتلار يەنە ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدە زادى قايسىسىنىڭ قايسىسىغا بالدۇر ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىقلاشقىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇ پاكىتلارغا قاراپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئەرەب مۇزىكىسىغا بالدۇر تەسىر كۆرسەتكەنىكەن دېگەن مەنتە-

قى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. ئەمدى بۇ مەنتىقىي خۇلاسىنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنىلا تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەرەب مۇزىكىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان باربۇد (يەنى پىپا) نىڭ ئەسلى ۋەتىنى ھازىرقى شىنجاڭ ئىكەنلىكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ يەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشكە باشلاپ، مىلادى IV ئەسىردە كۆسەن باربۇدىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقالغانلىقى، بۇ سازنىڭ VII ئەسىر ئىچىدە پارسلار ئارقىلىق ئەرەبلەرگە كىرگەنلىكى، پارسلارغا بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغانلىقى ھەققىدە ماقالىمىزنىڭ 2 - قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. گېرمانىيە ئالىمى كۇرت ساكىسنىڭ تەكشۈرۈشىچە، «باربۇد» دېگەن سۆزنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى baharbu سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقىمۇ ئەسكەرتىلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ يېزىق تىلى بولغان سانسكرىت تىلىنىڭ بۇددا دىنى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەنلىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سانسكرىت تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ خېلى كەڭ قوللىنىلغانلىقى (مەسىلەن، سارت، چېرىك، براخمان دېگەنگە ئوخشاشلار) نى ھېسابقا ئالغاندا، بۇ پاكىتمۇ «باربۇد» نىڭ ئەرەبلەرگە بىزدىن كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قوبۇز (ياكى قومۇز) ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى سازلىرىدىن بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن «شاھزادە قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت» تە: «شاھزادە قوبۇز چېلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى» دېگەن بىر جۈملە بار، قەدىمكى رىۋايەتتە «قوبۇز» دېگەن سازنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ساز ئەرەبلەرگە IX ئەسىر

دە بىز تەرەپتىن بېرىپ تارقىلىشقا باشلىغاندى.

تاڭ دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەبلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) گە كېلىپ، ئۆي-ئوچاق لىق بولۇپ ئولتۇراقلاشقانلىرى بىرنەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم «يىپەك يولى» نى كېزىپ، كۇسەندىن ئۆتمەي قالمايتتى (كۇسەندىن باشقا، سۇلى يەنى قەشقەر، ئىدىقۇت يەنى تۇرپاندىن ئۆتۈشمۇ چوقۇم ئىدى). شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۇسەن (جۈملىدىن سۇلى، ئىدىقۇت) مۇزىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇل-لىرىنى ئەرەب دۇنياسىغا ئېلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇقەررەر.

قەشقەر ۋە بالاساغۇننى پايتەخت قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ سۇلالە تېررىتورىيەسىنىڭ غەربتە بۇخارا ۋە سەمەرقەندكىچە كېڭىيىپ بېرىشى ئەرەب مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن مۇزىكا-سەنئىتىنى ئۇيغۇر مەدەنى-يىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بىۋاستە ۋە كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. چۈنكى بۇ چاغلاردا ئەرەبلەر بۇ يەرلەرگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ۋە بۇ يەرلەردىكى مەدەنىيەت بايلىقىدىن كەڭ كۇشادە بەھرىمەن بولماقتا ئىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە، ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسى ئەبۇنەسىر فارابى ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتاب ئەلمۇسىقى كەبىر» دېگەن ئەسەردە مۇزىكا نەزەرىيىسى چالغۇ ئەسۋابلار، ماسلاشقان ۋە ماسلاشمىغان ئىنتېرۋاللار (ئارىلىقلار)، رىتىم، ئىجادىيەت قانۇنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، دوكتور دارمۇر ئۆزىنىڭ «ئەرەب مۇزىكىسىدىكى ئاۋاز تىزمىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «بىزنىڭ ئەرەب مۇزىكا

گامماسى (ئاۋازلار تەركىبىدىكى يېقىن تاۋۇشلار مەجمۇئەسى) توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئەڭ ئاۋۋال ئەبۇ نەسىر فارابىدىن باشلاندى» دەپ يازغان.

ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مىلادى X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدىن، يەنى ئىسلام دىنى بىلەن تەڭ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ بىللە كىرىپ كېلىشىدىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن تىل ھادىسىسىدە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى، يەنى ئەرەب تىلى بارا - بارا ئىلىم - پەن تىلىغا، پارس تىلى ئەدەبىيات - سەنئەت تىلىغا ئايلىنىشقا باشلاپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر پەيدىنپەي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، ھەتتا قاراخانىلارنىڭ خانلىرىدىن باشلاپ (مەسىلەن، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىگە ئابدۇلكېرىم دەپ ئەرەبچە ئات قويغاندەك) ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب ياكى پارس تىلىدا يېزىشقا كىرىشتى. شۇنداق شارائىتتا، بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن كۈي-ئاھاڭلارغا ئەرەبچە ياكى پارسچە نام بېرىلىشى، ئەرەبچىدىن «مۇقام» سۆزىنىڭ كىرگەنلىكى نەتىجىسىدە، كېيىنچە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بەزىبىر ناملىرىنىڭمۇ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

ئەمما، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالماقلىق بىلەن ئۇنىڭ مىللىي ماھىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، يەنى ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇزىكا سەنئىتى شۇ مىللەتنىڭ پسىخىك خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆزى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ سىمۇولى بولغاچقا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ قالسىمۇ،

ماھىيەتتە ئۇيغۇرلارغا خاس مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالدى. بۇ خۇددى بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويۇپ، ئەرەبلەرگە ئوخشاش كىيىنىۋالغان تەقدىردىمۇ، چىراي شەكلى، مىجەز-خۇلقى، ياشاش تەرزى ۋە ئىستېتىك زوقى جەھەتتىن ھامان ئۇيغۇرلۇقىچە قالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىپ كەتكىنى يوق. مەسىلەن، ئابدۇرىشىتخان زامانىسىدىن باشلاپ بىرقانچە قېتىم رەتلىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە ھازىر ئورتاق ئۇيغۇر مۇقامى دەپ ئاتىلىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بەزىبىر ئايرىم ناملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دولان مۇقاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە ئاتىلىدۇ. قۇمۇل «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ پەقەت بىرىلا پارسچە، «چارگاھ» دەپ ئاتىلىدۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى بار.

ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ يەنە بىر تەسىرى كۈي-ئاھاڭ شەكلىنىڭ «ئون ئىككىلىك» تەرتىپكە سېلىنغان ئەنئەنىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغىمۇ يېتىپ كىرگەنلىكى دېيىش مۇمكىن. بىراق، كۈي-ئاھاڭلارنى شەكىل جەھەتتىن ئون ئىككىگە بۆلۈش ئەرەبلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى ئىبن سىنانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ جىنباۋ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىبن سىنانىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىلار سۇلالىسىگە قاراشلىق بۇخارا بولغانلىقتىن، ئۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پۇقراسى ئىدى.

ھەممىدىن مۇھىمى، مۇقاملارنىڭ كۈي-ئاھاڭ شەكىللىرى ئېتىبارى بىلەن پەقەت ئون ئىككى بولۇشى شەرت ئەمەس. مەلىكە ئامانىساخان بىلەن قىدىرخان ياركەندى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان مۇقاملار ئون يەتتىگە يەتكەن. دېمەك، مۇقامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئون ئىككىلىك» سان مۇتلەق ئۆزگەرمەس مۇقەددەس

سان ئەمەس. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، پارسلارمۇ ئۆز مۇقام-
لىرىنى رەتلەپ يەتتىگە مۇقاملاشتۇغان. ماراكەشتە مۇقاملار
«نەۋبا» دېگەن نام بىلەن ئون بىرگە، لىۋىيەدە توققۇزغا
يەتكۈزۈلگەن.

چالغۇ ئەسۋابلىرى جەھەتتە ئەرەب - ئىسلام مۇزىكا مەدەنى-
يىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان راۋاب، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق بەزى
چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغان. بۇنى ئەرەب
مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەسىرى دېيىش مۇمكىن. ئەمما،
بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەرەبلەرنىڭ مىللىي سازلىرى ئەمەس،
بەلكى پارسلارنىڭ ئىدى. مۇھىمى ئۇيغۇرلار بۇ سازلارنى
ئۆزگەرتىپ، قايتا ئىختىرا قىلدى. مەسىلەن، پارسلار بىلەن ئەرەبلەر
دەسلەپ ئىشلەتكەن راۋاب كامانچا بىلەن چېلىناتتى. قەدىر-
خان ئۇنىڭ ئورنىغا بەش تارلىق راۋابنى ئىختىرا قىلدى.
پارس ۋە ئەرەبلەر ئىشلەتكەن دەسلەپكى تەمبۇرنىڭ يۈزىگە
تېرە تارتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۈچ تارلىق ئىدى، ئۇيغۇرلار ئۇنى
ياغاچقا ئۆزگەرتىپ، بەش تارلىق قىلىشى بىلەن ھازىرقى
ھالەتكە كەلتۈردى. يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار
يەنە پارسلارنىڭ «سەيتارى» بىلەن ھىندىلارنىڭ «ساتارى»
دىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ھازىرقى
ئۇيغۇر ساتارىنى ئىختىرا قىلغان. بۇ ئېيتقانلىرىمىز ئايرىم
مىساللاردىنلا ئىبارەت بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر
مۇقاملىرىنى رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، كۈي - ئاھاڭلارنى شەكىل-
لىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ، مۇئەييەن نام قويۇشتا،
چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش ياكى يېڭىدىن ئىختىرا
قىلىشتا ئەرەب - پارس مۇزىكا مەدەنىيىتى بايلىقلىرىدىن

مەلۇم دەرىجىدە پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ،

يىغىپ ئېيتقاندا، كۇسەن (كۇچا)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋىرغۇل (قومۇل) مۇزىكا سەنئىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ مىلادىيە IV ئەسىردىن باشلاپ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك» (خەنزۇ) مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ۋە «يىپەك يولى» نى بويلاپ غەربكە تارقىلىپ، VI، VII ئەسىرلەردىن باشلاپلا پارس-ئەرەب مۇزىكىسىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ چاغلاردا، ئەرەب مۇزىكىسى تېخى ئىپتىدائىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىدى. ئىسلام دىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ بۇ رايونغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، مەيلى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە مەيلى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى كونكرېت ئەھۋاللار نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ تەرەققىياتىغا ئەرەب-پارس (كېڭەيتىپ ئېيتقاندا ئەرەب-ئىسلام) مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ بىر تارىخىي پاكىت. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام» ئەرەب-پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قاراش ئىنتايىن خاتا بولغىنىدەك، ئەرەب-پارس مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

# قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى*

1

ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى ھازىرقى شىنجاڭ
زېمىنىنىڭ (جۈملىدىن، ئۇنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى قۇمۇل دىيا-
رىنىڭ) ئۇزۇن يىللىق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇ ئۇزاق
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، بۇ زېمىندا ماددىي ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەتنىڭ بىر قەدەر بالدۇر باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.
بولۇپمۇ، چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)دىن شەرقىي رىم ۋە يېقىن
شەرقىچە سوزۇلغان قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇشۇ زېمىن-
دىن ئۆتكەنلىكى، ئۈچ بۈيۈك مەدەنىيەت (يەنى تۇنتۇرا تۈز-
لەڭلىك، ھىندى، يۇنان - مېسوپوتامىيە مەدەنىيەتلىرى)، ئۈچ بۈ-
يۈك دىن (بۇددا، خرىستىئان، ئىسلام دىنلىرى)، ئۈچ بۈيۈك
تىل (ئالتاي - ئورال، ھىند - ياۋروپا ۋە خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى)
سىستېمىسىنىڭ مۇشۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر -
بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەنلىكى نەتىجىسى-
دە،بۇ زېمىن دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن
بىرى بولۇپ قالغانىدى...ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى بولغان
مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ راۋاج تېپىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرار-
لىق سەۋىيىگە ئېرىشكەنىدى. ئەنە شۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ
پارلاق نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان
باي ۋە جىلۋىدار مۇزىكا مەدەنىيىتىدۇر.

تارىخىي ماتېرىياللار شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇكى، مىلا-

---

* بۇ ماقالە 1993 - يىلى «قۇمۇل مۇقامى» ناملىق كىتابقا كىرىش سۆز سۈپىتىدە يېزىلغان.

دى I ئەسىردىن بۇرۇنلا ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىدا سۇلى
(قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئېۋ-
ىرغول (قۇمۇل) نەغمىسى دەپ ئاتالغان مۇزىكا سەنئىتى مەيدانغا
كېلىپ، ھەتتا ئەتراپتا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. مىلادى-
دىن بۇرۇنقى II ئەسىردە باربۇد (پىپا) نىڭ ھازىرقى شىنجاڭ-
دىن شەرقتە ئىچكى ئۆلكىلەرگە، غەربتە پارس ۋە ئەرەبلەرگە
تارقالغانلىقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان لى يەننىيەنىڭ
ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشلىگەن «مۇقدۇر» نەغمىسى ئاساسىدا 28
كۈي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ھەربىي ئوركېستىرغا سەپلىگەنلىكى،
مىلادى VI ئەسىردە كۇسەنلىك مۇزىكا پىرى سۇجۇپنىڭ ئىچ-
كى ئۆلكىلەرگە بېرىپ كۇسەن نەغمىسىنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە-
سىنى كەڭ تارقاتقانلىقى، تاڭ دەۋرىدە ياشىغان گاۋشى، سىڭ
سىڭ، ۋۇيۇەن، بەي جۈيىي، ۋاڭ جىيەن، لى دۇەن قاتارلىق
بىر مۇنچە شائىرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تەرىپى-
دىن يارىتىلغان ناخشا-ئۇسسۇللار ھەققىدە يازغان مەدھىيىلىرى
بۇنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ
قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ
ئاتالغانلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ھال ئەمەس. دەرۋەقە، ناخشا-
ئۇسسۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ۋە
ئائىلىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئاتا مىراس ئەنئەنىسى
بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بۇۋاق بۆشۈككە تېڭىلغان كۈندىن
باشلاپلا ئانىسىنىڭ ئەللەي كۈيىنى ئاڭلاشقا باشلايدۇ، ئۇ تاكى
ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ناخشا-ئۇسسۇل دۇنياسى ئىچىدە
ياشايدۇ. ئۇيغۇرنىڭ شاد-خۇراملىقىمۇ ناخشا، غەم-قايغۇ-
سىمۇ ناخشا، ئارزۇ، ئارمانىمۇ ناخشا، سۆيگۈ-مۇھەببىتىمۇ
ناخشا، غەزەپ-نەپرىتىمۇ ناخشا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان

ئۇيغۇر كىشىلىرىدىن ناخشا ئېيتالمايدىغىنى، ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغىنى بولمايدۇ. بۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەلنەغمىسى تۈپ ماھىيىتىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادى، ھەتتا شۇنداق ھاللار بولىدۇكى، مەلۇم ناخشا كۈي ياكى تېكىستلەرنى ئىجاد قىلغان خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن كومپوزىتورلارنىڭ ناملىرىمۇ مەلۇم زاماندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئىجادىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇ نۇقتىدىن نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئات - جۇنى مەلۇم بولغان قوشاقچى، بەستىكار ۋە رەققاسلارنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىغا تامچە - تامچە بولۇپ قوشۇلۇپ پۈتۈن بىر ئۇيغۇر ئەلنەغمىسى دېڭىزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

مىلادى XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مۇزىكا پىرلىرى قىدىرخان ياركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىساخان ئەنە شۇ بىپايان سەنئەت دېڭىزىغا خۇددى جاسارەتلىك غەۋۋاسلاردەك شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن بىباھا دۇررى - گۆھەرلەرنى تېرىپ چىقىپ، ئۇلارنى مۇزىكا ئىلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە رەتلەپ مۇئەييەن بىر سىستېمىغا سالدى ۋە ئۇلارنى يۈرۈشلەشكەن ئون ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىپ ھەر بىرىنى بىر «مۇقام» دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى كلاسسىك ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى شەكىللەندى.

2

«مۇقام» — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئورۇن، مەرتىۋە، دەرىجە؛ ئىككىنچىدىن، كۈي ئاھاڭ ياكى ناخشا دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. مۇزىكا ئىلمىدە بۇ سۆزنىڭ ئەنە شۇ ئىككىنچى مەنىسى ئىشلىتىلىپ، مۇئەييەن بىر سىستېمىغا چۈشۈرۈلگەن ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك نەغمىلەر

«مۇقام» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان-
دىن كېيىن، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ،
ئالدى بىلەن تىل ھادىسىسىدە ئىپادىلەندى. ئىلىم-پەن ۋە
ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ ئەرەب-
پارس سۆزلىرى كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى. ھەتتا
كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئەرەبچە قويۇلىدىغان ھالەتكە يەتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇستاز قېدىرخان ياركەندى بىلەن مەلىكە
ئامانىساخانىنىڭ ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنى «مۇقام» دەپ ئاتىشى
ۋە ھەر مۇقامغا ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەر بىلەن نام بې-
رىشى ھەيران قالارلىق ھادىسە ئەمەس. شۇنى ئالاھىدە تەكىت-
لەپ ئۆتۈش لازىمكى، قېدىرخان ياركەندىدىن تاكى يېقىنقى
زامانلارغىچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەممە
ناملىرى ئەرەبچە ياكى پارسچە دېيىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، شىنج-
جاڭدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تەتقىقاتى
نەتىجىسىدە ئون ئىككى مۇقام ناملىرىنىڭ ھەممىسىلا ئەرەبچە
ياكى پارسچە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە
سۆزلەردىن ئېلىنغانلىقى مۇئەييەنلەشتى. بۇ پاكىتلار ئۇيغۇر
مۇزىكا مەدەنىيىتىگە «مۇقام» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ كىرىپ
قېلىشى ياكى مەلۇم بىر زامان ھەر بىر مۇقامغا ئەرەبچە ياكى
پارسچە ناملار تامغىسىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىغا قاراپلا «ئون
ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارغا ئەرەبلەر ياكى پارسلاردىن كەلگەن
دېگەن گەپلەرنىڭ نەقەدەر ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
دەرۋەقە، بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە ئەرەبچە ئىسىم قويۇپ، ھەتتا
ئەرەبچە سۆزلەپ، ئەرەبچە كىيىنىۋالغان تەقدىردىمۇ ھەر-
گىز ئەرەب بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ مىللىي پىسخىكىسى
(مىجەز-خۇلقى) ياشاش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش پەرزى بىلەن
يەنىلا ئۇيغۇردۇر.

ھەممىدىن مۇھىمى قېدىرخان يەركەندى بىلەن مەلىكە ئامانىساخان ئون ئىككى مۇقامنى ئەرەب ـ پارس زېمىنىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ مۇزىكا بايلىقىدىن ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىن ـ تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىن، يەكەن دەريا ۋادىسى (دولان يېزىلىرى)، تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ۋە قۇمۇل بوستانلىقى، قىسقىسى ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىندىن قېدىرىپ تاپتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي پەخىركىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ياشاش ۋە سۆزلەش تەرزى بويىچە رەتلەپ سىستېمىغا سالدى، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ بايلىقنى تېپىشىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت(تۇرپان)، ئىبۇرغۇل(قۇمۇل) نەغمىلىرى تارىخىي مەنبە بولدى. چۈنكى، ئۇلار رەتلىگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ياراتقان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر.

### 3

ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرىمۇ قەدىمكى ئىبۇرغۇل نەغمىسىنىڭ داۋامى ۋە مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجىدۇر.

ئىبۇرغول — قۇمۇل دىيارىنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىزاھلىنىشىچە، «ئىبۇر» ئۇزۇنچاق ياكى ئۇچلۇق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىكەن. دەرۋەقە، قۇمۇلنىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشلىنىپ، بۇغاز رايونى ئەتراپىدا ئاياغلىشىدىغان غولغا نەزەر سالساق ئۇنىڭ ئۇزۇنچاق ياكى ئۇچلۇق شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇڭىدىن «ئىبۇرغول» دېگەن نام كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. خەنزۇ تىلىدىكى «يىۋۇلۇ» دېگەن سۆز «ئىبۇرغول»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى (ئاھاڭ ئىزاھى) بولۇپ، شەرقىي

خەن سۇلالىسى (ملادى I ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى) دىن
باشلاپلا يازما ھۆججەتلەرگە كىرگۈزگەن.
ئۇيغۇرغولدا ملادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىلا شەھەر بىنا
بولۇشقا باشلاپ، دەسلەپ «كۈنمۇلى»دەپ ئاتالغان. «غەربىي
يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرى» دېگەن كىتابتا ئىزاھ-
لىنىشىچە ھازىرقى قارا دۆۋە (توغرىسى قارا تۆپە)دە دەسلەپ
بىنا بولغان شەھەر «قارامىل» دەپ ئاتالغان. «قارامىل» — يې-
راقنى كۆزىتىدىغان تۆپىلىك، دۆڭ ياكى ئېگىزلىك دېگەن مە-
نىلەردە ئىكەن. XI ئەسىردىن باشلاپ «قارامىل» سۆزى «قامىل»
دەپ كېيىنچە «قامۇل» ۋە ئاخىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىسى بويىچە «قۇمۇل» دەپ تەلەپپۇز
قىلىنىدىغان بولغان. خەنزۇ تىلىدىكى «خامى» (哈密) دېگەن
سۆزمۇ ئەنە شۇ «قارامىل» (哈勒密勒) نىڭ قىسقارتىلىپ يېزى-
لىشى ئىكەن.
تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرغول نەغمىسى سۇي،
تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى، يەنى ملادى IV، VI ئەسىرلەردىن
باشلاپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا ۋە كۇسەن نەغمىسى
بىلەن بىر قاتاردا خان ئوردىلىرىدىن تارتىپ جامائەت سورۇن-
لىرىدا قىزغىن ئالقىش ۋە چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا
باشلىغان. بولۇپمۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (ملادى VII، IX
ئەسىرلەر) شەرقتە چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)، غەربتە ئەرەب
خەلىپىلىرىنىڭ پايتەختى باغدات دۇنيانىڭ ئىككى چوڭ مەدە-
نىيەت سەنئەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. خان ۋە خەلىپىلەرنىڭ
مۇھتەشەم (ھەشەمەتلىك) ساراي - ئوردىلىرىدا دۇنيانىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاتاقلىق مۇغەننى (نەغمە ۋە ناخ-
شا ئۇستىلىرى ھەم رەققاسلار، ئۇسسۇل ماھىرلىرى) بەس - بەستە
ماھارەت كۆرسەتتى. يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ملا-

دى VI ئەسىردە كۇسەننىڭ مۇزىكا پىرى سۇجۇپ چاڭئەنگە بېرىپ ماھارەت كۆرسەتكىنىدەك، مىلادى VII ئەسىردە شاش (ھازىرقى تاشكەنت)، بۇخارا، سەمەرقەند، كۇشانىيە ئەللىرىدىنمۇ چاڭئەنگە مۇزىكا ماھىرلىرى كېلىپ ماھارەت كۆرسەتكەن، شۇلارنىڭ بىرى سەمەرقەندلىك قۇتلۇق دېگەن مەشھۇر مۇغەن-نى ئىدى. بىراق، شۇنداق سورۇنلاردا يەنىلا كۇسەن نەغمىسى بىلەن ئىپۇرغول نەغمىسى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئىكرامغا سازا-ۋەر ئىدى.

بۇ چاغلاردا ئىپۇرغول نەغمىسى ئاللىقاچان يۇرۇشلەشكەن چوڭ ھەجىملىك نەغمە سىستېمىسىغا يۈكسىلىپ، ئىپۇرغول چوڭ نەغمىسى (يىجۇ داچۇي) دېگەن نام بىلەن شەرقتە خەنزۇ مۇزىكا سەنئىتىگە، غەربتە قۇجۇ نەغمىسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىپۇرغول نەغمىسىمۇ كۇسەن نەغمى-سىگە ئوخشاشلا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىپۇرغول نەغمىسىنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، سەۋىيە جەھەتتىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ۋە شۇ زاماندىكى خەنزۇ مۇ-زىكا سەنئىتىگە خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇ.

4

ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرى ئەنە شۇ ئىپۇرغول نەغمىسى-نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى ھالەت-كە يەتتى. بىر قىسىم مۇقامشۇناسلار قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر كلاس-سىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ ھېسابلاي-دۇ. دەرۋەقە، قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى

مۇقامى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئورتاقلىقلار مەۋجۇت. ئەمما، قۇمۇل مۇقاملىرى، جۈملىدىن باشقا يۇرتلاردىكى يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئايرىم تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر تېما. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى.

بىرىنچى، قەدىملىك، ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرى قەدىمكى ئېۋىرغول نەغمىسىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى ۋە راۋاجى بولغانلىقى ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھەقتە بىرمۇنچە تارىخىي پاكىتلار بايان قىلىندى.

ئىككىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرى مۇزىكا تۈزۈلۈشى ۋە ئورۇندىلىشى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا جايلاردىكى مۇقاملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مۇقامشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، قۇمۇل مۇقاملىرى ئون ئىككى باش مۇقام، 19 نەغمە (ياكى شۆبە)، 258 خىل ئاھاڭ (ناخشا)دىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىر يۈرۈش مۇقامنىڭ ئۆزى مۇقام (ياكى مۇقەددىمە)، ناخشا ۋە ئۇسسۇللۇق ناخشىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يالغۇز كىشىلىك غىجەك بىلەن باشلىنىدىغان مۇقام (مۇقەددىمە) ئۇزۇنغا سوزۇلماي پەقەت ئىككى ياكى ئۈچ كۇپلېت تېكىست بىلەنلا ئاياغلىشىپ، باشقا سازلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ناخشا باشلىنىدۇ، ئۇسسۇللۇق ناخشىلار باشلانغان ھامان ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. مۇقاملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا بولۇپ، ھەممە مۇقامنىڭ ئىچىدە سەنەم، مەشرەپ نەغمىلىرى بولىدۇ. بەزى مۇقاملارنىڭ ئورۇندىلىشى مەشرەپ شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرىدا تەزە، نۇسخە، سەلقە، جۇلا، مەرغۇل قاتارلىق شەكىل ۋە تەركىبلەر بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرىدا ئېيتىلىدىغان ناخشا تېكىستلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مەنبە قىلغان، ھەتتا مۇقام ياكى مۇقەددىمە نەغمىلىرىمۇ شۇنداق،

يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىدىكىگە ئوخشاش ھەر بىر مۇقامنى مۇئەييەن بىر كلاسسىك شائىرنىڭ مەلۇم غەزىلىنى تولۇق ئېيتىش بىلەن باشلاش شەرت قىلىنمايدۇ. مەلۇم بىر كلاسسىك شائىرنىڭ غەزىلىنى ئېيتىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، شۇ غەزەلنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن ياكى خەلققە چۈشىنىشلىك بولغان قىسمەن مىسرالىرىلا ئېيتىلىدۇ. بۇ ھال قۇمۇل مۇقاملىرى تېكىستلىرىنىڭ ئاممىباب بولۇشىغا زېمىن يارىتىپ بەرگەن.

تۆتىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرىغا مەنبە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، شەكىل ۋە تۈرلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئاھاڭلىرىنىڭ مۇڭلۇق يېقىملىقلىقى، تىلىنىڭ چۈچۈك ۋە خەلققە يېقىنلىقى، سان جەھەتتىمۇ كۆپ بولۇشلۇقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇمۇل دىيارىدا توپلانغان خەلق قوشاقلىرى (جۈملىدىن قەھرىمانلىق داستانلىرى) تەخمىنەن 10 مىڭ كۇپلېت، يەنى 40 مىڭ مىسرادىن ئوشۇق ئىكەن. بۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى پۈتۈن ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئورتاق بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى قۇمۇل دىيارىنىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ياچىبەگە، ئۆمەر باتۇر، ئىسلام بېگىم، زىنداندىكى توختاخۇن، تۆمۈر خەلپە، غوجىنىياز ھاجى قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان ئېپىك داستانلار، ئايىمخان، سادىر پالۋان، قاسىم پالۋان قاتارلىق قەھرىمان شەخسلەر ھەققىدىكى قوشاقلار خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

بەشىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ناملىرىمۇ ئۆزگىچە، يەنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ناملىرى ئاساسىدا بىرمۇنچە مۇقاملارغا يەرلىك ناملار بېرىلگەن. ھەتتا كۆپ ھاللاردا مۇقاملار شۇ يەرلىك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: چوڭدۇر

مۇقامى، ئۇلۇغدۇر مۇقامى، مۇستەزات ياكى يالغۇز تۇيغۇن مۇ-
قامى، خۇپتى مۇقامى دېگەنگە ئوخشاش مۇقام ناملاردىن باشقا
ئادەتتە چەبىيات مۇقامى - «جانىكەم»، مۇشاۋۇرەك مۇقامى - «دەردىگ-
گە داۋا»، ئۆزھال مۇقامى - «دەردىلىۋا»، ئىراق مۇقامى «چوڭ
دەردىڭ يامان»، دۇگا مۇقامى - «كىچىك دەردىڭ يامان»، راك مۇ-
قامى - «سايراڭ بۇلبۇلۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر خۇسۇسىيەت، يەنى مۇقاملارنىڭ خەلق روھى، خەلق پىسخىكىسى، مىجەز - خۇلقى، ئەدەب - ئەردەم (پەزىلەت) ئامىللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، يۇغۇرۇلۇپ كېتىدىغان خۇسۇسىيىتى قۇمۇل مۇقاملىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ئاساسەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بەزىدە مۇڭلۇق، ئەۋرىشىم، مۇلايىم ۋە سىلىقلىقىدا، بەزىدە قاينام، تاشقىنلىق ئەزىم دەريادەك دولقۇنلىنىپ، كىشى قەلبىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدىغانلىقىدا نامايان بولىدۇ. ئادەتتە بىر غىجەك، بىر - ئىككى داپ بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان مۇقام كۈيلىرىنىڭمۇ كىشى قەلبىگە چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بېغىشلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قۇمۇل مۇقاملىرى تېخى تولۇق قېزىپ رەتلەش، قايتا ئىشلەش، تولۇقلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش باسقۇچىنى بېشىدىن تولۇق ئۆتكۈزمىدى. ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىدائىيلىق ئامىللىرى مەۋجۇت. ياشانغان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئەسلىدە 72 شۆبە، 360 ئاھاڭدىن تەركىب تاپقانىكەن. ئەپسۇسكى ھازىر ئازانلا 258 ياكى 270 ئاھاڭ ساقلىنىپ قالغان. دېمەك قېزىش، قۇتقۇزۇش، رەتلەش ۋە تولۇقلاش جەھەتلىرىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە، بۇ قىممەتلىك مىللىي مىراسىمىز تېخىمۇ بېيىغان بولاتتى.

## قوشۇمچە:

### ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ئەسەرلىرى كاتالوگى

### I. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر

1. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1980 ـ يىل 8 ـ، 7 ـ سانلىرى).

2. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇبائىي ژانىرى توغرىسىدا» (يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 1981 ـ يىل ئاۋغۇست سانى؛ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلى» بېيجىڭ 1981 ـ يىل 4 ـ سان).

3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 1 ـ سانى).

4. «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سانى).

5. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى ـــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ» («شىنجاڭ داشۆ» ئىلمىي ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 3 ـ سانى).

6. «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە ــ ‹قۇتادغۇبىلىك›» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 11 ـ ئاي)

7. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى» («تارىم» ژۇرنىلى 1984 ـ يىل ئاۋغۇست سانى).

8. «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتى» (بېيجىڭ «مىللەتلەر

ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 يىل فېۋرال).

9. «تاتار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تەسىرى مەسىلىسى» («شىنجاڭ داشۆ» ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 - يىل 2 - سانى).

10. «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە ئارۇز ۋەزنى» (شىنجاڭ قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1986 - يىل).

11. «〈12 مۇقام〉 نىڭ تارىخىي مەنبەسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ژۇرنىلى 1989 - يىل سېنتەبر سانى).

12. «مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللەت تەرەققىياتى» («شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلىدا 1988 - يىل 9 - ماي سانى).

13. «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1986 - يىل ئاۋغۇست، ئۆكتەبر سانلىرى).

14. «〈قۇتادغۇبىلىك〉 تە ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەت تېمىسى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1989 - يىل نويابىر سانى).

15. «〈قۇتادغۇبىلىك〉 تە بايان قىلىنغان ھەربىي ئىلىم نۇقتىئىنەزەرلىرى» («جەڭ غەلىبىسى» گېزىتىنىڭ 1985 - يىل 30 - ماي سانى).

16. «〈تۈركىي تىللار دىۋانى〉 ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا» (خەنزۇچە، ئىنگلىزچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى 85 - يىل 1 - سان).

17. «يىپەك يولىدىكى ناخشا ئاۋازى» (1990 - يىل،

ئاۋغۇست، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى» خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن يېزىلغان. «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1990 - يىل ئاخىرىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان).

18. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى توغرىسىدا» («تارىم» ژۇرنىلى).

19. «〈12 مۇقام〉 غا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنال 1992 - يىل فېۋرال سانى).

20. «رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرى» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1993 - يىل مارت سانى).

21. «〈قۇتادغۇبىلىك〉 نىڭ شېئىرىي قىممىتى توغرىسىدا» (1993 - يىل 19 - ئۆكتەبىردىن 23 - ئۆكتەبىرگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك» بويىچە خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىسى، «تارىم» ژۇرنىلى 1993 - يىل 9 - سانىدا بېسىلغان).

22. «قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى» (1993 - يىل 25 - سېنتەبىردىن 29 - سېنتەبىرگىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «قۇمۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان ۋە «قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان).

23. «مىللەت ساپاسى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1994 - يىل 4 - سانى).

24. «ئۇيغۇر مىللىي تىياتىرچىلىقىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى» (1943 - يىل ئۆكتەبىر، «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان).

25. «نەۋائى چىغىرىنى بويلاپ» (1947 - يىل دېكابىر، «ئەرك» گېزىتىدە بېسىلغان)

26. «خەنزۇ تىلىدىكى پېئىللارنى توغرا تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى» («تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1957 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

## II ئىلمىي لېكسىيىلەر

1. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا» (1979 - يىل ئاۋغۇست، شىنجاڭ داشۆدە سۆزلەنگەن).

2. «قەشقەر دىيارىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى» (1984 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي يىغىندا سۆزلەنگەن).

3. «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە قاراشلىرىم» (1985 - يىل ماي، تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزلەنگەن).

4. «تارىخىي رومانىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا» (ئۇيغۇر رومانچىلىقى ھەققىدە 1986 - يىل ئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن).

## III ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر

1. «ليۇخۇلەن» (1953 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

2. «ئلى يۇسەي قوشاقلىرى» (1953 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

3. «خۇاڭ جىڭگۇاڭ» (رومان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1959 - يىل نەشر قىلىنغان).

4. «سەي ۋېنجى» (دراما، 1979 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

5. «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» (2 - قىسىم) (1983 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

IV ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان ئىجادىي ئەسەرلەر

1. «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» (داستان 1942 - يىل «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان).

2. «بىر تامچە قان» (دراما، 1942 - يىلى يېزىلغان ۋە ئوينالغان).

3. «چىن مودەن» (دراما، ل. مۇتەللىپ بىلەن بىللە يازغان، 1944 - يىلى ئوينالغان).

4. «يۈرەك مۇڭلىرى» (توپلام، 1946 - يىل لەنجۇدا نەشر قىلىنغان).

5. «تارىم بويلىرى» (توپلام، 1948 - يىلى نەشر قىلىنغان).

6. «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» (داستان، 1979 - يىل).

7. «قەشقەر كېچىسى» (داستان، 1982 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

8. «ئىز» (تارىخىي رومان، 1988 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

9. «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (توپلام، 1985 - يىل شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

10. «ئويغانغان زېمىن» (تارىخىي رومان، 1 - قىسىم، 1988 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر).

11. «ئويغانغان زېمىن» (تارىخىي رومان، 2 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان)

责任编辑：魏力
责任校对：海日尼沙·阿斯木
封面设计：刘培勤

宝 库 入 门（维吾尔文）
（论文集）
阿·吾铁库尔

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 9.875印张 3插页
1996年6月第1版 1996年6月第1次印刷
印数：1—— 4,000

---

ISBN 7-228-02956-9/K·305 定价：15.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ۋدلى
مەسئۇل كوررېكتورى : خدىرىنسا ئاسم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ليۇپېيچىن

خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا
( ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى )
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مم 32 / 1 باسما تاۋىقى : 9.875
1996 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1996 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4.000 ــ 1
ISBN7-228-02956-9/K·305
باھاسى : 15.00 يۈەن